ISSN 1006－4338

# قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى
# ئىلمىي ژۇرنىلى

## JOURNAL OF KASHGAR TEACHERS COLLEGE



ISSN 1006-4338

2001.1

# مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەكچىسى



▲ قاراخانىلار دەۋرىگە تەۋە بولغان، ئۈستى ۋە يان - ئەتراپىغا ئالاھىدە ھايۋان سۈرىتى، يېزىق ۋە ئالاھىدە شەكىل، نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن ياپقۇچلۇق تۇچ قۇتا.

خوتەن ئاتچۈي ئوت ئېلىپكتىر ئىستانسىسى قۇرۇلۇش ئورنىدىن 1989 - يىلى ئۇچرىتىلغان.

(سۈرەتلەرنى نىزامىدىن توختى ئەۋەتكەن)



▶ يۇرۇڭقاش دەريا ئاياغ (شىمالىي) ئېقىن ئورنى قۇملۇقىدىن ئۇچرىتىلغان قۇتىغا، خوتەن ئاتچۈي ئوت ئېلىپكتىر ئىستانسىسى قۇرۇلۇش ئورنىدىن ئۇچرىتىلغان نامەلۇم قاچا ئېغىز ياپقۇچىسىنى سېلىپ باب كەلگەندىكى فوتو سۈرەت.

قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى
2001 - يىل 1 - سان
(ئومۇمىي 112 - سان)
22 - يىل نەشرى

باش مۇھەررىر
لى جۇالۇڭ
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر
مۇتەللىپ سىدىق

# بۇ ساندا

## سىياسىي - نەزەرىيە

1 سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى ۋە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمىتى ........................ بۇۋىھەجەر مەجىد
8 غەربىي قىسمىنى ئېچىش - غەربىي قىسىم ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرى ........................ نۇربىيە ھاجى زۇلپىيە ھاجى

## پەلسەپە

10 تەبىئەت دىئالېكتىكىسىنىڭ ماركسىزملىق پەلسەپىسىدىكى ئورنى ۋە رولى توغرىسىدا ........................ ئابدۇقادىر نۇر

## مائارىپ باشقۇرۇش

14 ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مىللىي ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرلىرى قوشۇنىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش (1) ........................ ئابدۇلھەمىد ھەكىم
20 ئالىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش قوشۇنى قۇرۇلۇشىدا ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك بىرقانچە مەسىلە ........................ مۇھەممەدئەمىن توختى
26 ئەخلاق تەربىيىسى ئارقىلىق باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، باشقۇرۇش ئارقىلىق ئەخلاق تەربىيىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدا ........................ توختى ئەيىندىن

## تارىخ - تەزكىرە

30 جۇڭغار خانلىقىنىڭ خاقانلىرى ........................ نۇرۇللا مۇئمىن يۇلغۇن ئەركىن ئۆمەر
36 شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زاماندىكى تاشقى سودىسىغا نەزەر ........................ ئايىمگۈل قابىل
40 خوتەن ۋىلايىتىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى (1) ........................ ئە. ئاتاۋۇللا ئا. تۇرسۇن
55 جۇڭگو تاجىكلىرى ئارىسىدىكى داڭلىق ئۆلىما - سەيىد ئابدۇلئەزىزخان مەۋلابەخش ........................ جاببار ياۋاسار بازارباي

## دىن - مەدەنىيەت

57 مانى دىنى ۋە ئۇيغۇرلار ........................ ئابدۇرەھىم مۇھەممەد
62 ئەرەب كىشى ئىسىملىرى ۋە ئەرەب مەدەنىيىتى ........................ ئا. مۇھەممەد م. سىدىق تەرجىمىسى
70 دەرسخانا ئوقۇتۇشىدا مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى بىرلەشتۈرۈش مەسىلىسى ........................ ئالىنۇر ئابدۇرەھمان ئارزۇگۈل ئابدۇرەھمان

## پسىخولوگىيە

75 ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردە پسىخىكىدىن مەسلىھەت بېرىش ئورۇنلىرىنى تەسىس قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكى توغرىسىدا ........................ رەھمىتاي ئابدۇۋەلى

## ئوقۇتۇش ئەتقىقاتى

79 نىشانلىق ئوقۇتۇشنىڭ دەرسخانا سىرتىدىكى مۇناسىۋەتلىك مەشغۇلاتلىرىغا سەل قارىماسلىق كېرەك ........................ نىجات سوپى
86 ئوقۇتۇش ئوبيېكتىنى ئەتراپلىق تونۇش - ئالىي پېداگوگىكا مەكتەپلىرىدە ئومۇمىي پسىخولوگىيە دەرسى ئوقۇتۇشىدىكى مۇھىم ھالقا ........................ تۇردىگۈل ساماخۇن
92 ئۇيغۇر تىلى دەرسلىكلىرىدىكى ئاددىي سان ۋە مۇرەككەپ سانلارنىڭ تەبىرلىرى توغرىسىدا ........................ خەلىل غوپۇر
95 ئىنگلىز تىلى كەسپىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا ئوقۇشلۇق دەرسىنى ئۆتۈشتە ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك بەزى مەسىلىلەر ........................ ماھىنۇر ئابدۇغوپۇر

## كۇتۇپخانىچىلىق

97 «جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى كۇتۇپخانىلىرىنىڭ كىتابلارنى تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى» دىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تۈرى توغرىسىدا ........................ سىدىق ئىسمائىل ھۆرنىسا ئابدۇللا

## باشقىلار

101 ئىنستىتۇتىمىزنىڭ 2000 - يىللىق ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرى ........................

(مۇقاۋىدا: مەھمۇد قەشقەرى مازىرىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنىشى)

喀什师范学院学报
2001 年第 1 期
(总第 112 期)
第 22 卷
主编
李化龙
副主编
木太力普·斯迪克

# 目 录


**政治 理论**

持续发展战略和高校思想政治工作…… 布外洁尔·麦吉德
西部开发是发展西部经济的战略措施 …… 努尔比也·哈吉 祖力皮也·哈吉

**哲 学**

谈自然辩证法在马克思主义哲学中的地位和作用…… 阿布都卡迪尔·努尔

**教育管理**

我区民族中小学校长队伍现状初探(1) …… 阿布力米提·海克木
高校教学管理队伍建设中应引起注意的若干问题…… 穆罕默德艾明·托合提
试论通过德育加强管理,通过管理促进德育 …… 托合提·艾尼丁

**史 志**

准噶尔汗国的可汗们 …… 努·木民 艾·吾买尔
看新疆近代外贸事业…… 阿衣木姑丽·卡比力
和田地区文物遗址(1)…… 艾·阿塔吾拉 阿·图尔逊
中国塔吉克族中的著名人士 — 赛伊德·阿布都力艾孜则罕·毛拉拜合西 …… 加·巴扎尔巴伊

**宗教 文化**

马尼教与维吾尔人…… 阿布都热伊木·穆罕默德
阿拉伯人名与阿拉伯文化 …… 阿·穆罕默德 木·斯迪克译
课堂教学与文化传统相结合的问题 …… 阿丽努尔 阿尔祖姑丽

**心 理 学**

在中小学设立心理咨询服务点的必要性…… 热合玛衣·阿布都外力

**教学研究**

不能忽视目标教学有关的课外活动…… 尼加提·苏皮
全面认识教学对象是师范院校普通心理学教学的重要环节…… 图尔迪姑丽·莎玛洪
维语教材中关于基数与复数的定义…… 海里力·吾普尔
给英语专业班学生上阅读课时应注意的几个问题…… 玛依努尔·阿布都吾普尔

**图书馆学**

浅谈《中国科学院图书馆图书分类法》中的少数民族文学分类 …… 斯·司马义 玉·阿布都拉

**其 它**

我院 2000 年度科研成果情况……


(封面:麻赫穆德·喀什噶里陵墓全景)

# سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى ۋە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمىتى

بۇۋىھەجەر مەجىد
(ئىنستىتۇتىمىز ئوقۇغۇچىلار خىزمىتى باشقارمىسى)

سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى دۇنياۋى خاراكتېرلىك يېڭى تېما، يېڭى كۆز قاراش ۋە يېڭى ئىستراتېگىيە. ئۇنى ئەنئەنىۋى تەرەققىيات كۆز قارىشى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئادەمنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇ ئادەم بىلەن تەبىئەت، ئايرىملىق بىلەن ئومۇملۇق، بۈگۈن بىلەن كەلگۈسىنى تەڭشەپ، ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىدىغان، ئىنسانلارنى يىراق مەزگىللىك ۋە سىجىل تەرەققىي قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىدىغان ئىدىيە ۋە كۆز قاراشتۇر. پارتىيە 14 - قۇرۇلتىيىدا: سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىكى ئىختىساس ئىگىلىرى ئەتراپلىق تەرەققىي قىلغان بولىدۇ دەپ كۆرسىتىلگەن. جياڭ زېمىن پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىدا بۇ مەسىلىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا بايان قىلىپ: «جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم ئىقتىساد، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق تەرەپلەرنى ماسلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرىدۇ» ① دەپ كۆرسەتتى. شۇڭا، ئىختىساسلىقلار ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈپ، جەمئىيەتنىڭ سىجىل تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش - ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمىتىگە نىسبەتەن يېڭى تەلەپ ۋە ۋەزىپىلەرنى قويىدى، شۇنداقلا ئالىي مەكتەپلەر ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتىنى يېڭى نىشان ۋە تەپەككۇر يولى بىلەن تەمىنلىدى.

## 1. سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى

سىجىل تەرەققىيات دېگىنىمىز - هازىرقى ئېھتىياجنى قاندۇرىدىغان ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ ئۆز ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويمايدىغان تەرەققىيات بولۇپ، ئۇ، ھەرگىز دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز يەتكۈزىدىغان مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. بۈگۈنكى دۇنيادا ھەر بىر دۆلەت ۋە مىللەت ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىدۇ. ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردە تەرەققىياتنىڭ مەنىسى ۋە ئۇسۇلى توغرىسىدىكى چۈشەنچە ئوخشاش بولمايدۇ. 1987 - يىلى دۇنيا مۇھىت ۋە تەرەققىيات كومىتېتى «بىزنىڭ ئورتاق كېلەچىكىمىز» دېگەن مەخسۇس دوكلاتنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1987 - يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مۇھىت مەھكىمىسىنىڭ 15 - نۆۋەتلىك كېڭەش مەجلىسى «سىجىل تەرەققىيات توغرىسىدىكى بايانات» نى ماقۇللىدى. بۇ 1992 - يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مۇھىت - تەرەققىيات يىغىنىدا پۈتۈن دۇنيانىڭ ئورتاق قوللىشىغا ئېرىشتى.

تارىخىي نۇقتىئىنەزەر بىلەن قارىغاندا، سىجىل تەرەققىيات ئۇقۇمى مۇھىت مەسىلىسى ئىنسانلارنىڭ ياشىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا خەۋپ يەتكۈزۈۋاتقان، ئەنئەنىۋى تەرەققىيات ئەندىزىسى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئېغىر دەرىجىدە چەكلەپ تۇرۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئەنئەنىۋى تەرەققىيات نۇقتىئىنەزىرى ئۈستىدە قايتا ئويلىنىشى ۋە يېڭىلىق يارىتىشى

بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 18 - ئەسىردىكى سانائەت ئىنقىلابىدىن بۇيان ھۆكۈم سۈرۈپ كەلگەن سانائەتلەشتۈرۈش ۋە ئىقتىسادنى ئاشۇرۇشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان ئەنئەنىۋى تەرەققىيات ئۇقتىئىينەزىرى پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە سانائەتلەشتۈرۈش بارلىققا كەلتۈرگەن ئىقتىسادنىڭ تېز سۈرئەت بىلەن ئېشىشىغا ئۈمىدۋار نەزەر بىلەن قارىغان ئىدى. بولۇپمۇ 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇيان ئۇرۇشتىن كېيىنكى قايتا قۇرۇش كۈچلۈك ئارزۇسى ئىچىدە تۇرۇۋاتقان ھەرقايسى دۆلەتلەر ئىقتىسادنى تېز سۈرئەت بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشنى قوغلاشقانلىقتىن، ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان ئېشىش قىزغىنلىقى بارلىققا كەلدى. بۇ ۋاقىتتىكى تەرەققىيات خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنى ياكى مىللىي دارامەتنى كۆپەيتىشنى ئاساسىي نىشان، سانائەتلەشتۈرۈشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان ئىدى. ئىقتىسادنىڭ بۇنداق ئېشىشى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان ماددىي بايلىقلارنى يارىتىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى. لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىرقاتار مەسىلىلەرمۇ كېلىپ چىقتى. ئاساسلىقى تەبىئىي بايلىقلار ھەددىدىن زىيادە كۆپ ئىچىلدى ۋە خورىدى، بۇلغىغۇچى ماددىلار تەبىئەتكە كۆپلەپ قويۇپ بېرىلدى. بۇلار يەر شارى خاراكتېرلىك بايلىقنىڭ يېتىشمەسلىكى، مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى ۋە ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. كىشىلەر ئىقتىسادتىن ئىبارەت بۇ چوڭ دەرەخنىڭ مول مېۋە بېرىۋاتقانلىقىنى تەبرىكلەۋاتقاندا، ئىنسانلارنىڭ ياشاش ۋە تەرەققىي قىلىش مۇھىتى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. بۇ خىل كىرزىس يەر شارى ۋە ئىنسانلارنى ئۆزۈنىچە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدى. بۇ، ئاسمان نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشى، جەنۇب - شىمال ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ چوڭىيىشى، ئېنېرگىيە كىرزىسى، مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى ھەمدە ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى قاتارلىق تەرەپلەردە ئىپادىلەندى. يەنە نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەر رايون ۋە دۆلەت چېگرىسىدىن ھالقىپ، يەر شارى خاراكتېرلىك مەسىلىلەرگە ئايلاندى. مەسىلەن، پۈتۈن يەر شارى كېلىماتىنىڭ ئۆزگىرىشى، ئوزون قەۋىتىنىڭ خورىشى ۋە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى، جانلىقلار تۈرىنىڭ ئازىيىپ كېتىشى، زەھەرلىك خىمىيىۋى بۇيۇملاردىن بۇلغىنىش ۋە ئۇنىڭ چېگرا ھالقىپ كېڭىيىشى، تۇپراقنىڭ ناچارلىشىشىنىڭ تېزلىشىشى، ئورمان كۆلىمىنىڭ تېز ئازىيىشى قاتارلىقلار. دۇنيادىكى بايلىق ۋە مۇھىت مەسىلىسىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، بۇنى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تەبىئىي ئاپەتلەردىن باشقا ئاساسلىقى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات كەلتۈرۈپ چىقارغان. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدىن 80 - يىللىرىغىچە ئىنسانلار يەر شارى خاراكتېرلىك ئېكولوگىيىلىك مۇھىت بۇزۇلۇشىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا كەلتۈرگەن زىيىنىنىڭ تەمىنى تېتىغاندىن كېيىن، ئەنئەنىۋى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەندىزىسىدىكى ھەل قىلغىلى بولمايدىغان زىددىيەتلەرنى قايتىدىن تونۇپ يېتىپ ۋە يەكۈنلەپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشتى. ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا تەبىئىي بايلىقنى قوغدايدىغان ۋە مۇھىتنى ياخشىلايدىغان سىياسەت بىلەن سىجىل تەرەققىياتتىن ئىبارەت يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بارلىققا كەلتۈردى. 1972 - يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىنسانىيەت ۋە مۇھىت يىغىنى «ئىنسانىيەت ۋە مۇھىت خىتابنامىسى» نى ماقۇللاپ، ھەرقايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى ۋە خەلقىنى مۇھىتنى ئاسراپ ۋە ياخشىلاپ، پۈتكۈل خەلقكە ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلارغا بەخت يارىتىش ئۈچۈن ئورتاق تىرىشىشقا چاقىردى. 1992 - يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مۇھىت ۋە تەرەققىيات كېڭىشى يىغىنى «21 - ئەسىردىكى قارالمىلار» قاتارلىق بىريۈرۈش مۇھىم ھۆججەتلەرنى ماقۇللىدى. «21 - ئەسىردىكى قارالمىلار» پۈتۈن يەر شارىدىكى ھەرقايسى رايون ۋە دۆلەتلەردە سىجىل تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ھەرىكەت پروگراممىسى بولۇپ، ئۇ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە بېرىپ

تاقىلىدۇ. ئۇ چەكلەش خاراكتېرىگە ئىگە قانۇنىي ھۆججەت بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى سىياسىي ئەھدىنامە، شۇنداقلا پۈتكۈل يەر شارىدا سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ھەرىكەت ئۆلچىمى ھېسابلىنىدۇ. جۇڭگو تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن دۆلەت قۇرۇلغاندىن بۇيانقى، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيانقى 20 يىللىق تەرەققىيات ئارقىلىق ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەھەتتە زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئەمما ئۇ، يەنىلا نوپۇسى كۆپ، تەبىئىي بايلىقى يېتىشمەيدىغان، ئىقتىسادىي ئاساسى، تېخنىكا ئىقتىدارى ناھايىتى ئاجىز بىر دۆلەت. شۇڭا سىجىل تەرەققىياتنى يولغا قويۇش جۇڭگو ئۈچۈن ئېيتقاندا تېخىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا، دېڭ شياۋپىڭ: ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىلەن نوپۇس، بايلىق ۋە مۇھىتنى ئۆزئارا تەڭشەپ، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، تەرەققىياتىمىزنى سىجىللىقتا ئىگە قىلىشىمىز ھەمدە ئۈزلۈكسىز يۈرۈشىدىغان قىلىشىمىز كېرەك دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ: نوپۇس مەسىلىسى بىر ئىستراتېگىيىلىك مەسىلە، نوپۇسنى ياخشى تىزگىنلەش كېرەك. ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسى مەملىكىتىمىزنى سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى دەپ قارىدى. ئۇ يەنە: مەملىكىتىمىزنىڭ ئېنېرگىيە مەنبەسى ۋە تەبىئىي بايلىقى ئاجىز، ھەرقايسى ئورۇنلار ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىشى، ئۇنى تېجەشلىك بىلەن ئىشلىتىشى كېرەك دەپ كۆپ قېتىم تەكىتلىدى؛ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت مەسىلىسىگىمۇ ناھايىتى كۆڭۈل بۆلدى. جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىجىل تەرەققىياتنى ئالاھىدە گەۋدىلىك ئورۇنغا قويدى ۋە ئىستراتېگىيىلىك يۈكسەكلىككە كۆتۈردى ھەمدە بۇ ئىستراتېگىيىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان كونكرېت تەدبىرلەرنى قوللاندى. 1992 - يىلى 6 - ئايدا جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مۇھىت - تەرەققىيات يىغىنىدا «21 - ئەسىردىكى قارالمىلار - جۇڭگونىڭ نوپۇس، مۇھىت ۋە تەرەققىيات توغرىسىدىكى ئاق تاشلىق كىتابى» نى ئىجرا قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 1994 - يىلى 7 - ئايدا گوۋۇيۈەن ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرى ھەمدە گوۋۇيۈەننىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىدىن «جۇڭگونىڭ 21 - ئەسىردىكى قارالمىلىرى» نى خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك پىلانىنى تۈزگەندە يېتەكچى خاراكتېرلىك ھۆججەت قىلىشنى ھەمدە ئۇنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسى ۋە مەزمۇنىنى «9 - بەش يىللىق» پىلان ۋە 2010 - يىلغىچە بولغان كەلگۈسى تەرەققىيات نىشانىدا كونكرېت گەۋدىلەندۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. 1995 - يىلى 9 - ئايدا پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ‹9 - بەش يىللىق› پىلانىنى تۈزۈش ۋە 2010 - يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى بەلگىلەش توغرىسىدىكى تەكلىپ» رەسمىي ماقۇللاندى. ئۇنىڭدا، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتىن ئىبارەت يېتەكچى ئىدىيە گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، تەرەققىيات ئەڭ ياخشى يول دەپ تەكىتلەندى ھەمدە «ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي جەھەتتىكى سىجىل تەرەققىيات» تۇنجى قېتىم ئاساسلىق كۈرەش نىشانى ۋە يېتەكچى فاڭجېننىڭ مۇھىم مەزمۇنى سۈپىتىدە پارتىيىنىڭ رەسمىي ھۆججەتلىرىگە كىرگۈزۈلدى. پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ دوكلاتى ئەسىر ھالقىيدىغان پروگراما خاراكتېرلىك ھۆججەت بولۇپ، ئۇنىڭدا: «دۆلىتىمىز نوپۇسى كۆپ، بايلىقى نىسپىي ئاز دۆلەت. شۇڭا زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشىمىز شەرت» ② دەپ قايتا تەكىتلەندى ھەمدە پىلانلىق تۇغۇت ۋە مۇھىت ئاسراشتىن ئىبارەت توپ دۆلەت سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇش، ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىلەن نوپۇسنىڭ، بايلىقنىڭ ۋە مۇھىتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىرتەرەپ قىلىش كېرەك دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

## 2. سىجىل تەرەققىيات قارىشىنىڭ يادروسى - ئادەمنىڭ سىجىل تەرەققىي قىلىشى

سىجىل تەرەققىيات قارىشىنىڭ يادروسى - ساغلام ئىقتىسادىي تەرەققىيات، ئېكولوگىيىلىك سىجىل تەرەققىيات ئىقتىدارى، ئىجتىمائىي ئادىللىق ۋە كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئاكتىپ قاتنىشىشى ئۈستىگە قۇرۇلۇشى كېرەك دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، يىغىنچاقلىغاندا ئادەمنىڭ سىجىل، ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىش مەسىلىسىدىن ئىبارەت. ئادەم ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئۈچ ئامىلى ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم ئامىل. ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەمگەك ماھارىتى، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى، ئالىي سەۋىيىسىنىڭ قانداق بولۇشى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەقتە ئېنگېلس مۇنداق دېگەن: «ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يېڭى تەرەققىياتى يېڭى ئادەمنى يارىتىدۇ، ئەكسىچە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يېڭى تەرەققىياتى ئەتراپلىق تەرەققىي قىلغان يېڭى ئادەمگە ئېھتىياجلىق بولىدۇ.» ③ شۇڭا، بىلىم ئىگىلىكى تەرەققىي قىلغان مۇشۇنداق يېڭى دەۋردە چوقۇم ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش كېرەك.

ئادەم جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشى ۋە تەرەققىياتىنىڭ تۈپ كاپالىتى، تەبىئىي خۇسۇسىيەت ۋە ئىجتىمائىي خۇسۇسىيەتنىڭ بىرلىكى. ئادەمنىڭ تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۆزئارا باغلىنىشلىق ۋە بىر - بىرىگە ماسلىشىپ تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇناسىۋەتكە ئىگە. بۇ خىل ماسلىشىپ تەرەققىي قىلىش شەخس بىلەن جەمئىيەت، شەخس بىلەن مۇھىتنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىدە ئىپادىلىنىدۇ. بىر تەرەپتىن ئادەم جەمئىيەتنى يارىتىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئادەمنىڭ تەرەققىياتى جەمئىيەتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىقتىساد بىلەن مەدەنىيەتنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشىدۇر. جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشى بۈگۈنكى ئىلگىرىلەش بولماستىن، بەلكى كەلگۈسىدىكى ئۇزاق مەزگىللىك ئىلگىرىلەش. جەمئىيەتنىڭ ئەتراپلىق ۋە ئۇزاق مەزگىللىك تەرەققىياتى جەريانىدا ئادەمنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشى سىجىل تەرەققىياتنىڭ بىر ئالدىنقى شەرتى ۋە كاپالىتى.

ئادەمنىڭ سىجىل تەرەققىي قىلىش تەلىپىگە ئاساسلانغاندا، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مائارىپ ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ، جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشتى. مەسىلەن، 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئامېرىكا، ياپونىيە، گېرمانىيە، كورېيە، سىنگاپور قاتارلىق دۆلەتلەر ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى. بۇنىڭدىكى ئورتاق سەۋەب، ئۇلار بىرتەرەپتىن مائارىپقا سېلىنىدىغان مەبلەغنى ئۈزلۈكسىز كۆپەيتىپ، ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئېچىشقا زور دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەن بولسا، يەنە بىرتەرەپتىن ھەر خىل ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى قوللىنىپ، ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى ئىختىساسلىقلارنى كۆپلەپ ئۆزلىرىگە تارتقان. ئامېرىكىنى مىسالغا ئالساق، 1949 - 1969 - يىلغىچە 140 مىڭ، 1969 - 1979 - يىلغىچە 500 مىڭ چەت ئەللىك ئىختىساس ئىگىلىرىنى تارتىپ كەتكەن. ھازىر ئامېرىكىنىڭ يۇقىرى پەن - تېخنىكا رايونلىرىدا ئىشلەيدىغان ئالىملارنىڭ %30 تىن كۆپرەكى، دوكتورلارنىڭ %66 تىن كۆپرەكى چەت ئەللىك بولۇپ، ئۇلار ئامېرىكىغا غايەت زور بايلىق يارىتىپ بەرمەكتە. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، 20 - ئەسىر ماددىي بايلىقلارنى ئىشلىتىش ئەسىرى، 21 - ئەسىر ئىختىساسلىقلار بايلىقىنى ئىشلىتىش ئەسىرى؛ كەلگۈسىدىكى رىقابەت - ئىختىساسلىقلار رىقابىتى ئىكەن. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان «پەن - مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش» ئىستراتېگىيىسى مائارىپنىڭ تەرەققىياتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدىغان ئىستراتېگىيە. شۇڭا، 15 - قۇرۇلتاي دوكلاتىدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن: «زامانىۋىلاشتۇرۇش تەلىپىگە

لايىقلاشقان يۈز مىليونلىغان يۇقىرى ساپالىق ئەمگەكچىلەرنى ۋە ئون مىليونلىغان ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيلەپ يېتىشتۈرۈش ـ 21 ـ ئەسىردىكى سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىيىتىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. » ④ «ئۇچقە يۈزلىنىش» قارىشى مائارىپنىڭ تەرەققىياتىغا نىسبەتەن يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى. ئىختىساسلىقلارنى تەربىيلەش نىشانىدا «غايىلىك، ئەخلاقلىق، ئىنتىزامچان، مەدەنىيەتلىك» تۆتكە ئىگە يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش تەلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ، جۇڭگو ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى، شۇنداقلا ئىختىساسلىقلارنى سىجىل تەربىيلەش جەھەتتىكى يۆنىلىشتۇر.

## 3. ئادەمنىڭ سىجىل تەرەققىياتى جەريانىدا ئالىي مەكتەپلەر ئۆزىنىڭ مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك

يۇقىرىدا سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلىشىدىكى تارىخىي ئارقا كۆرۈنىشىنى؛ ئۇنىڭ يادروسى ئادەمنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىش مەسىلىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇق. بۇنىڭدىن كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى ـ دۇنيا ۋە جۇڭگونىڭ ھازىر ۋە كەلگۈسى تەرەققىيات ئېھتىياجى ۋە كىشىلەرنىڭ كەلگۈسى مەنپەئەتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك نەزەرىيە بولۇپ، بۇ خىل تەرەققىيات جەريانىدا كېلىپ چىققان يېڭى مەسىلىلەر ئادەمنىڭ ھەل قىلىشىغا ئېھتىياجلىق. بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان ئادەم چوقۇم ئەتراپلىق تەرەققىي قىلغان بولۇشى كېرەك. بۇ، مائارىپ ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ. چۈنكى ئۇ، ئادەمنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانى. ئالىي مائارىپ ئادەمنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. بولۇپمۇ ئالىي مەكتەپلەردىكى ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەت ـ تەربىيىلەنگۈچىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋاللىرىنىڭ توغرا يۆنىلىشتە تەرەققىي قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. جۇڭگو ھازىر ئىسلاھات، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشنىڭ ھالقىلىق باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا، ئىدىيىۋى قارىشىدا چوڭقۇر ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىدۇ. بۇ مۇقەررەر ھالدا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا تەسىر كۆرسەتمەي قالمايدۇ. ئۇ، ئۆگىنىش ئۇسۇلىدىلا ئەمەس، بەلكى ئىدىيىۋى قاراش، ھەرىكەت ئۇسۇلى جەھەتلەردىمۇ ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا، ئالىي مەكتەپلەر يېڭى ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنىشتە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكىدەك ئىككى تەرەپتىكى خىزمەتنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك:

1) ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەت ئىختىساسلىقلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك. بىز دېگەن تەرەققىيات دەل سىجىل تەرەققىيات جەريانىنى كۆرسىتىدۇ. ھەرقانداق بىر باسقۇچتىكى تەرەققىياتنىڭ ھەممىسى كېيىنكى تەرەققىيات باسقۇچىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى. ئادەمنىڭ ھەر بىر تەرەققىيات باسقۇچىنىڭ ھەممىسى كېيىنكى باسقۇچتىكى ئۆسۈپ يېتىلىشنى جۇغلانما بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇ، ئىدىيە، ئەخلاق، بىلىم ۋە ئىقتىدار جۇغلانمىسىنىڭ تەرەققىياتىدۇر. بىلىم ئۈزلۈكسىز يىغىلاناماقتا. ئالىي مەكتەپ باسقۇچىدا ئالىي مائارىپ تەربىيىسى بارلىق بىلىمنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇغۇچىلارغا تولۇق يەتكۈزۈپ بېرەلمەيدۇ، شۇنىڭغا ئوخشاش ئالىي مەكتەپ ئەخلاق ـ تەربىيىسىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان بارلىق ئىدىيىۋى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ كېتەلمەيدۇ. شۇڭا، بۇ يەردە ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەتنىڭ ياخشى ئىشلىنىشىدىكى ئۇسۇل مەسىلىسىنىمۇ تەكىتلەش كېرەك. كەسپىي ئۆگىنىش جەھەتتە بىز ئوقۇغۇچىلارغا توغرا ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى ئۆگىتىپ، ئۇلاردا ئۆزىگە پايدىلىق بىر خىل ئۆمۈرلۈك ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى تۇرغۇزۇشىمىز كېرەك. ئىدىيىۋى تەربىيە جەھەتتىمۇ ئوقۇغۇچىلاردا توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنى يېتىلدۈرۈشىمىز كېرەك. ئىدىيىۋى ـ سىياسىي

خىزمەتنىڭ ئەڭ مۇھىم مەقسىتى كىشىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى ئۈزلۈكسىز قوزغاش بولۇپ، ئۇ، كىشىلەرنى بىر خىل يۇقىرى روھنى قوغلىشىش بىلەن تەمىنلەيدۇ. كىشىلەرنىڭ دۇنيا قارىشىنى يۈكسەلدۈرۈپ، ياخشى ئەخلاق پەزىلەتنى شەكىللەندۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ. بۇ خىل ئەخلاق ـ پەزىلەت كىشىلەرنىڭ قىيىنچىلىقنى يېڭىشىگە، كىشىلىك ھاياتنى مۇكەممەللەشتۈرۈشىگە، جەمئىيەت ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى تۆھپە قوشۇشىغا ياردەم بېرىدۇ. بۇ خىل پەزىلەت مەيلى شەخسىي ياكى جەمئىيەت ئۈچۈن بولسۇن ناھايىتى مۇھىم. ئالىي مەكتەپلەر ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمىتىنىڭ كۈچەش نۇقتىسى، ھاياتىي كۈچى ۋە ئەۋزەللىكى دەل مۇشۇ يەردە.

ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەت ئىختىساسلىقلارنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشىنى تۈپ كاپالەت بىلەن تەمىنلىشى كېرەك. ئادەمنىڭ تەرەققىياتى ماسلىشىپ، بىر خىل ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىش جەريانى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىر خىل ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىش جەريانى. ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىش مەسىلىسىنى ئەنگلىيە خىيالىي سوتسىيالىزمچىلىرىدىن توماس مور ئەڭ بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ، تەسەۋۋۇر قىلغان ئەتراپلىق تەرەققىي قىلغان ئادەم يېزا ئىگىلىك ۋە قول سانائەتنىڭ چەكلىمىلىكىنى بۇزۇپ تاشلىغان، ئەقلىي ئەمگەك ۋە جىسمانىي ئەمگەكنىڭ ئىش تەقسىماتىنى بۇزۇپ تاشلىغان بولۇشى كېرەك. ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئىككى شەرتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، بىرى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇش، يەنە بىرى ئىلغار جەمئىيەت تۈزۈمى بولۇشى كېرەك. جۇڭگو 50 ـ يىللارنىڭ بېشىدىلا ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي ۋە گۈزەللىك جەھەتلەردىن ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. بۇ، ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەت نىشانىنى بەلگىلەشتە ئىنتايىن مۇھىم. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمىتىنى سىياسىي تەربىيە، ئىدىيىۋى تەربىيە، ئەخلاقىي تەربىيە ۋە كەسپىي تەربىيىدىن ئىبارەت تۆتكە بۆلۈشكە بولىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆسۈپ ـ يېتىلىشى جەريانىدا بۇ تۆت تەرەپ ئوخشاش بولمىغان رول ئوينايدۇ. سىياسىي تەربىيە ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياخشى ئەخلاق ـ پەزىلىتىنى شەكىللەندۈرگىلى ۋە ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرغىلى بولىدۇ، ئىدىيىۋى خىزمەت ئارقىلىق ئۇلاردا ئالىيجاناب كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنىڭ شەكىللىنىشىگە ياردەم بەرگىلى بولىدۇ، كەسپىي تەربىيە ئارقىلىق توغرا كەسپىي غايە ۋە كەسپىي ئەخلاقنى تۇرغۇزغىلى بولىدۇ. بۇ جەھەتتە بىزدە بەزى مەسىلىلەر ساقلىنىۋاتىدۇ. مەسىلەن، بىزنىڭ مەكتىپىمىزدىكى بەزى ئوقۇتقۇچىلاردا: مەكتىپىمىز پېداگوگىكا خاراكتېرلىك مەكتەپ، شۇڭا، ئەدەبىيات فاكۇلتېتى شائىر، يازغۇچى تەربىيىلىمەيدۇ، سىياسىي ـ تارىخ فاكۇلتېتى سىياسىئون تەربىيىلىمەيدۇ. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ـ ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئۈچۈن لاياقەتلىك ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش دەپ قاراپ، ئوقۇتۇش بىلەن پەن تەتقىقاتىنى ئايرىۋېتىدىغان، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەر جەھەتتىكى يېتىلىشىگە سەل قارايدىغان، ئۇلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. بۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان، سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىگە قارشى بولغان كۆز قاراشتۇر. بىز ھازىر دەۋاتقان «تۆتكە ئىگە يېڭى كىشىلەر» نىڭ ئۆلچىمى يۇقىرىدىكى تۆت مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان. غايە ـ ئىختىساسلىقلارنىڭ روھىي تۈۋرۈكىدۇر؛ ئەخلاق ـ ئۇلارنىڭ ئەخلاقىي ـ پەزىلەت تەربىيىسىنىڭ تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ؛ مەدەنىيەت ـ ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ مەزمۇنىنى ئىپادىلەيدۇ؛ ئىنتىزام ـ ئۇلارغا ئىرادە ـ پەزىلەت جەھەتتىكى تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇنى چۆرىدىگەن ھالدا ئىدىيىۋى ـ سىياسىي تەربىيە ئېلىپ بېرىش ـ كىشىلەرنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ.

2) يېڭىلىق يارىتىش ـ ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەتنىڭ جېنى. ئۇ، بىر مىللەتنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىشىنىڭ كاپالىتى، بىر دۆلەتنىڭ گۈللەپ ياشنىشى، تەرەققىي قىلىشىنىڭ

ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى. باي، قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك، سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت بۇ ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ھالقىلىق مەسىلە ـ دەل كىشىلەردە يېڭىلىق يارىتىش ئىدىيىسىنىڭ بولۇش ـ بولماسلىقىدا. جياڭ زېمىن بۇ ھەقتە مۇنداق كۆرسەتتى: «يېڭىلىق يارىتىش ـ بىر مىللەتنىڭ ئالغا بېسىشىنىڭ روھى.» شۇڭا، يېڭى دەۋردىكى ئالىي مەكتەپلەر ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمىتىنىڭ روھمۇ يېڭىلىق يارىتىش.

جۇڭگو ئالىي مائارىپى ئاساسىي بىلىم يەتكۈزۈش باسقۇچىدا توختاپ قالغان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى ۋە يېڭىلىق يارىتىش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش يېتەرلىك ئەمەس. پەن ـ تېخنىكا چوڭ بۆلىنىش ئاساسىدا ئومۇملاشتۇرۇلۇشقا يۈزلەنگەن شارائىتتا ئالىي مائارىپنىڭ ئىختىساسلىقلار قارىشى چوقۇم ئىقتىدارلىق، يېڭىلىق يارىتىش تىپىدىكى كۆپ تەرەپلىمە قابىلىيەتلىكلەرنى تەربىيىلەشكە بۇرۇلۇشى لازىم. چۈنكى، يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولمىغان ھەرقانداق بىر مىللەت ئۆزىنىڭ ھازىرقى ۋە كەلگۈسى تەرەققىيات جەريانىنى توغرا مۆلچەرلىيەلمەيدۇ، دۇنياۋى خاراكتېرلىك ئىقتىساد ۋە پەن ـ تېخنىكا رىقابىتىدە غەلىبىگە ئېرىشەلمەيدۇ، ئۆزىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا كېلىپ چىققان يېڭى مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرەلمەيدۇ ۋە بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلالمايدۇ؛ دۇنيادىكى ئىلغار مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالالمايدۇ. شۇڭا، ئالىي مائارىپ جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ بىلىم ئېلىشىدىكى بىر مۇھىم باسقۇچ بولۇش سۈپىتى بىلەن مائارىپ ئەمەلىيىتى جەريانىدا چوقۇم يېڭىلىق يارىتىش تىپىدىكى كۆپ تەرەپلىمە قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى تەربىيىلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەتمۇ چوقۇم ئوقۇغۇچىلاردا يېڭىلىق يارىتىش تەپەككۇر ئۇسۇلىنى تۇرغۇزۇشى كېرەك. ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى تەنقىد قىلىشچانلىقى ۋە تارقىلىشچانلىقى. تەنقىد قىلىشچانلىقى ـ قارىغۇلۇقنى ۋە تەقلىدىي شەكىلدىكى تەپەككۇرنى رەت قىلىپ، تەپەككۇر خاسلىقىنى ساقلاپ قالىدىغان مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت؛ تارقىلىشچانلىق ئۇسۇلى بولسا كۆپ نۇقتا، كۆپ قاتلام ۋە يېڭى نۇقتىلاردىن چىقىپ تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى. ئۇنىڭ ھەر ئىككىلىسى ھازىرقى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆگىنىش ئۇسۇلىدا كەمچىل. ئۇلار ئوقۇتقۇچى دەرسخانىدا نېمە دېسە شۇنىلا ئۆگىنىدۇ، دەرسلىكتىن چىقالمايدۇ، قوشۇمچە ماتېرىياللارنى كۆرمەيدۇ؛ ئۇلارنىڭ بىلىم دائىرىسى تار. بۇ، سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنىڭ تەلىپىگە ماسلىشالمايدۇ. شۇڭا، ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ـ ھازىرقى شارائىتتا ئوقۇغۇچىلاردا «مەكتەپ ئىستىلىمىز يېڭىلىق يارىتىش» دېگەن قاراشنى تۇرغۇزۇشتىن ئىبارەت.

---

ئىزاھات:

① ② ④ جياڭ زېمىن: پارتىيىنىڭ 15 ـ قۇرۇلتىيىدا سۆزلەنگەن سۆز.

③ «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى» 23 ـ توم، 1972 ـ يىل نەشرى.

# غەربىي قىسىمنى ئېچىش - غەربىي قىسىم ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرى

نۇربىيە ھاجى، زۇلپىيە ھاجى
(ئىنستىتۇتىمىز ئوقۇغۇچىلار خىزمىتى باشقارمىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك مالىيە - سودا مەكتىپى)

جۇڭگونىڭ يېرى كەڭ، نوپۇسى كۆپ، تەبىئىي جۇغراپىيىلىك شارائىتى ھەر خىل بولغاچقا، رايونلار ئوتتۇرىسىدا ئىقتىسادىي جەھەتتىكى پەرقلەر خېلى زور دەرىجىدە ساقلانماقتا.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 50 يىلدىن بۇيان غەربىي قىسىم رايونى سانائەت، يېزا ئىگىلىك، مەدەنىي - مائارىپ، ساقلىقنى ساقلاش، قاتناش - ترانسپورت قاتارلىق جەھەتلەردە گەرچە بىرقەدەر زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن شەرقىي جۇڭگو رايونلىرى بولۇپمۇ دېڭىز ياقىسىدىكى جايلارغا سېلىشتۇرغاندا ناھايىتى ئارقىدا. غەربىي قىسىمنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئارقىدا قېلىشىدا تەبىئىي جۇغراپىيىلىك يەر شارائىتى ئامىللىرىدىن سىرت يەنە باشقا جەھەتلەردىكى ئامىللارمۇ بار:

1) يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان مەركەز ئاساسىي نىشانىنى شەرقىي قىسىمنى ئېچىشقا، ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشقا بولۇپمۇ دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قاراتقاچقا، بۇ رايونلارنىڭ تەرەققىياتى تېز بولدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ جۇڭگودا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلۇشنىڭ دەسلەپىدىلا دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلارنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىلىشىنى تېزلىتىپ، ئالدى بىلەن ئۇلارنى تېزراق تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ زۆرۈرلىكىنى، ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىمدىكى رايونلارنىڭ بۇ ئومۇملۇقنى نەزەردە تۇتۇشنىڭ لازىملىقىنى، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا زور كۈچ بىلەن غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى، دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلارنىڭمۇ بۇ ئومۇمىي ۋەزىيەتكە بويسۇنۇشنىڭ لازىملىقىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن 1979 - يىلدىن باشلاپ سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، مەبلەغنىڭ كۆپى ئاساسەن دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلارغا سېلىندى. مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا 1981 - يىلدىن 1989 - يىلغىچە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان 900 مىليارت يۈەن مەبلەغنىڭ شەرقىي قىسىم رايونلارغا سېلىنغىنى 50.1% نى، ئوتتۇرا قىسىم رايونلارغا سېلىنغىنى 26.6% نى، غەربىي قىسىم رايونلارغا سېلىنغىنى 16.3% ئىگىلىگەن. دېمەك، شەرقتىكى بىر ئۆلكىگە سېلىنغان مەبلەغ غەربتىكى بىرنەچچە ئۆلكىگە سېلىنغان مەبلەغنىڭ يىغىندىسىغا تەڭ كېلىدۇ.

2) ئۇزۇندىن بۇيان ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىملار ئىشلەپچىقارغان خام ماتېرىيال، يېقىلغۇ ئەشيا قاتارلىقلارنىڭ باھاسى تۆۋەن، شەرقىي رايونلار پىششىقلاپ ئىشلىگەن سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى نىسبەتەن يۇقىرى بولۇپ، ئىككى چوڭ رايوننىڭ مەھسۇلاتلىرىنى ئالماشتۇرۇش جەريانىدا باھا جەھەتتە ئېغىر ھالدا «قايچىسىمان پەرق» مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلار ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرغاچقا، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى تېز ئىلگىرىلەپ، ئىقتىسادى پىلانلىق ھالدا بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈپ، ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىپ تۇرۇشى جانلاندى. 1991 - يىلدىن كېيىن شەرقنىڭ پۇل مۇئامىلە بازارلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ، مەبلەغنىڭ رايون ئاتلاپ كۆچۈپ يۈرۈشىگە داغدام يول ئېچىلدى. شۇنداق قىلىپ ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ مەبلىغى دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلارغا كۆپلەپ ئېقىپ كىرىپ، دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلارنىڭ مەبلەغ ئوبوروت پائالىيىتىنى ئىلگىرى سۈردى. چەت ئەل مەبلىغىنىڭ كۆپ قىسمىمۇ شەرقىي قىسىمدىكى رايونلارغا مەركەزلەشتى.

3) شەرقىي قىسىمدىكى رايونلار يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتى تېز بولۇپ، يېزا ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى جەھەتتە يېزا ئىگىلىكىدىن سانائەت، ئاساسىي قۇرۇلۇش، قاتناش - ترانسپورت ۋە سودا ئىشلىرى قاتارلىق تەرەپلەرگە يۆتكەلدى. 1994 - يىلى شەرقىي رايونلارنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات

قىممىتى جەھەتتە يېزا ئىگىلىكى %19.45 نى، سانائەت ۋە ئاساسىي قۇرۇلۇش %73.12 نى تەشكىل قىلغان. غەربىي قىسىمنىڭ بولسا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى يەنىلا %39.43 نى، سانائەت ۋە ئاساسىي قۇرۇلۇش پەقەت %46.6 نى تەشكىل قىلغان. غەربىي قىسىمدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى جايلارنىڭ يېزا ئىگىلىكى يەنىلا تېرىقچىلىق بىلەنلا چەكلەنگەن. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتى قالاق ھالەتتە بولغاچقا غەربىي قىسىمدىكى يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىغا تەسىر يەتكەن. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ سانلىق مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، 1995 - يىلى دېھقانلارنىڭ يېزا - بازار كارخانىلىرىدىن قولغا كەلتۈرگەن ئەمگەك ئىش ھەققى كىرىمى شەرقىي قىسىم رايونلاردا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر كىشىگە 470 يۈەندىن، غەربىي قىسىمدا بولسا ئاران 98 يۈەندىن توغرا كەلگەن. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، غەربىي رايونلاردىكى دېھقانلارنىڭ كىرىمىنىڭ تۆۋەن بولۇشىدىكى يەنە بىر سەۋەب، ئاساسەن بۇ رايونلاردىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىي قىلالمىغانلىقىدا دېيىشكە بولىدۇ.

4) غەربىي رايونلارنىڭ مائارىپى ئومۇملاشتۇرۇلمىدى. يېزىلاردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىرقەدەر تۆۋەن بولغاچقا، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا بەلگىلىك تەسىر يەتمەكتە. 1989 - يىلدىكى مەملىكەت بويىچە بىر قېتىملىق ئومۇميۈزلۈك ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، شەرقىي قىسىمدىكى رايونلارنىڭ ساۋاتسىز ۋە يېرىم ساۋاتسىزلىرى ئەمگەك كۈچىنىڭ %16.29 نى، غەربىي رايوندا بولسا %35.96 نى تەشكىل قىلغان. دېمەك، مەدەنىيەت ساپاسى تۆۋەن بولۇشمۇ يېڭى پەن - تېخنىكىنى قوبۇل قىلىشقا توسالغۇ بولغان.

غەربىي قىسىمنىڭ تۈرلۈك پايدىسىز شارائىتلىرى بولسىمۇ، لېكىن يېرى كەڭ، نوپۇسى شالاڭ، يەر ئاستى بايلىقى مول، ئېنېرگىيە مەنبەسىنىڭ تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچى زور. ئەگەر يېتەرلىك مەبلەغ سېلىنىپ، مۇۋاپىق پىلانلانسا تەرەققىي قىلىشتىن ئۈمىد زور. غەربىي قىسىمنىڭ ئىقتىسادىي يوشۇرۇن كۈچىنىڭ زورلۇقىنى تۆۋەندىكى بىرنەچچە تەرەپتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

1) ئېنېرگىيە مەنبەسى مول، غەربىي - شىمالنىڭ سۇ، توك مەنبەسى ناھايىتى زور، كۆمۈر، نېفىت ۋە تەبىئىي گاز زاپىسىمۇ ئىنتايىن مول. جۇڭگو نېفىت تەبىئىي گاز باش شىركىتىنىڭ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان جۇڭغار ئويمانلىقىدا 6 مىليارت 900 مىليون توننىدىن ئارتۇق نېفىت زاپىسى ۋە 100 مىليون كۇب مېتىردىن ئارتۇق تەبىئىي گاز زاپىسى بار ئىكەن (بۇ 1996 - يىلدىن بۇرۇن ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق تەكشۈرۈش نەتىجىسى). پۈتۈن شىنجاڭ مىقياسىدىن ئېيتقاندا 2010 - يىلدىن ئىلگىرى خام نېفىت مەھسۇلات مىقدارى 30 مىليون توننىغا، تەبىئىي گاز مەھسۇلات مىقدارى 30 مىليارت كۇب مېتىرغا يېتىشى مۆلچەرلەنمەكتە.

2) كان مەنبەسى مول، غەربىي - شىمال رايونى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە رەڭلىك مېتال جەھەتتە مۇھىم بازا. مەسىلەن، غەربىي - شىمالنىڭ نىكىل زاپىسى دۇنيا بويىچە 2 - ئورۇندا تۇرىدۇ. قوغۇشۇن، سىنىك قاتارلىقلارمۇ جۇڭگوغا مەشھۇر. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە مۇھىم دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونى، بولۇپمۇ غەربىي قىسىمدىكى تارىم، سەيدام، جۇڭغاردىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ئويمانلىقنىڭ ئېچىشقا بولىدىغان تېرىلغۇ يەر كۆلىمى ناھايىتى زور بولۇپ، سۇ مەسىلىسى ھەل قىلىنسىلا بۇغداي، شال ۋە پاختا قاتارلىق مۇھىم تاۋار ئاشلىق بازىسىغا ئايلىنىدۇ.

3) غەربىي قىسىم جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ باشلانغان جايى. بۇ يەردە نۇرغۇن تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، داڭلىق مەنزىرە رايونلىرى بولۇپ، ئەگەر ئۇ ئېچىلىدىغان بولسا شەرق ۋە جەنۇبنىڭ ساياھەت رايونلىرى بىلەن گۈزەللىكتە ھۆسن تالىشىدىغان جايغا ئايلىنىدۇ.

دېمەك، غەربىي قىسىمدىكى رايونلارنىڭ قاتناش - ترانسپورت، سۇ، مەبلەغ قاتارلىق مەسىلىلىرى ھەل بولسا ھەمدە بەزى يەرلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ كاللىسىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان كونسىرۋاتىپلىق ئىدىيىلەر تۈگىتىلىپ، ئۇلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئىرادىسى تىكلەنسىلا غەربىي قىسىمنىڭ ئىقتىسادى چوقۇم جانلىنىدۇ.

ھازىر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى غەربىي قىسىمنى ئېچىش ۋە ئۇنى باشقا تەرەققىي تاپقان رايونلارغا يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىستراتېگىيىلىك فاڭجېننى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە بىرقىسىم زۆرۈر چارە - تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقتى. گوۋۇيۈەندە غەربىي قىسىمنى ئېچىشقا رەھبەرلىك قىلىش گورۇپپا ئىشخانىسى رەسمىي قۇرۇلۇپ، غەربىي قىسىمنى ئېچىش ئومۇمىي گەۋدە پىلانى تۈزۈپ چىقىلدى. بۇلارغا ئاساسەن شۇنى جەزملەشتۈرۈپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، غەربىي قىسىم پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە. ئانچە ئۇزاققا بارمىغان ۋاقىت ئىچىدە گۈزەل بىر مەنزىرە بارلىققا كەلگۈسى.

# تەبىئەت دىئالېكتىكىسىنىڭ ماركسىزملىق پەلسەپىدىكى ئورنى ۋە رولى توغرىسىدا

ئابدۇقادىر نۇر
(ئىنستىتۇتىمىز سىياسىي ـ تارىخ فاكۇلتېتى دوتسېنتى)

ئىنسانىيەت پۇرسەت ۋە رىقابەتكە تولغان 21 ـ ئەسىرگە قەدەم قويغان بۈگۈنكى دۇنيادا پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى، پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنى رېئال ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇشنىڭ كۈنسېرى تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، كۆپكە قادىر، ئەسىر ھالقىيدىغان ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش دەۋرنىڭ تەلىپىگە ئايلاندى. بۈگۈنكى كۈندە بىز قانداق قىلىپ ماركسىزملىق پەلسەپىدىن ئىبارەت بۇ پەننى ھەرقايسى تەرەپلەردىن ئالغا ئىلگىرىلىتەلەيمىز ھەمدە يېڭى ئەسىردە ئۇنىڭ يېتەكچىلىك رولىنى قانداق جارى قىلدۇرىمىز؟ بۇ، ھەقىقەتەن بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە پەلسەپە تەتقىقاتىدىكى ئىنتايىن چوڭ بىر تېما. ماركسىزم تەتقىقاتچىلىرى رېئال تۇرمۇشتىن، ئەسىر يۆزلىنىشىدىن كېيىن قالمايمەن دەيدىكەن، بۇ تېمىنى چوقۇم تەتقىق قىلىشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ماركسىزملىق پەلسەپىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولغان تەبىئەت دىئالېكتىكىسى توغرىسىدىكى ئىزدىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى كېرەك.

## 1. پەلسەپىنى ئەمەلىي قوللىنىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان پەلسەپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش

ماركسىزم نەزەرىيىچىلىرى گەرچە «ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان پەلسەپە» دېگەن بۇ ئۇقۇمنى ئوتتۇرىغا قويمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار پەلسەپىنىڭ ئەمەلىي قوللىنىلىشىغا ئىزچىل تۈردە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. خۇددى ماركس ئېيتقاندەك: «نەزەرىيىنىڭ بىر دۆلەتتە رېئاللىشىش دەرىجىسى شۇ نەزەرىيىنىڭ بۇ دۆلەتنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش دەرىجىسىگە باغلىق.» ① لېنىن: ماركسىزم ئۆلۈك، دوگما، ئۆزگەرمەيدىغان تەلىمات بولماستىن، بەلكى جانلىق ھەرىكەتنىڭ قىبلىنامىسى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى غەيرى جىددىي ئۆزگىرىشلەرنى ئەكس ئەتتۈرمەي قالمايدۇ، دەپ قارىغان. ماۋزېدۇڭ تەدبىقلاش ۋە ئەمەلىيەت ماركسىزملىق پەلسەپىنىڭ بىر ئاساسىي ئالاھىدىلىكى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن ئىدى. ئەپسۇسكى بىزنىڭ پەلسەپە خىزمەتچىلىرىمىز ئىلگىرىكى ناھايىتى ئۇزاق بىر مەزگىلدە پەلسەپىنى تەدبىقلاشقا، پەلسەپىدىكى مېتودولوگىيىنى تەتقىق قىلىشقا، پەلسەپە بىلەن ھەرقايسى كونكرېت پەنلەرنىڭ تەتقىقاتىنى بىرلەشتۈرۈشكە سەل قارىدى، پەلسەپە تەتقىقاتىنى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈشكە سەل قارىدى. جۇڭگونىڭ رېئال ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلماي، ماركسىزمنىڭ ئۆزىنى چىقىش قىلدى. ھەقىقەتنى سىناشتا ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلماي، ماركسىزمنى دوگمىلارچە ئۆلچەم قىلدى. پەلسەپە تەتقىقاتىدا ماركسىزمنى چۈشەندۈرۈش بىلەنلا بولۇپ، كىتابتىن ـ كىتابقا، ئۇقۇمدىن ـ ئۇقۇمغا كۆچۈپ يۈرۈپ، جەمئىيەت تەرەققىيات ئەمەلىيىتى بىلەن ئۇچراشماي، تۈرلۈك رىقابەتلەرگە جاۋاب بېرەلمىدى. دېمەك، ئىجادىي تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللىنىش كەم بولغانلىقتىن نەچچە ئون يىلدىن بېرى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە پەلسەپە تەتقىقات نەتىجىلىرى قولغا كەلتۈرۈلمىدى.

ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان پەلسەپە (تەبىئەت دىئالېكتىكىسى) نى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى، خاراكتېرى، ئالاھىدىلىكى، ھەرقايسى كونكرېت پەنلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئۇنىڭ ماركسىزملىق پەلسەپىدە تۇتقان ئورنى ۋە رولىغا يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىلمىدى. خۇددى دېڭ شياۋپىڭ كۆرسەتكەندەك: «بىز پەقەت تەبىئىي پەن جەھەتتە ئارقىدا قېلىپلا قالماستىن، بەلكى ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىدىمۇ ئارقىدا قالدۇق.» ② ھەتتا تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىن ئايرىلغان بىر يېپىق سىستېما شەكىللىنىپ، «ئۇ، بوشلۇقتىكى لەيلەپ يۈرگەن نەرسە ياكى قوڭۇر رەڭلىك تەپەككۇر بولۇپ قالدى.»

تەبىئەت دىئالېكتىكىسى ماركسىزملىق پەلسەپىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئۇ، تەبىئەت دۇنياسى، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرى شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى بىلىش ۋە ئۆزگەرتىشتىكى ئومۇمىي ئۇسۇلى توغرىسىدىكى پەن، ماركسىزمنىڭ ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى بىلىش ۋە ئۆزگەرتىش جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ يىغىنچاقلىنىشى ۋە يەكۈنى. پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئېچىۋېتىلگەن نەزەرىيىۋى سىستېما تەبىئەت دىئالېكتىكىسى بىلەن دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق پەلسەپىنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن زىچ. تەبىئەت دىئالېكتىكىسى تەتقىقاتىنىڭ دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ. تەبىئىي پەن ۋە پەلسەپە ئوتتۇرىسىدا، تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەن ئوتتۇرىسىدا، تەبىئىي پەن ۋە تېخنىكا پەنلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا پەن - تېخنىكىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم نەزەرىيىۋى مەسىلىلەر مەۋجۇت، بۇنى پەقەت تەبىئەت دىئالېكتىكىسىلا ھەل قىلالايدۇ. دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق كۆز قاراش ۋە ئۇسۇل ھەمدە ماركسىزمنىڭ باشقا مۇناسىۋەتلىك نەزەرىيىلىرى ئارقىلىق، پەن - تېخنىكا ساھەسىدىكى نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش ۋە ھەل قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس تەبىئەت دىئالېكتىكىسى نەزەرىيىسى شەكىللەنگەن.

تەبىئەت دىئالېكتىكىسىنىڭ تەرەققىياتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. قەدىمكى تەبىئەت پەلسەپىسى ۋە كېيىنكى ئىلمىي پەلسەپىنىڭ ھەممىسىدە تەبىئەت دىئالېكتىكىسى ئىدىيىلىرى مۇجەسسەملەنگەن. ئەمما، ئۇنىڭ مۇستەقىل بىر پەن بولۇپ شەكىللىنىشى 19 - ئەسىردە باشلانغان. 100 نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ماركس، ئېنگلىسلار ئىنقىلاب ھەقىقەتلىرى ئۈستىدە ئىزدەنگەن ۋاقىتتا جەمئىيەتنى تەتقىق قىلىشقا دىققەت قىلىپ، جەمئىيەت ۋە تەبىئەتنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى، تەبىئىي پەنلەرنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتى جەريانىدا مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىجتىمائىي پەنلەرنى تەتقىق قىلىش بىلەن بىللە تەبىئىي پەنلەرنىمۇ، تەبىئەت دىئالېكتىكىسىنىمۇ تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىملىقىنى تونۇپ يەتكەن. ئۇلار ئىجتىمائىي پەن ۋە تەبىئىي پەنلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يەكۈنلەپ ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ، ماركسىزملىق دۇنيا قاراشنى تۇرغۇزۇپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىنى ئېچىپ بەرگەن ھەم ئىلمىي دۇنيا قاراش بىلەن تەبىئەتنى ۋە تەبىئىي پەنلەرنى تەتقىق قىلىش جەريانىدا تەبىئەت دىئالېكتىكىسىدىن ئىبارەت تەتقىقات ساھەسىنى ئاچقان. ئېنگلىسنىڭ «تەبىئەت دىئالېكتىكىسى» دېگەن ئەسىرى دەل مۇشۇ تەتقىقاتنىڭ نەتىجىسى. ماركس بىلەن ئېنگلىسنىڭ باشقا ئەسەرلىرىدىمۇ تەبىئەت ۋە پەن - تېخنىكىغا ئائىت نۇرغۇنلىغان نەزەرىيىۋى كۆز قاراشلار بايان قىلىنغان. بۇ بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندە تەبىئەت دىئالېكتىكىسى تەتقىقاتىنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىشىمىزنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى.

20 - ئەسىر مابەينىدە ئارىلاشما پەنلەر، ئارىلىق پەنلەر ئارقا - ئارقىدىن بارلىققا كېلىپ، كۆپ خىل پەنلەرنى ئۇنىۋېرسال تەتقىق قىلىش كېلىپ چىقتى؛ پەلسەپە بىلەن كونكرېت پەنلەر كۆنسېرى يېقىنلاشتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى پەلسەپىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىنى كۆزىتىشنى ھەم ھەرقايسى پەنلەرنىڭ مېتودولوگىيىسىنى تەتقىق قىلىشقا بولغان ئەھمىيىتىنى، ھەرقايسى پەنلەرنى يۈكسەلدۈرۈپ، ئومۇملۇق ۋە سىستېما جەھەتتىن پەلسەپىۋى يىغىنچاقلاش ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تەلەپ قىلدى. بۇلار ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان پەلسەپىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە مۇكەممەللىشىشىنى ئالدىنقى شەرت بىلەن تەمىنلىدى.

سىستېما جەھەتتىن ئېيتقاندا، كونكرېت پەن تارماقلىرى مەسىلەن، فىزىكا، بىئولوگىيە، جەمئىيەتشۇناسلىق، سەنئەت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەبجەش پەلسەپە بىلەن كونكرېت پەنلەرنىڭ مۇناسىۋىتى بولماسلىقى كېرەك. ئەمەلىي قوللىنىلىش جەھەتتىن ئېيتقاندا، پەلسەپە كونكرېت پەنلەرگە ۋاكالىتەن كونكرېت مەسىلىلەرگە جاۋاب بەرمەسلىكى ۋە كونكرېت مەسىلىلەرنى ھەل قىلماسلىقى كېرەك. لېكىن، ماركسىزملىق پەلسەپە ھەرقايسى پەنلەرنىڭ بىلىش قورالىغا ئايلىنىپ، پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئۈزلۈكسىز خۇلاسىلەپ، تەرەققىيات جەريانىدا ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ھالىتىنى پەلسەپىۋى يۈكسەكلىككە كۆتۈرىدۇ.

## 2. نەزەرىيىۋى پەلسەپە بىلەن ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان پەلسەپىنىڭ مۇناسىۋىتى

نەزەرىيىۋى پەلسەپە ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان پەلسەپىگە قارىتا ئېيتىلغان بولۇپ، ئۇ بىز دائىم ئېيتىدىغان دۇنيا قاراش توغرىسىدىكى تەلىمات ياكى نەزەرىيىۋى سىستېما، ئەڭ يۇقىرى قاتلامدىكى پەلسەپىدۇر. ئۇنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى پۈتكۈل دۇنيا (تەبىئەت دۇنياسى، ئىنسانلار جەمئىيىتى ۋە تەپەككۇر ساھەسى) ئۆز ئىچىگە ئالغان ماھىيەت ۋە تەرەققىياتنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتىدۇر. بىلىش نەزەرىيىسى ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم - بىرقەدەر تۆۋەن قاتلامدىكى تارماق پەلسەپىگە مەنسۇپ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت دۇنيانىڭ مەلۇم بىر ساھەسىنىڭ ماھىيەتلىك قانۇنىيىتىنى ئومۇملاشتۇرىدۇ. دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ ساھە (تەبىئەت دۇنياسى، ئىنسانلار جەمئىيىتى ۋە ئىنسانلارنىڭ بىلىشى) گە ماسلىشىش ئۈچۈن ماركسىزمنىڭ ئۈچ چوڭ تارماق پەلسەپىسى - تەبىئەت دىئالېكتىكىسى، تارىخىي ماتېرىيالىزم ۋە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق بىلىش نەزەرىيىسى ھەمدە ئۇلارنىڭ تارماقلىرى بارلىققا كەلگەن. تەبىئەت دىئالېكتىكىسىنىڭ تارماقلىرى - ماتېماتىكىلىق پەلسەپە، ئالەم پەلسەپىسى، ھايات پەلسەپىسى قاتارلىقلاردۇر؛ تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ تارماقلىرى - ئىقتىسادىي پەلسەپە، سىياسىي پەلسەپە، قانۇن پەلسەپىسى، ئەخلاق پەلسەپىسى، كىشىلىك پەلسەپە، باشقۇرۇش پەلسەپىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بىلىش نەزەرىيىسىنىڭ تارماقلىرى - پسىخىكا پەلسەپىسى، تەپەككۇر (دىئالېكتىك لوگىكا)، تىل پەلسەپىسى، سەنئەت پەلسەپىسى قاتارلىقلاردۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان پەلسەپە كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ.

## 3. تەبىئەت پەلسەپىسى تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، تەبىئەت دىئالېكتىكىسىنىڭ ئاساسىي سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش

ئىنقىلاب ئەمەلىيىتىنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن، ماركس بىلەن ئېنگېلس جەمئىيەت ساھەسىدىكى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، مۇكەممەل، ئىلمىي تارىخىي ماتېرىيالىزم سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئىدى. ناھايىتى ئەپسۇسكى ماركس ئەينى ۋاقىتتا، تەبىئەت پەلسەپە سىستېمىسىنى تەتقىق قىلىشقا ھەم بەرپا قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىدى. كېيىن بۇ مەسىلىگە ئېنگېلس دىققەت قىلىپ، بىزگە تەبىئەت دىئالېكتىكىسى تەتقىقاتى توغرىسىدىكى قول يازمىنى قالدۇردى. تەبىئەت دىئالېكتىكىسىنىڭ پەن سىستېمىسىنى ئاكتىپ بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش - تەبىئىي پەن تەتقىقاتى خىزمىتىنى ماركسىزملىق ئىلمىي تەبىئەت قارىشى ۋە مېتودولوگىيە بىلەن تەمىنلىدى. تەبىئەت دىئالېكتىكىسى ماركسىزملىق پەلسەپىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولمايدىغان مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى. تەبىئەت دىئالېكتىكىسى تەتقىقاتى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەبىئىي پەن تارىخى، ئىلمىي پەلسەپە، پەنشۇناسلىق، كەلگۈسىشۇناسلىق، تەدبىر بەلگىلەش ئىلمى جەھەتلەردىكى يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قوبۇل قىلىپ، نەزەرىيە جەھەتتىن تەربىيىلىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ. شۇڭا، بىز «دۇنيا قاراش خاتا بولسا

مېتودولوگىيىمۇ خاتا بولىدۇ» ③ دېگەن كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىشىمىز، دۇنيا قاراش جەھەتتە گەرچە خاتالىق بولسىمۇ لېكىن مېتودولوگىيە جەھەتتىكى نەتىجىلەردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ، ئۆزىمىزنى بېيىتىشىمىز كېرەك. بىز تەبىئەت دىئالېكتىكىسى تەتقىقات خىزمىتىنىڭ تەرتىپى، قەدەم باسقۇچلىرى، ئۆلچىمى ۋە ۋاستىسىنى تەتقىق قىلىپ، ئۇنى ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىۋاتقان ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت ۋە ئىلىم - پەن تەرەققىياتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان ۋە ئۇنىڭغا مېتودولوگىيە جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلالايدىغان قىلىشىمىز، يالغۇز سىياسەتلەرنى چۈشەندۈرۈشنىڭ قورالى ۋە نەتىجىلەرنى ماختاشنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالماسلىقىمىز كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا تەبىئەت دىئالېكتىكىسىنىڭ ماركسىزملىق پەلسەپىدىكى ئورنىنى تىكلىگىلى ۋە ئۇنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، گۈللەپ ياشنىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

---

ئىزاھات:

① جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 1989 - يىل 7 - سان 4 - بەت.
② «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» خەلق نەشرىياتى (خەنزۇچە) 1983 - يىل نەشرى، 167 - بەت.
③ سۈي ۋېيگو: «ئىجتىمائىي پەنشۇناسلىق» (خەنزۇچە) 1993 - يىل نەشرى 163 - بەت.

## تەپەككۇر دېڭىزىدىن تامچىلار

جاسارەت تەقدىرنىڭ زەربىسىنى يېڭىدۇ.

— دېموكرىت

ئەھمىيەتسىز ئىش بالدۇر ئۆلگەن بىلەن باراۋەر.

— گيوتې

تۇرمۇشنىڭ ئەھمىيىتى گۈزەللىكتە، نىشانغا تەلپۈنگەن كۈچتە. تۇرمۇشتىكى ھەر بىر دەقىقىدىمۇ ئالىيجاناپ مەقسەت بولۇشى كېرەك.

— گوركىي

بۇ دۇنياغا كېلىشىمىز بىلەنلا جەمئىيەت بىزگە بىر چوڭ سوراق، يەنى: سەن ئۆمرۈڭنى قانداق ئۆتكۈزمەكچى؟ دېگەننى ئالدىمىزغا قويىدۇ. مەن ھەرگىز راھەت - پاراغەت ۋە ئەيش - ئىشرەتنى تۇرمۇشنىڭ مەقسىتى دەپ قارىمايمەن.

— ئېينىشتېين

ياشلىق دەۋر بىر قىسقا چۈش، سىز بۇ چۈشتىن ئويغانغاندا ئۇ ئاللىقاچان ئىز - دېرەكسىز غايىپ بولغان بولىدۇ.

— شېكسپىر

بىزنىڭ ياشلىرىمىز ئۈزلۈكسىز ئۆسۈۋاتقان، ئۈزلۈكسىز ئۆرلەۋاتقان كۈچلەر. ئۇلارنىڭ بۇرچى تارىخ مەنتىقىسىگە ئاساسەن يېڭىچە تۇرمۇش شەكلى ۋە تۇرمۇش شارائىتىنى يارىتىشتىن ئىبارەت.

— گوركىي

توغرا يول مۇنداق بولىدۇ: ئەجدادلىرىڭىزنى قوبۇل قىلىپ، ئاندىن ئىلگىرىلەش.

— تولستوي

(خەنزۇچە «ئائىلە تەربىيىسى قامۇسى» دىن قاراقاش ناھىيىلىك پارتكوم ئىشخانىسىدىكى كامالجان تالىپ تەرجىمە قىلغان).

# ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مىللىي ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرلىرى قوشۇنىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش * (1)

ئابدۇلھەمىد ھەكىم
(شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى مائارىپ ئىنستىتۇتى لېكتورى)

## 1. مىللىي ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرلىرىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

مائارىپ خىزمىتى چوقۇم سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى مائارىپنى ئاساس قىلىشى، شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرىدا مىللىي مائارىپ، جۈملىدىن ئۇيغۇر مائارىپى مۇھىم ئورۇنغا قويۇلۇشى كېرەك.

نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىز مىللىي مائارىپىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى بولۇپمۇ سۈپىتى زادى قانداق؟ بۇ مەسىلىنى چۈشىنىشتە بىز تۆۋەندىكى سېلىشتۇرۇش جەدۋىلىنى كۆرۈپ ئۆتىمىز.

1980 - يىلدىن بۇيانقى بىرقانچە يىلدىكى مىللىي، خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىش نومۇر سىزىقىنى سېلىشتۇرۇش جەدۋىلى

| تولۇق كۇرس | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| يىل | خەنزۇ، مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي پەرقى | | | | مىللىي ئوقۇغۇچىلار | | | | خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار | | | |
| | ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ | | نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپ | | ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ | | نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپ | | ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ | | نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپ | |
| | تەبىئىي پەن | ئىجتىمائىي پەن | تەبىئىي پەن | ئىجتىمائىي پەن | تەبىئىي پەن | ئىجتىمائىي پەن | تەبىئىي پەن | ئىجتىمائىي پەن | تەبىئىي پەن | ئىجتىمائىي پەن | تەبىئىي پەن | ئىجتىمائىي پەن |
| 1980 | 33 | 21 | | | 267 | 256 | | | 300 | 277 | 340 | 300 |
| 1981 | 35 | 0 | | | 305 | 280 | | | 315 | 305 | 356 | 360 |
| 1983 | −64 | 12 | −60 | 0 | 469 | 400 | 500 | 425 | 405 | 412 | 440 | 425 |
| 1984 | 65 | 120 | 55 | 99 | 300 | 295 | 350 | 329 | 365 | 415 | 405 | 428 |
| 1985 | 200 | 118 | 152 | 113 | 200 | 297 | 288 | 317 | 400 | 415 | 440 | 430 |
| 1994 | 150 | 106 | 144 | 78 | 335 | 368 | 378 | 410 | 485 | 474 | 522 | 488 |
| 1995 | 155 | 138 | 155 | 117 | 310 | 337 | 347 | 372 | 465 | 475 | 502 | 489 |
| 1996 | 186 | 194 | 172 | 151 | 287 | 322 | 326 | 375 | 473 | 516 | 498 | 526 |

جەدۋەلدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، 1983 - يىلدىن بۇرۇن مىللىي مائارىپىمىزنىڭ سۈپىتى خېلىلا ياخشى بولۇپ، خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا نومۇر سىزىقى جەھەتتىكى پەرق يوق دېيەرلىك

* بۇ، «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللىي ئاساسىي مائارىپىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر» تەتقىقاتى تېمىسىدىكى ماقالىلەرنىڭ بىرى.

ئىدى، ھەتتا 1983 - يىلى تەبىئىي پەن نومۇر چېكى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭكىدىن ئېشىپ كەتكەن ئىدى. ئەمما، 1984 - يىلدىن بۇيان سىياسەت تۈزىتىلمەشكە، نومۇر پەرقى چوڭىيىشقا باشلىغان. 1996 - يىلغا كەلگەندە مىللىي، خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ نومۇر پەرقى 150 دىن ئېشىپ كەتكەن. بۇ، مائارىپ سۈپىتى جەھەتتىكى پەرقنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. بۇ خىل ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى سەۋەبلەر كۆپ تەرەپلىمە بولۇپ، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، ئوقۇتۇش ئۈسكىنە - ئەسلىھەلىرى، مائارىپ مەبلىغى، مەكتەپ باشقۇرۇش قاتارلىق ئامىللارنىڭ ھەممىسى مىللىي مائارىپنىڭ سۈپىتىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەمما مېنىڭ قارىشىمچە ئوقۇتقۇچىنىڭ خىزمەت ئاكتىپلىقى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش تەشەببۇسكارلىقىنى قوزغاش، مائارىپ مەبلىغى ۋە ئۈسكۈنە - ئەسلىھەلەردىن تولۇق، ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش قاتارلىقلار مەكتەپ رەھبەرلىكىنىڭ باشقۇرۇش سەۋىيىسى ۋە ساپاسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇنداقتا مىللىي مەكتەپلەر مۇدىرلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى زادى قانداق؟ بۇ مەسىلىنىڭ جاۋابىنى تېپىش ئۈچۈن بىز «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۇيغۇرلار مائارىپىدىكى ئاساسىي مەسىلىلەر تەتقىقاتى» گۇرۇپپىسىدىكىلەر 1998 -، 1999 - يىللىرى ئىككى يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئۈرۈمچى ۋە قەشقەر رايونىدىكى بىرقىسىم ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە بېرىپ، مەكتەپ مۇدىرلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە زىيارەت قىلىش ئارقىلىق بىرقىسىم مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارغا ئېرىشتۇق.

نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللىي ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرلىرى قوشۇنىنىڭ ئومۇمىي ساپاسى تۆۋەندىكىچە:

1) سىياسىي ساپاسى بىرقەدەر يۇقىرى.

بىز تەكشۈرۈش داۋامىدا ئۇچراشقان 14 نەپەر مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ھەممىسىلا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئالاھىدە دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى، بەزىلىرى بولسا ئوقۇتۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدىن ياكى ئاساسىي قاتلامدىن كەلگەن مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلار، يەنە بەزىلىرى يەرلىك مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرى تاللاپ بېكىتكەن خادىملار بولۇپ، كېلىش مەنبىئى بىرقەدەر مۇۋاپىق.

2) ياش قۇرۇلمىسى بىرقەدەر مۇۋاپىق.

تەكشۈرۈش ئوبيېكتى بولغان مۇدىرلار ئىچىدە يېشى 50 دىن يۇقىرىلار 35.7% نى، 40 ياشتىن 50 ياشقىچە بولغانلار 21.5% نى، 30 ياشتىن 40 ياشقىچە بولغانلار 42.8% نى ئىگىلىگەن. گەرچە ئۇلارنىڭ ياش قۇرۇلمىسىدا يۇقىرى ياشلىقلارنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى سەل يۇقىرى بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار روھىي جەھەتتىن ناھايىتى ئېتىك ۋە جانلىق.

3) ئوقۇش تارىخى قاتلىمى بىرقەدەر تۆۋەن.

تەكشۈرۈش ئوبيېكتلىرى ئىچىدە ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىدىكىلەر 21.4% نى، ئالىي مەكتەپ مەخسۇس كۇرس سەۋىيىسىدىكىلەر 64.3% نى، ئالىي مەكتەپ تولۇق كۇرس سەۋىيىسىدىكىلەر بولسا ئارانلا 14.3% نى ئىگىلىگەن. دېمەك، ئوقۇش تارىخى سەۋىيىسى ئومۇمىي جەھەتتىن بىرقەدەر تۆۋەن.

4) مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك يېرى شۇكى، ئۇيغۇر ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرلىرىنىڭ خىزمەت پوزىتسىيىسى ئاكتىپ، جانلىق بولۇپ، زور كۆپ ساندىكى مۇدىرلار ئۆز كەسپىنى قىزغىن سۆيىدىكەن، يەنە ئاز بىرقىسىملار بولسا كەسىپ ئۆزگەرتىشنى ئارزۇ قىلىدىكەن.

5) ئىسلاھات، باشقۇرۇش ئېڭى بىرقەدەر يۇقىرى، ئەمما باشقۇرۇش بىلىملىرى كەمچىل بولۇپ، ئۇ، ئەمەلىي ھەرىكەت بولۇپ شەكىللىنەلمىگەن. تەكشۈرۈش ئوبيېكتى بولغان مۇدىرلارنىڭ ھەممىسى

دېگۈدەك نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مىللىي مائارىپ، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ئاساسىي مائارىپ ساپاسىنىڭ تۆۋەنلىكىنى، ئۇنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تونۇپ يەتكەن بولسىمۇ، ئەمما باشقۇرۇش بىلىملىرىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى تۈپەيلى دائىم دېگۈدەك ئۆز تەجرىبىسىگە تايىنىپ ئىش كۆرگەچكە خىزمەت ئۈنۈمىمۇ تۆۋەن بولغان، ئۇلار ئۆزلىرىمۇ خىزمەتتە قىيىنلىش ھېس قىلغان. بۇ مۇدىرلار ئىچىدە ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن قىسقا مۇددەتلىك كۇرستا (ئىككى ھەپتە) تەربىيىلەنگەنلەر ئىككى نەپەر ئىكەن، ئۇزۇن مۇددەتلىك كۇرستا (ئادەتتە يېرىم يىلدىن ئارتۇق) تەربىيىلەنگەنلەردىن بىرسىمۇ يوق ئىكەن. بەزى مۇدىرلار ھەتتا ساپا مائارىپى، نىشانلىق ئوقۇتۇش دېگەندەك ئۇقۇم خاراكتېرلىك بىلىملەرنىمۇ ئېنىق چۈشەنمەيدىكەن. ئۇلارنىڭ باشقۇرۇش ئۇسۇلى ۋە شەكلىمۇ بىر قەدەر قالاق، بەزىلىرىنىڭ مائارىپ قانۇن - تۈزۈملىرى، سىياسەتلىرىگە بولغان چۈشەنچىسىمۇ يېتەرسىز بولۇپ، قانۇن ئارقىلىق مەكتەپ باشقۇرۇشنى ياخشى بىلمەيدىكەن. ئەمما، دەل مۇشۇ تەرەپلەر مائارىپ ساپاسىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئۈنۈملۈك رەھبەرلىك رولى - ھوقۇق تەسىرىدىن باشقا ئىناۋەت تەسىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پەقەت ھوقۇق تەسىرىگە تايانغاندا ياخشى رەھبەرلىك قىلغىلى بولمايدۇ. ئىناۋەتنىڭ تەسىر كۈچى ئىككى تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ: بىرسى، ئۇنىڭ بىلىم تەجرىبىسى. بۇ، ۋەزىپىگە سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ زور تەسىر پەيدا قىلالايدۇ. يەنە بىرسى، ئەخلاق - پەزىلەت ۋە ئەمەلىي ھەرىكەت.

دېمەك، يۇقىرىقىلاردىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇكى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۇيغۇر ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرلىرىنىڭ سىياسىي ساپاسى بىر قەدەر يۇقىرى، ياش قۇرۇلمىسى بىر قەدەر مۇۋاپىق بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئوقۇش تارىخى قاتلىمى بىر قەدەر تۆۋەن، باشقۇرۇش ئىلمى جەھەتتىكى بىلىملىرى كەمچىل، باشقۇرۇش ئىقتىدارى بىر قەدەر ئاجىز ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، مانا شۇ باشقۇرۇش بىلىمىنىڭ كەمچىل بولۇشى، ئوقۇش تارىخى سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەن بولۇشى، باشقۇرۇش قابىلىيىتىنىڭ تۆۋەنلىكى نۆۋەتتە مىللىي ئاساسىي مائارىپ ساپاسىنىڭ تۆۋەنلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان ئامىللارنىڭ بىرى. شۇڭا، مىللىي مۇدىرلارنىڭ كەسپىي قابىلىيىتى ۋە بىلىم سەۋىيىسىنى تېزلىكتە يۇقىرى كۆتۈرۈش ئارقىلىق، پۈتكۈل مىللىي ئاساسىي مائارىپ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، 21 - ئەسىرگە يېڭى قىياپەتتە قەدەم تاشلاش مىللىي مائارىپ ئالدىغا قويۇلغان چوڭ بىر مەسىلە.

بۇنى ھەل قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مىللىي ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەربىيىلەپ ۋە ئۇلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ ۋەزىپىگە قويۇشتىكى ئىلغار تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنىش كېرەك.

## 2. مىللىي ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرلىرىنى تەربىيىلەشنى كۈچەيتىش مەسىلىسى

21 - ئەسىرگە يۈزلەنگەن مائارىپ چوقۇم تەپەككۇر شەكلى، پائالىيەت شەكلى، قىممەت قارىشى قاتارلىق جەھەتلەردە زامانىۋىلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى كېرەك. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللىي مائارىپىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس، ئەلۋەتتە. شۇڭا، يۇقىرى ساپالىق ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرلىرى قوشۇنىنى بەرپا قىلىش نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىز مىللىي ئاساسىي مائارىپىدىكى بىر تۈرلۈك تۈپ ۋەزىپە بولۇپ، ئۇنى ئورۇنداشنىڭ ئاساسىي يولى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مىللىي ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەربىيىلەپ چىقىش. ئۇنداقتا، ئۇلارنى تەربىيىلەشتە قايسى تەرەپلەردىن قول سېلىش كېرەك؟ مېنىڭچە تەربىيىلەش مەزمۇنلىرى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تەرەپلەرنى

ئۆز ئىچىگە ئېلىشى لازىم:

1) زامانىۋى باشقۇرۇش ئۇسۇل - ۋاستىلىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئىگىلەش.

ھازىرقى ۋاقىتتا ئىلمىي باشقۇرۇش بىر گۇرۇپپىنىڭ خىزمەت سۈپىتى، ئىشلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئامىلغا ئايلاندى. باشقۇرۇشتىن ئۈنۈمگە ئېرىشىش، باشقۇرۇشتىن سۈپەتكە ئېرىشىش - كىشىلەرنىڭ ئورتاق قارىشى بولۇپ قالدى. شۇڭا، بىز مەكتەپ مۇدىرلىرىنى تەربىيىلەشتىمۇ ھازىرقى زامان مائارىپ باشقۇرۇش نەزەرىيىۋى بىلىملىرىنى ئىگىلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنى ھازىرقى زامان باشقۇرۇش ۋاستىسى ۋە ئۇسۇللىرىنى ئىگىلىۋېلىش ۋە ئۇنى ياخشى ئىشلىتىش ئارقىلىق، باشقۇرۇش ئۈنۈمىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز كېرەك. نۆۋەتتە، باشقۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيەت تەتقىقاتىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ھازىرقى زامان باشقۇرۇش ئۇسۇللىرى ۋە ۋاستىلىرى بارغانسېرى كۆپ خىللىشىشقا، ئىلمىيلىشىشكە يۈزلەنمەكتە. ھازىرقى زامان باشقۇرۇش نەزەرىيىسىدە سوبيېكتىپ باشقۇرۇش ئەڭ ياخشى ئەندىزە دەپ قارىلىدۇ. ئۇنىڭدا، باشقۇرۇلغۇچىلار خوجايىن دەپ قارىلىپ، ئۇلارنىڭ باشقۇرۇشقا قاتنىشىپ، باشقۇرۇش جەريانىدىكى تەشەببۇسكارلىقى، ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش تەكىتلىنىدۇ. بۇ خىل ئەندىزە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش ئالاھىدىلىكى ۋە تەلىپىگە ماس كېلىدۇ. چۈنكى، ئاپتونوم رايونىمىزدا بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ قاتتىق ئەسلىھە قۇرۇلۇشى يەنىلا خېلى قالاق، دۆلەت مالىيىسىدىن ئاجرىتىلغان مائارىپ مەبلىغىنىڭ 80% دىن كۆپرەكى پەقەت ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچىلەرنىڭ مائاش ۋە باشقا تەمىناتىغىلا يېتىدۇ. دېمەك، ئاممىۋى مائارىپ راسخوتىنىڭ ئىگىلەيدىغان نىسبىتى ناھايىتى تۆۋەن. شۇڭا، بەزى مەكتەپلەردە توك بار تۇرۇپ لامپۇچكا ياقالماسلىق، ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش قوراللىرىنى ئىشلىتەلمەسلىك، سۇ تۇرۇبىسى بار تۇرۇپ، سۇ ئىشلىتەلمەسلىك؛ كىتاب - ماتېرىيال ئۆيى بولماسلىقتەك ئەھۋاللار يەنىلا مەۋجۇت. بۇ خىل ئەھۋالدا سوبيېكتىپ باشقۇرۇشنىڭ رولى تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. مەكتەپ مۇدىرلىرى چوقۇم جەريان تېزگىنلەش باشقۇرۇشىدىن سوبيېكتلارنى ماسلاشتۇرۇش باشقۇرۇشىغا ئۆتۈشى لازىم. ئەلۋەتتە بەلگىلىك قائىدە - تۈزۈملەر زۆرۈر باشقۇرۇش ۋاستىلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، مەكتەپ مۇدىرى بۇ قائىدە - تۈزۈملەرنى ئۆلۈك مىزانغا ئايلاندۇرۇپ قويماسلىقى، پرىنسىپاللىق بىلەن جانلىقلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىرتەرەپ قىلىشى، باشقۇرۇشنىڭ «دەرىجىسى» نى ياخشى ئىگىلىشى كېرەك. مەكتەپ مۇدىرىدا چوقۇم باشقىلارنى ھۆرمەتلەش، ھېسسىيات ئارقىلىق باشقىلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈش، ھېسسىيات ئارقىلىق باشقىلارنى تەسىرلەندۈرۈش ئىدىيىسى بولۇشى، ئۇلار باشقىلارنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى قېزىپ چىقىشى، باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى، تالانتىنى جارى قىلدۇرۇشى، تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈشى، مۇۋاپىق ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشى، بۇ ئارقىلىق مەكتەپكە ھەقىقىي رەھبەرلىك قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى كېرەك.

2) مەكتەپ مۇدىرلىرىنىڭ سىياسىي سەزگۈرلۈكىنى ئۆستۈرۈش، ئىسلاھات ئىشەنچىسىنى كۈچەيتىش.

كېيىنكى ئەۋلادلارنى ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي جەھەتلەردىن ئەتراپلىق يېتىلگەن سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ ئىزباسارلىرى ۋە قۇرغۇچىلىرىدىن قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش ياكى چىقالماسلىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك مۇقىملىقى ۋە گۈللەپ ياشنىشىغا مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە. ئۇ شىنجاڭنى قانداق قىياپەتتە 21 - ئەسىرگە يۈزلەندۈرۈشنى بەلگىلەيدۇ. شۇڭا، بىز مىللىي مۇدىرلارنى

تەربىيىلەشتە ئۇلارنىڭ سىياسىي سەزگۈرلىكىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز، ئۇلارغا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ۋە ۋەزىيەت تەربىيىسىنى كۈچەيتىشىمىز، ئۇلارنى ئۆگىنىشنى تەكىتلەيدىغان، سىياسىينى تەكىتلەيدىغان، ھەققانىيەتنى ياقلايدىغان، ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش شارائىتى ئاستىدا ھەر خىل مۇرەككەپ مۇھىت ئىچىدە كاللىسىنى سەگەك تۇتۇپ، ياخشى باشلامچى بولۇپ، مائارىپ نىشانىغا كاپالەتلىك قىلالايدىغان قىلىپ چىقىشىمىز لازىم. دېڭ شياۋپىڭ: «ھازىرقــــى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 1 ـ يىللىقىدىكى باللار 10 نەچچە يىللىق مەكتەپ تەربىيىسى ئارقىلىق 21 ـ ئەسىردىكى چوڭ ئىشلارنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان جەڭگىۋار قوشۇنغا ئايلىنىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىمۇ: «ئەڭ زور تىرىشچانلىق بىلەن مائارىپنى تۇتۇش ھەممە ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەردىن باشلاپ تۇتۇش» نى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ، ناھايىتى زور ئىستراتېگىيىلىك قاراشتۇر. شۇڭا، ھازىردىن باشلاپ ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى چىڭ تۇتمايدىغان بولساق، چوڭ ئىشتا دەخلى يەتكۈزۈپ، تارىخىي جاۋابكارلىققا تارتىلىمىز. بۇ خىل ئىستراتېگىيىلىك نۇقتىدىن مائارىپنى تونۇپ يېتىپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، ئۆز جايىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان مەكتەپ تەرەققىيات ئەندىزىسىنى تاللاپ چىقىش ـ مەكتەپ مۇدىرلىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى. بىز ئېرىشكەن مەلۇماتتىن قارىغاندا، «ئۇيغۇرلار ئاساسىي مائارىپىنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق ئەندىزىسى» توغرىسىدا مىللىي مەكتەپ مۇدىرلىرىدىن %41.7 كىشى ساپ ھالەتتىكى مىللىي ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلىرى ئەڭ مۇۋاپىق دەپ قارايدىكەن، %41.6 كىشى شۇ جايدىكى مىللىي ۋە خەنزۇ مەكتەپلەر ئۆزئارا ھەمكارلىشىش شەكلىدىكى مائارىپ ئەندىزىسى مۇۋاپىق دەپ تونۇيدىكەن، %16.7 كىشى بولسا مىللىي، خەنزۇ بىرلەشمە شەكلىدىكى مەكتەپ ئەندىزىسىنى قوللايدىكەن. ئەمما مىللىي، خەنزۇ بىــــرلەشمە مەكتەپلىرىنىڭ مۇدىرلىرىدىن %33.3 كىشى ساپ ھالەتتىكى مىللىي مەكتەپ ئەندىزىسىنى ياخشى دەپ قارىسا، %66.7 كىشى مىللىي، خەنزۇ بىرلەشمە مەكتەپ ئەندىزىسى مۇۋاپىق دەيدىكەن.

رايونىمىزدىكى قوش تىللىق ئوقۇتۇشنىڭ مۇۋاپىق ئەندىزىسى توغرىسىدا، مىـــللىي مەكتەپ مۇدىرلىرىنىڭ %75 تى دەرسلەرنى ئۇيغۇرچە ئۆتۈشنى، %16.7 تى دەرسلەرنىڭ يېرىمىنى خەنزۇ تىلىدا، يېرىمىنى ئۇيغۇر تىلىدا ئۆتۈشنى ياخشى دەپ قارايدىكەن؛ %8.3 كىشى دەرسلەرنىڭ ھەممىسىنى خەنزۇ تىلىدا ئۆتۈشنى، ئۇيغۇر تىلى دەرسلىكىنى ئايرىم تەسىس قىلىشنى مۇۋاپىق دەيدىكەن. دېمەك، قايسى خىل مەكتەپ ۋە ئوقۇتۇش ئەندىزىسى ئەڭ مۇۋاپىق؟ بۇ مەسىلىنىڭ جاۋابى يەنىلا نەزەرىيىنىڭ تەتقىقاتى ۋە ئەمەلىيەتنىڭ ئىسپاتلىشىغا باغلىق.

3) مائارىپ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىنى كۈچەيتىش، مەكتەپ ئىسلاھاتىغا رەھبەرلىك قىلىش سەنئىتىنى ئىگىلىتىش.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاتاقلىق پېداگوگىكى سۇخوملىنسكى: «مەكتەپكە رەھبەرلىك قىلىشتا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغىنى مائارىپ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكى، مەمۇرىي رەھبەرلىك بولسا 2 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. مەكتەپ مۇدىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئالدى بىلەن مائارىپ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىك ئېغىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق ماكرو جەھەتتىن مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك. 21 ـ ئەسىرگە يۈزلەنگەن ئاساسىي مائارىپنىڭ توپ ئالاھىدىلىكى دەۋر چاقىرىقىنى قوبۇل قىلىپ، ئادەمنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاش. شۇڭا، مەكتەپ مۇدىرلىرى ئۆزلىرىنىڭ مائارىپ ئىدىيىسىنى يېڭىلاپ، بۇرۇنقى پەقەت ئاز ساندىكى ئوقۇغۇچىلارغىلا مەسئۇل بولۇش ئېغىنى ئۆزگەرتىپ، ئاساسىي مائارىپنى بارلىق ئوقۇغۇچىلارغا يۈزلەندۈرۈش، ئوقۇغۇچىلارغا ئادەم

بولۇشنى، ھېلىم ئېلىشنى، ياشاشنى، بەدەن چېنىقتۇرۇشنى ئۆگىتىشنى تەكىتلىشى لازىم. ئۇنىڭدىن سىرت يەنە مەكتەپ مۇدىرلىرىنىڭ مائارىپ تەتقىقاتى ۋە باشقۇرۇش قابىلىيىتىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئۇلارغا پەن تەتقىقاتى ۋە باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ئىگىلىتىش، مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىدىكى قىززىق نۇقتىلىق مەسىلىلەرنى تەپەككۇر قىلىشنى ئۆگىتىش لازىم. ئۇلارنىڭ نەزەرىيە سەۋىيىسىنى، ئىجادىيەت قابىلىيىتىنى، مەكتەپنىڭ ئىسلاھات تەجرىبىلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ئۇنى تەشكىللەش ئىقتىدارى قاتارلىقلارنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئارقىلىق، مەكتەپ تەربىيە سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

4) مەكتەپ مۇدىرلىرىنىڭ يۈكسەك ئەخلاقىي ـ پەزىلىتىنى شەكىللەندۈرۈش.

بىر مۇدىرنى باھالاشتا ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتىگە قاراش كېرەك. چۈنكى مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئېسىل پەزىلىتى ناھايىتى كۈچلۈك تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ۋە ئۈلگە كۆرسىتىپ، ئۇيۇشتۇرۇش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ. مەكتەپنى ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش ئۈچۈن، مەكتەپ مۇدىرى تېخىمۇ كۈچلۈك ئەخلاقىي جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بولۇشى كېرەك.

(1) ئۇلاردا يېڭىلىق يارىتىش، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش ۋە دېموكراتىيە ئېڭى بولۇشى كېرەك. ئىلمىي باشقۇرۇش نەزەرىيىسى ھەرقانداق شەيئىنى يېڭىلاش، ياخشىلاش ئىمكانىيىتى بولىدۇ دەپ قارايدۇ. شۇڭا، مەكتەپ مۇدىرلىرىدا يېڭىلىق يارىتىش روھى بولغاندىلا ئاندىن كۆپچىلىكنى باشلاپ ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيدۇ. ئەكسىچە قائىدە ـ تۈزۈملەرگە ئۆلۈك ھالدا چىڭ ئېسىلىۋېلىپ، كونا، قالاق نەرسىلەرنى ئۆزگەرتىشكە جۈرئەت قىلمىسا ياخشى رەھبەر بولالمايدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا ئىسلاھات داۋامىدا مەكتەپ مۇدىرى دېموكراتىيىنى تەكىتلىشى، پارتكوم رەھبەرلىك قىلىش، مەكتەپ مۇدىرى مەسئۇل بولۇش، ئامما نازارەت قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىلمىيلىك بىلەن توغرا بىرتەرەپ قىلىپ، مەكتەپنىڭ دېموكراتىيىلىشىش مۇساپىسىنى تېزلىتىشى لازىم.

(2) كەسكىن، مەسئۇلىيەتچان ۋە كەسپ ئەھلى بولۇشى كېرەك. مەكتەپ مۇدىرىنىڭ باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلىش جەريانىدا ئىپادىلىگەن ياخشى پەزىلىتى ۋە ھەرىكىتى كىشىلەرگە نىسبەتەن ھەقىقىي قايىل قىلىش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۆگىنىش ئۈلگىسى بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئەمەلىيىتىنىڭ قانداق بولۇشى ئۇنىڭ ئىناۋىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە پايدىلىق. ئەگەر مەكتەپ مۇدىرى چوڭ ھوقۇقنى ئۆزىلا ئىگىلىۋېلىپ، نەتىجىنى ئۆزىنىڭلا قىلىۋېلىپ، مەسئۇلىيەتتىن قاچسا ئۇنداقتا ئۇ ئاممىدىن يىراقلىشىپ، يەككە ـ يىگانە بولۇپ قالىدۇ ھەمدە ياخشى مەكتەپ مۇدىرى بولالمايدۇ.

(3) ئۆز كەسپىنى قىزغىن سۆيىدىغان، پاكلىقنى قەدىرلەيدىغان، شەخسىيەتسىز تۆھپە قوشىدىغان، قەتئىي تەۋرەنمەيدىغان روھ بولۇشى كېرەك. ئۇلار چوقۇم ئۆز كەسپىنى قىزغىن سۆيۈشى، ئوقۇغۇچىلارنى قىزغىن سۆيۈشى، خاتىرجەم، ئاددىي ـ ساددا ھالدا تەربىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، جاپا ـ مۇشەققەتلىك مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىشى لازىم.

يۇقىرىقىلار مېنىڭ مەكتەپ مۇدىرلىرىنى تەربىيىلەش مەزمۇنىغا قارىتا ئوتتۇرىغا قويغان بىرقىسىم يۈزەكى قاراشلىرىم. بۇلارغا نىسبەتەن كەڭ مۇدىرلار ۋە كەسپداشلارنىڭ قىممەتلىك پىكىرلىرىنى بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

# ئالىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش قوشۇنى قۇرۇلۇشىدا ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك بىرقانچە مەسىلە

مۇھەممەدئەمىن توختى
(ئىنستىتۇتىمىز ئوقۇتۇش - پەن تەتقىقات باشقارمىسى)

ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش قوشۇنى ـ ئالىي مەكتەپلەردىكى ئاساسىي قوشۇننىڭ بىرى. ئۇ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى، سىياسىي خىزمەت قوشۇنى، ئارقا سەپ قوشۇنىغا ئوخشاش مەكتەپتە مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، سىياسىي ۋە كەسپىي ساپاسى مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش تەرتىپىنىڭ مۇقىملىقىغا ۋە ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش سۈپىتىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئالىي مەكتەپلەر ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئىختىساسلىق خادىملارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشتا جەزمەن ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنىمۇ كۈچەيتىشى، قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق، نىسبەتەن مۇقىم بولغان يۇقىرى ئىقتىدارلىق باشقۇرۇش كادىرلىرى قوشۇنى قۇرۇپ چىقىشى لازىم. بىراق ئۇزۇندىن بېرى ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇشنىڭ ئورنى ۋە رولىغا قارىتا تونۇش يېتەرلىك بولمىغاچقا، بەزى مەسىلەر ساقلىنىپ كەلدى. ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئالىي مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە مائارىپ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىرنەچچە مەسىلىنى چوڭقۇر چۈشىنىشىمىز لازىم.

## 1. ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇشنىڭ مەكتەپ خىزمىتىدىكى ئورنى ۋە رولى

مەكتەپ مائارىپىدا ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش ئاساسەن ئوقۇتۇش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ، ئالىي مەكتەپلەردىكى دائىملىق خىزمەت. ئۇنىڭ تۇتقان ئورنى ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇشنىڭ ئالىي مەكتەپلەردىكى ئورنى ۋە رولىنى بەلگىلىگەن. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا باشقۇرۇش ئورۇنلىرى كۆپ، خىزمەتنىڭ باش - ئاخىرى يوق. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش باشتىن - ئاخىر ئاساسىي باشقۇرۇش مەزمۇنىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ، ئوقۇتۇش ۋە تەربىيىلەش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن بىۋاسىتە خىزمەت قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئالىي مەكتەپلەر ئوقۇتۇشنى ئاساس قىلىشتا قەتئىي چىڭ تۇرۇشى، ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇشنى ياخشى ئىشلىشى زۆرۈر. بۇ، ئالىي مەكتەپ خىزمەتلىرى ئىچىدە ئىنتايىن مۇھىم.

## 2. ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش كادىرلىرى ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئاساسىي ساپا

ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش خادىملىرىنىڭ خىزمىتى ئەقلىي ئەمگەكنى ئاساس قىلغان ئىجادىي خاراكتېرلىك ئەمگەك. ئۇنىڭ ئىلمىيلىكى ناھايىتى كۈچلۈك. ئۇ يەنە سىياسەتچانلىققا، كەسىپچانلىققا

ئىگە. بۇ خىزمەتنى ياخشى ئورۇنلاش ئۈچۈن زۆرۈر ئوبيېكتىپ شارائىت بولغاندىن باشقا ئوقۇتۇشنى باشقۇرغۇچى كادىرلاردا ياخشى سىياسىي ساپا، بىلىم ساپاسى، ئىقتىدار ساپاسى ۋە باشقا ساپالار ھازىرلانغان بولۇشى كېرەك.

1) سىياسىي ساپا

(1) توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇش لازىم. ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش خادىملىرى تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن سىياسىي جەھەتتە بىردەك بولۇشى، ئالىي مائارىپنى كەلگۈسىگە يۈزلەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا بىزنىڭ ئالىي مائارىپىمىز سوتسىيالىزم يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، كەلگۈسىگە ياراملىق ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلىشىش ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، ئۇلۇغ تەرەققىياتنى بارلىققا كەلتۈرەلەيدۇ.

(2) ماركسىزملىق مائارىپ قارىشىدا چىڭ تۇرۇش لازىم. دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق مەيدان، كۆز قاراش، ئۇسۇل بويىچە ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش جەريانىدىكى مەسىلىلەرنى كۆزىتىشىمىز، تەھلىل قىلىشىمىز ۋە ھەل قىلىشىمىز، مەسىلىلەرگە قاراشتا سوبيېكتىپ بىر تەرەپلىمىلىكتىن ۋە شەكىلۋازلىقتىن ساقلىنىشىمىز لازىم.

(3) بەلگىلىك سىياسىي سەۋىيە بولۇشى لازىم. ئوقۇتۇشنى باشقۇرغۇچىلار پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى، جۇملىدىن مائارىپ فاڭجېنىنى، مائارىپنىڭ قائىدە - نىزاملىرىنى ۋە سىياسەتلىرىنى پىششىق بىلىشى كېرەك. ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپى ئاساسىدا مەكتەپنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن تۈرلۈك قائىدە - تۈزۈملەرنى يولغا قويۇشى لازىم. سىياسەتنى ئىجرا قىلغاندا، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشى، روھلۇق بولۇشى، ئومۇمنىڭ ئىشىنى ئادىل بېجىرىشى، شەخسىيەتچىلىك قىلماسلىقى، ناتوغرا ئىستىللارغا قەتئىي قارشى تۇرۇشى لازىم.

(4) پارتىيىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا سادىق بولۇشى، ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى قىزغىن سۆيۈشى لازىم. ئوقۇتۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىرادىسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشى، نام چىقىرىشنىلا كۆزلىمەي، كۆپرەك ئەمەلىي ئىش قىلىشى لازىم. ئاددىي خىزمەت ئورنىدا خاتىرجەم ئىشلەپ، ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى خىزمەت ھەم پارتىيىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، يۇقىرى كەسىپچانلىق بىلەن قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئۆز خىزمىتىنى تىرىشىپ ئىشلىشى كېرەك.

2) بىلىم ساپاسى

(1) ھازىرقى زامان باشقۇرۇش ئاساسىي بىلىملىرىنى ئىگىلىگەن بولۇشى، ئالىي مائارىپنى، ئالىي مەكتەپلەرنى باشقۇرۇش ئاساسىي نەزەرىيە بىلىملىرىنى ياخشى ئىگىلىشى، ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش قائىدە - قانۇنلىرىنى ۋە بۇ خىزمەتنىڭ كەسىپ دائىرىسىنى، خىزمەت تەرتىپلىرى ۋە ئۇسۇللىرىنى پىششىق بىلىشى، ئۆز مەكتىپىنىڭ (ئۆز فاكۇلتېتىنىڭ) كەسىپلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىش ئەھۋالىنى، تەربىيىلەش نىشانىنى، ئوقۇتۇش پىلانىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى، دەرسلەرنىڭ تەسىس قىلىنىشى قاتارلىقلارنى چۈشىنىشى لازىم.

(2) ھازىرقى زامان پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئىگىلىشى كېرەك. ئالىي مائارىپ ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ باشقۇرغۇچىلارغا نىسبەتەن پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىگە بولغان تەلىپى بارغانسېرى ئاشماقتا. ئوقۇتۇشنى باشقۇرغۇچى كادىرلار مول پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىگە ئىگە بولغاندىلا ئاندىن چىن كۆڭلىدىن ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ بارالايدۇ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارغا ئارىلىشالايدۇ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئورتاق تىلغا ئىگە بولالايدۇ، ئوقۇتۇش ئەھۋالىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنەلەيدۇ، مۇلازىمەت خىزمىتىنى ئاكتىپلىق بىلەن ئىشلىيەلەيدۇ.

3) ئىقتىدار ساپاسى

ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش كادىرلىرىدا كۈچلۈك ئىقتىدار ساپاسى بولۇشى لازىم. بۇ، ماتارىپ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى ھەم ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ھالقىسى.

(1) بىرقەدەر كۈچلۈك پىلانلاش، لايىھىلەش، تەشكىللەش، ئورۇنلاشتۇرۇش، كونترول قىلىش ۋە ماسلاشتۇرۇش ئىقتىدارى بولۇشى لازىم. بۇ، ئوقۇتۇش تەرتىپىنى تۈزۈش، ئوقۇتۇش پىلانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە كۈندىلىك مەمۇرىي خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاساسىي ماھارىتى.

(2) بىرقەدەر ياخشى تەتقىق قىلىش ئىقتىدارى بولۇشى كېرەك. ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئىلمىيلىكى ناھايىتى كۈچلۈك. مەسىلەن، كەسىپنى تەسىس قىلىش بىلەن ئۆزگەرتىش، ئوقۇتۇش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىش بىلەن تۈزىتىش كىرگۈزۈش، ئوقۇتۇش مەزمۇنى بىلەن ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىش، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى باھالاش بىلەن باشقۇرۇش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇۋاپىق بىلىم ۋە ئىقتىدار قۇرۇلمىسىنى يېتىشتۈرۈش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىلمىيلىكى ئىنتايىن كۈچلۈك تەتقىقات تېمىلىرى، بۇلار ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش كادىرلىرىنىڭ ئاما ئىچىگە چوڭقۇر چۆكۈشى، كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىپ، ماھىرلىق بىلەن تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىشنى، مەسىلىلەرنى ماھىرلىق بىلەن سېزەلەيدىغان، ئوتتۇرىغا قويالايدىغان بولۇشنى، تەھلىل قىلىش ۋە ھەل قىلىش ئىقتىدارى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

(3) نىسبەتەن ياخشى ئىپادىلەش ئىقتىدارى بولۇشى لازىم. ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش خادىملىرى مەكتەپ تەشكىلىنىڭ كارنىيى ۋە كۆز ـ قۇلىقى. ئۇلار يۇقىرىغىمۇ، تۆۋەنگىمۇ بېرىشى، ئاممىنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىپ، يۇقىرىغا يەتكۈزۈش خىزمىتىنى ئىشلىشى، ھۆججەت تەييارلىيالىشى، خۇلاسە ۋە دوكلات يېزىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىيەلىشى كېرەك.

4) باشقا ساپالار

(1) ئەخلاقىي ساپا. پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشى، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىشى، ئومۇمنىڭ ئىشىدا پاك ـ دىيانەتلىك بولۇشى، ئوچۇق ـ ئاشكارە بولۇشى، شەخسىي مەنپەئەتكە بېرىلمەسلىكى لازىم.

(2) ئىستىل ساپاسى. خىزمەتتە قىزغىن بولۇشى، ئىجتىھات بىلەن جان كۆيدۈرۈپ خىزمەت ئىشلەش روھى بولۇشى، كىشىلەرگە تەڭ ـ باراۋەر مۇئامىلە قىلىشى، كەمتەر، سەمىمىي بولۇشى؛ خىزمەتتە قىلچە بىپەرۋالىق قىلماسلىقى، جىددىي ۋە ئەستايىدىل بولۇشى؛ ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇشى، ساختىپەزلىك قىلماسلىقى؛ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى قويۇقلاشتۇرۇشى، ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئىنكاس قىلغان پىكىرلەرنى ئەستايىدىل ئاڭلىشى، خىزمەتنى ۋاقتىدا، ياخشى ئىشلىشى، باشقۇرۇش ئارقىلىق ئادەم تەربىيىلىشى؛ يولداشلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىشى، ھەمكارلىشىپ ئىشلەش روھى بولۇشى، خىزمەتداشلار بىلەن بىرلىكتە ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ خىزمەتنى ياخشى ئىشلىشى لازىم.

(3) بەدەن ساپاسى. ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن ناھايىتى زور ئەقلىي ۋە جىسمانىي ئەمگەك سىڭدۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. مانا بۇ ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش كادىرلىرىدىن تولۇپ تاشقان روھ ۋە ساغلام بەدەن ساپاسىغا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

## 3. ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش قوشۇنى قۇرۇلۇشى ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر

نۆۋەتتە ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش قوشۇنى قۇرۇلۇشىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ئاساسەن تۆۋەندىكى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

1) ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش قوشۇنىنىڭ ئومۇمىي ساپاسى دېگەندەك يۇقىرى ئەمەس.

(1) ماركسىزملىق نەزەرىيە بىلەن تەربىيىلىنىشى يېتەرلىك ئەمەس.

(2) ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇشتىكى كەسپىي بىلىمى يېتەرلىك ئەمەس. ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش كادىرلىرىنىڭ ناھايىتى ئاز بىرقىسمىلا مەكتەپ باشقۇرۇش كەسپى ياكى مائارىپ باشقۇرۇش كەسپىنى پۈتتۈرگەن، كۆپ قىسمى فەيرى كەسپلەردىن كەلگەن. ئۇلارنىڭ پېداگوگىكا، ھازىرقى زامان باشقۇرۇش ئىلمى، مەكتەپ باشقۇرۇش، پىلان ئىلمى قاتارلىق جەھەتلەردىكى نەزەرىيە بىلىمى كەم. بەزى پېشقەدەم يولداشلار كۆپ يىللاردىن بۇيان ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلدى. ئادەتتە خىزمەتنى ئىرىشىپ ياخشى ئىشلەيدۇ، خېلى كۆپ باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى توپلىدى. بىراق، ئۇلارنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسى ئېغىر بولغاچقا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئۆگىنىشكە ئىمكانىيەت يوق. شۇڭا، ئۇلاردىمۇ ئالىي مائارىپ ۋە ئىلمىي باشقۇرۇشنىڭ سىستېمىلىق نەزەرىيە بىلىمى كەمچىل. ئۇلار ھازىرقى زامان باشقۇرۇش ئىلمىنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىشنىڭ قىيىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماقتا. يەنە كومپيۇتېر ئارقىلىق باشقۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىشمۇ قىيىن بولۇۋاتىدۇ.

(3) ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش جەھەتتىكى تەجرىبىسى يېتەرلىك ئەمەس. ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش قوشۇنىدىكى خېلى بىرقىسىملار ئوقۇتۇش ئورنىدىن ياكى باشقا مەمۇرىي ئورۇنلاردىن يۆتكىلىپ كەلگەن، بەزىلىرى ئوقۇش پۈتتۈرۈپلا ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش ئورۇنلىرىغا تەقسىم قىلىنغان. بۇلار ئاساسەن ئوتتۇرا ياش ۋە ياشلار بولۇپ، ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش قوشۇنىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلار، خىزمەتتە قىزغىن بولسىمۇ، بىراق ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش جەھەتتە ئەمەلىي تەجرىبىگە باي ئەمەس.

(4) كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بەزىلەر مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش، ھەل قىلىشتا كونىچە باشقۇرۇش تەجرىبىسىدە توختاپ قالغان. ئۇلارنىڭ مائارىپ نەزەرىيە سەۋىيىسى ۋە ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش جەھەتتىكى تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىش ھەم تەشەببۇسكارلىق بىلەن يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى يەنىلا تۆۋەن. بەزىلەر بۇ ساھەدە 10 ـ 20 يىل ئىشلىگەن، بەلگىلىك خىزمەت تەجرىبىسىگە ئىگە. لېكىن، قانۇنىيەتلىك ئىلمىي تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەپ چىقالمايدۇ. بەزىلەرنىڭ كاتىباتلىق ئاساسىي ماھارەت مەشقى كەمچىل. خەت ـ ئالاقە، مەلۇمات جەدۋىلى، دائىملىق يازما ماتېرىياللىرى چۈشىنىشلىك ئەمەس ياكى تەلەپكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

2) ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش قوشۇنىنىڭ مۇقىملىقى ياخشى ئەمەس. بىرىنچىدىن، بەزىلەرنىڭ ئىدىيىسى تۇراقسىز. ئۇلار: باشقۇرۇش خىزمىتىگە ئانچە ئەھمىيەت بېرىپ كەتمىسىمۇ بولىدۇ، خىزمەت مۇرەككەپ، ۋەزىپە ئېغىر، ئۇنۋان ئېلىش ۋە ئۆسۈش تەس، دېگەن قاراش بىلەن خىزمەتنى خاتىرجەم ئىشلىمەيدۇ. ئىككىنچىدىن، خادىملار تولا يۆتكىلىپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ فاكۇلتېتلاردىكى ئىلمىي كاتىپلار تولا ئالماشتۇرۇۋېتىلىدۇ.

يۇقىرىقى مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشىدىكى سەۋەب تونۇش مەسىلىسى ۋە سىياسەت مەسىلىسى.

1) ئۇزۇندىن بۇيان كىشىلەرنىڭ ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقى، ئىلمىيلىكىگە قارىتا تونۇشى يېتەرلىك بولماي كەلدى. ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش قوشۇنى قۇرۇلۇشىغا ئەستايىدىل ئەھمىيەت بېرىلمىگەنلىكتىن، ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش خادىملىرىنى تەربىيىلەپ ئۆستۈرۈش مەسىلىسى دېگەندەك ياخشى ھەل قىلىنمىدى. بەزىلەر: ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش خىزمىتى مۇلازىمەت خاراكتېرلىك خىزمەت، ھەممە ئادەم ئىشلىيەلەيدۇ، دەرس ئۆتەلمىگەنلەر بېرىپ بۇ خىزمەتنى ئىشلىسە بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. مەسىلەن، بەزى فاكۇلتېتلارنىڭ رەھبەرلىرى تولۇق كۇرسنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىلمىي كاتىپلىق خىزمىتىنى ئىشلىشى بىر خىل ئىسراپچىلىق، بۇ ئىشقا مەخسۇس كۇرسنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار مۇۋاپىق دەپ قارايدۇ. ئۇلارچە، ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلىمەك ناھايىتى ئاسانمىش، سەۋىيىنىڭ قانچىلىك بولۇشى زۆرۈر ئەمەسمىش. مۇشۇنداق خاتا قاراشلار سەۋەبىدىن ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش قوشۇنى قۇرۇلۇشى ئاجىز ھالەتتە تۇرۇۋاتىدۇ.

2) سىياسەتنىڭ يېتەكلەش، جەلپ قىلىش كۈچىنىڭ يېتەرسىز بولۇشىمۇ ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش خادىملىرىنىڭ ساپاسى تۆۋەن بولۇش ئەھۋالىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

نۆۋەتتە، مەكتەپلەردە ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان كادىرلارنىڭ كۆپچىلىكى ناھايىتى ياخشى، ئۇلار خىزمەتنىڭ ئېھتىياجىغا بويسۇنۇپ، ئۆزى بۇرۇن ئۆگەنگەن كەسپىنى تاشلاپ، ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. بۇ، ئەسلىدە بىر خىل ئۆزىنى قۇربان قىلىش روھىنىڭ ئىپادىلىنىشى. بىراق، ئۇلارنىڭ ئەمگىكى مۇۋاپىق قەدىرلەنمىدى. ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش خادىملىرىنىڭ خىزمەت مىقدارى كۆپ، مەسئۇلىيىتى چوڭ. بىراق، ئۆي تەقسىم قىلىش، ئومۇميۈزلۈك پاراۋانلىق تەمىناتى قاتارلىق تەرەپلەردە ھەمىشە باشقا كەسپىي خادىملاردىن تۆۋەنرەك ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. ئىلمىي تەتقىقات ماقالىلىرى ۋە خىزمەت مىقدارى جەھەتلەردىمۇ باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئەمەلىي نەتىجىلىرى ئانچە ئېتىبارغا ئېلىنمىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش خىزمىتىدىكى پايدىسىز ئامىللار بولۇپ، تەتقىق قىلىشقا، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك.

## 4. قانداق قىلغاندا بىر مۇنەۋۋەر باشقۇرۇش قوشۇنى قۇرۇپ چىققىلى بولىدۇ

ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى تەرەققىياتىنىڭ قەدىمىگە ماسلىشىپ، ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش ئىسلاھاتىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرىمىز، ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش ۋاسىتىلىرىنى زامانىۋىلاشتۇرىمىز، ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش خادىملىرىغا قويغان بىلىم ۋە ئىقتىدار جەھەتتىكى تەلەپنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىمىز دەيدىكەنمىز بۇ قوشۇننىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن تارىخ بىزگە تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلالايمىز.

1) مەكتەپنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىرى ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى، ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى ۋە ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن بىرلىكتە ئالىي مائارىپ تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم بىر تېمىسى قىلىپ تۇتۇپ، مەكتەپنىڭ كۈندىلىك ئىشلار تەرتىپىگە كىرگۈزۈشى، مۇۋاپىق چارە - تەدبىر تۈزۈپ چىقىشى لازىم. رەھبەرلىك يەنە ئوقۇتۇشنى باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ كەسپىي جەھەتتىن ئۆسۈشىگە، تۇرمۇش تەمىناتىغا كۆڭۈل بۆلۈشى لازىم. ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىگە تەكلىپ قىلىش تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇشى، ئىش ئورنى مەسئۇلىيىتىنى ئېنىق بېكىتىشى، شەرتى ھازىرلانمىغانلارنى ئىش ئورنىغا بېرىشقا رۇخسەت قىلماسلىقى، ئىشقا چۈشكەنلەر ئېتىبار بىلەن ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى لازىم. شۇنداق قىلغاندا ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش خادىملىرىنىڭ كەسپىنى بېرىلىپ تەتقىق قىلىشى، ئوقۇتۇشنى خاتىرجەم باشقۇرۇشى، ئۆزىنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇشنىڭ ئىلمىيلىشىشى، زامانىۋىلىشىشى، كەسپىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاندىن مۇقىملاشقان، تەلەپكە لايىق، ھاياتىي كۈچكە تولۇپ - تاشقان يېڭى قوشۇنغا ئىگە بولالايمىز.

2) ھازىر بار بولغان ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش قوشۇنىنى مۇۋاپىق تەرتىپكە سېلىپ، ساپاسى تۆۋەن، ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇشقا مۇۋاپىق كەلمەيدىغان خادىملارنى تەڭشەش لازىم. شۇنداقلا ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش ئورۇنلىرىنىڭ شتاتىنى تەرتىپكە سېلىپ، ئىدىيە - ئەخلاقى ياخشى، جاپا - مۇشەققەتكە چىدايدىغان، كەسپىي سەۋىيىسى يۇقىرى، باشقۇرۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك، ئۆزىنى پىدا قىلىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان، ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئۇزاق مۇددەت ئىشلەشنى خالايدىغانلارنى تولۇقلاپ، قوشۇننىڭ مۇقىمسىزلىقىنى ھەل قىلىش لازىم.

3) ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش خادىملىرى ناھايىتى تېزلىكتە مائارىپ تەرەققىيات ۋەزىيىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىشى كېرەك. ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ئۇزاق مۇددەتلىك پىلان. ھازىرقى ھالەتتىنلا ساقلاپ تۇرماي كەلگۈسىگە نەزەر تاشلىشىمىز، ئىشلىتىش بىلەن

تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈشىمىز لازىم. ھازىرقى زامان ئىلىم - پەن تەرەققىياتىنىڭ ئۇچقاندەك راۋاجلىنىۋاتقان ۋەزىيىتىدە ئۆز بىلىمىمىزنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلىشىمىز ۋە تولۇقلىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ تەلىپىگە لايىقلىشالايمىز.

ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش كادىرلىرىنى ماركسىزم - لېنىنىزم ئاساسىي نەزەرىيىسىنى، دېڭ شياۋپىڭنىڭ ماتېرىيالىستىك ئىدىيىسىنى ۋە پارتىيىنىڭ ماتېرىيالىستىك فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى ئۆگىنىشكە ئەستايىدىل تەشكىللەپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيە سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز، ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇشنى ئىلمىيلاشتۇرۇشنى، قېلىپلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز لازىم. تەجرىبىگە تايىنىپ باشقۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ ئاللىقاچان ۋاقتى ئۆتتى. شۇڭا، تەرەققىيات نۇقتىسىنەزىرىمىز بىلەن ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش كادىرلىرىنىڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز، ھازىرقى زامان پەن تەتقىقات نەتىجىلىرى ۋە تېخنىكا ۋاستىلىرىنى تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە ماتېرىيالىستىك باشقۇرۇش ساھەسىگە كىرگۈزۈشىمىز لازىم. ئۇلارنى ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇشتىكى مۇناسىۋەتلىك تەجرىبىلەرنى ئۆگىنىشكە تەشكىللىشىمىز، شەرت - شارائىت يارىتىپ پىلانلىق ھالدا باشقۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە ماتېرىيالىستىك نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللىشىمىز كېرەك. ئۇلار چوقۇم ھازىرقى زامان باشقۇرۇش نەزەرىيىسى، ئالىي ماتېرىيالىستىك پېداگوگىكىسى، ئالىي مەكتەپ باشقۇرۇش ئىلمى، ماتېرىيالىستىك پسىخولوگىيىسى، باشقۇرۇش پسىخولوگىيىسى، ئوقۇتۇش نەزەرىيىسى، ئوقۇتۇشنى باھالاش نەزەرىيىسى قاتارلىق سىستېمىلىق ئاساسىي نەزەرىيىلەرنى، كومپيۇتېر بىلىملىرىنى، يەنە چەت ئەل تىلى، ئىستاتىستىكا ئىلمى، ئارخىپشۇناسلىق، كاتىباتلىققا دائىر بىلىملەرنى ئىگىلىشى لازىم. ئۆگىنىش شەكلى جەھەتتە مەكتەپ ئۆگىنىش ۋاقتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇشى، دەرسلىك ماتېرىيال بىرلىككە كەلتۈرۈپ تاللىنىشى، ئىش ئورنىدا تۇرۇپ تارقاق ئۆگىنىشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىش ئارقىلىق كوللېكتىپ ئۆگىنىش شەكلى قوللىنىلىشى، يەنە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىپ تەربىيىلىنىشى، ماس كېلىدىغان مەكتەپلەرگە بېرىپ ئۆگىنىشى ياكى مۇناسىۋەتلىك كۇرس، تەتقىقات يىغىنلىرىغا قاتنىششى كېرەك.

ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش كادىرلىرى ئۆزلىرىدە باشقۇرۇش كەسپى ئاساسىي نەزەرىيە بىلىملىرىنى ھازىرلىغاندىن باشقا يەنە كۆندىلىك خىزمەت قائىدىلىرىنى، مەزمۇننى ئۆگىنىپ، خىزمەت ئىقتىدارىنى ۋە ياخشى خىزمەت ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشى لازىم. مەكتەپ ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش خادىملىرىنىڭ كەسپىي ئۆگىنىش ۋاقتىنى بەلگىلەپ بېكىتىپ بېرىشى لازىم.

4) ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش كادىرلىرىنىڭ سىياسىي ساپاسى، خىزمەت نەتىجىسى، نەزەرىيە سەۋىيىسى قاتارلىقلارنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ تۇرۇشى، نەتىجىنى مۇقىملاشتۇرۇشى، شۇنىڭ بىلەن ياخشى بىر خىزمەت كەيپىياتى يارىتىپ، خىزمەت سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتىرىشى لازىم. كادىرلارنى سىناپ تەكشۈرۈش ئاساسىدا، ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش كادىرلىرىنىڭ كەسپىي ئارخىپىنى تۇرغۇزۇپ چىقىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆستۈرۈش ۋە ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ ئاساسى قىلىش كېرەك.

5) ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش كادىرلىرى ئوقۇتۇشنىڭ بىرىنچى سېپىگە چوڭقۇر چۆكۈشى لازىم. دائىم دەرسخانىغا بېرىپ دەرس ئاڭلىشى، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئارىسىغا بېرىپ تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشى لازىم. پەقەت، چوڭقۇر چۆكۈپ، ئوقۇتۇش ئەھۋالىنى چۈشەنگەندىلا ئاندىن بىرىنچى قول ماتېرىيالغا ئىگە بولغىلى بولىدۇ - دە، ئوقۇتۇش خىزمىتىدە پىكىر قىلىش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. بۇ، ئوخشاشلا ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش كادىرلىرىنىڭ ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۆگىنىشتىن ئىبارەت ئەڭ ياخشى چىقىش يولى.

# ئەخلاق تەربىيىسى ئارقىلىق باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، باشقۇرۇش ئارقىلىق ئەخلاق تەربىيىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدا

توختى ئەيسىدىن
(شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي پەنلەر بۆلۈمى)

يىللاردىن بۇيان «باشقۇرۇش ئارقىلىق ئادەم تەربىيىلەش» نى تەكىتلەپ كەلدۇق. بىراق، ئوقۇغۇچىلار خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش جەريانىدا ئاربلاپ ـ ئاربلاپ مۇنداق ئىككى جەھەتتىكى ئاغرىنىش ياكى ئەيىپلەشنى مەسىلەن، سىياسىي خىزمەت خادىملىرى، سىنىپ مۇدىرلىرى، ئاساسىي قاتلام پارتىيە، ئىتتىپاق تەشكىلاتىدىكى يولداشلارنىڭ كۆپ ھاللاردا ئوقۇغۇچىلارنىڭ تازىلىق خىزمىتى، گىمناستىكىغا چىقىش ئەھۋالى، دەرسخانا ئىنتىزامى ۋە ئىمتىھان تەرتىپى قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى تەكشۈرۈش داۋامىدا: بۇلارنىڭ ھەممىسى مەمۇرىي باشقۇرۇشقا دائىر خىزمەتلەر تۇرسا، بۇ ئىشقا بىز سىياسىي خىزمەت خادىملىرىنى ئاۋارە قىلىپ نېمە قىلىدۇ. بۇ، تازا بىر قاملاشمىغان ئىش بولدىغۇ، دېگەندەك گەپلىرىنى؛ مەمۇرىي باشقۇرۇش خادىملىرى ۋە كەسپىي دەرس ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئوقۇغۇچىلاردا بايقالغان مۇنداق ياكى ئۇنداق مەسىلىلەر، ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى ئىچىدىكى ياكى دەرسخانىدا بايقالغان مەسىلىلەرگە قارىتا سىياسىي خىزمەت خادىملىرى، سىنىپ مۇدىرلىرى، پارتىيە ئىتتىپاق باش ياچېيكىلىرىنىڭ شۇجىلىرى نېمە ئىش قىلىدىغاندۇ؟ قارىماسىلەر، x x سىنىپتىكى x x ئوقۇغۇچى يەنە چاتاق تېرىپتۇ، دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىمىز.

يۇقىرىقىدەك ئاغرىنىش ياكى ئەيىپلەشلەردىن ئادەم ئىختىيارسىز ھالدا: سىياسىي خىزمەت خادىملىرى ئەخلاق تەربىيىسىنى زادى قانداق ئىشلىشى كېرەك؟ قانداق قىلغاندا ئەخلاق تەربىيىسىنى ياخشى ئىشلىگىلى بولىدۇ؟ مەمۇرىي خىزمەت خادىملىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلار باشقۇرۇش خىزمىتىنى تۇتۇش كېرەكمۇ ياكى تۇتماسلىقى كېرەكمۇ؟ قانداق قىلغاندا باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى تۇتقانلىق بولىدۇ؟ دېگەن ئويغا كېلىپ قالىدۇ. مەسىلىنىڭ نېگىزى دەل ئەخلاق تەربىيىسى خىزمىتى بىلەن باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ پەرقى ۋە ئۆزئارا باغلىنىشى، ئىش تەقسىماتى ۋە مۇناسىۋىتىنى قانداق تونۇش ۋە ئۇنى قانداق ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە. بۇ خىل مەسىلىلەر ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىزدىنىشكە ئۇزاق يىللاردىن بۇيانقى ئەمەلىيەتنىڭ بېرىدىغان جاۋابى شۇكى، چوقۇم ئەخلاق تەربىيىسى نۇقتىسىدىن باشقۇرۇشقا نەزەر سېلىش، باشقۇرۇش ئارقىلىق ئەخلاق تەربىيىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

مەكتەپلەردىكى باشقۇرۇش ـ ئادەم تەربىيىلەش ئۈچۈندۇر، ئادەم تەربىيىلەش ـ باشقۇرۇشقا مۇھتاج. ئالىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلار خىزمىتىنى باشقۇرۇش ـ ھەر تۈرلۈك قائىدە ـ تۈزۈملەرنى بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى يولغا قويۇش، ھەر تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ نورمال تەرتىپكە كاپالەتلىك قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. شۈبھىسىزكى، باشقۇرۇش بۇ يەردە پەقەت ئۇسۇل ياكى ۋاستە مەنىسىگە ئىگە، خالاس. ئۇنداقتا باشقۇرۇشنىڭ مەقسىتى زادى نېمە؟ ھازىرقى باسقۇچتا، جۇڭگو ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى: سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن ئەسىر ھالقىغان، ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلغان قۇرغۇچى ۋە ئىز باسارلارنى تەربىيىلەپ چىقىشتىن ئىبارەت. دېمەك، باشقۇرۇشنىڭ مەقسىتى ـ ئادەم

تەربىيىلەشتىن ئىبارەت. ئادەم تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنىڭ ئاساسى. ئادەم تەربىيىلەشتىن ئىبارەت سىستېمىلىق قۇرۇلۇشتا، ئەخلاق تەربىيىسى باشتىن ئاخىر مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، «جۇڭگو ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەر ئەخلاق تەربىيىسى پروگراممىسى» تەربىيىلەش بىلەن باشقۇرۇشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىنى مۇھىم بىر تۈرلۈك ئەخلاق تەربىيىسى پرىنسىپى قىلغان. ئۇنىڭدا، ئېنىق قىلىپ: «مەكتەپلەردىكى ھەر تۈرلۈك باشقۇرۇش خىزمەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئەخلاق تەربىيىسى بىلەن زىچ باغلانغان بولىدۇ. تەربىيىنى كۆزلەپ تۇرۇش، تەربىيىلەشتە قاتتىق بولۇش، ئۇسۇلغا دىققەت قىلىش ـ مەكتەپلەردىكى ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ مۇھىم يولى» دەپ كۆرسىتىلگەن.

ئەخلاق تەربىيىسى مائارىپنىڭ ئىجتىمائىيلىقىنى ۋە سىنىپىيلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇ، مەكتەپ مائارىپىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ ـ يېتىلىشى ۋە مەكتەپلەرنىڭ تۈرلۈك خىزمىتىگە نىسبەتەن يېتەكچىلىك قىلىش، تۈرتكە بولۇش ۋە كاپالەتلىك قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. ئۇ، مەزمۇن جەھەتتىن ئېيتقاندا، مۇئەييەن جەمئىيەتتىكى ئىقتىساد، سىياسەت ۋە مەدەنىيەتنىڭ ئىختىساسلىق خادىملارنى ئىدىيىۋى ـ سىياسىي ۋە ئەخلاقىي ـ پەزىلەت جەھەتتىن تەربىيىلەشكە قويغان تەلىپىدىن ئىبارەت. ھازىرقى باسقۇچتا، ئالىي مەكتەپلەردىكى ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ نىشانى ئومۇمىي تەلەپ ۋە ئاساسقاتلام تەلىپىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، مۇنداق ئۈچ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرىنچى، سىياسىي ساپا جەھەتتىن، توغرا سىياسىي نىشانغا ئىگە بولۇش، يەنى جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش غايىسى ۋە ئېتىقادىنى تىكلەش، ئاڭلىق ھالدا تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا قەتئىي چىڭ تۇرۇش؛ ئىككىنچى، ئىدىيىۋى ساپا جەھەتتىن، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق دۇنيا قاراشقا، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتەك ئىدىيىۋى ئىستىلغا، خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتەك كەسپچانلىق ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا ھەمدە جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىشتا ئۆزىنى تەقدىم قىلىش روھىغا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىش؛ ئۈچىنچى، ئەخلاقىي ساپا جەھەتتىن، كوللېكتىۋىزملىق روھقا ئىگە بولۇش، قانۇن ـ ئىنتىزامغا بويسۇنۇش ۋە مەدەنىيەتلىك بولۇشنى تەلەپ قىلىش قاتارلىقلار. يۇقىرى قاتلام تەلىپىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئوقۇغۇچىلار چوقۇم كوممۇنىزم ئۈچۈن ئاداققىچە كۆرەش قىلىش غايىسىگە ۋە ئېتىقادىغا ئىگە بولۇشى، مۇشۇ ئارقىلىق پرولېتارىياتنىڭ ئىلغار زىيالىيلار قوشۇنىغا ئايلىنىشى كېرەك. بىزنىڭ ئەخلاق تەربىيىسىنى يولغا قويۇشتىكى ئۇسۇلىمىز گەرچە ھەر خىل شەكىلگە ئىگە بولسىمۇ، بىراق ئەڭ ئاساسلىقى يەنىلا نەزەرىيىۋى تەربىيە ۋە ئىش ـ ھەرىكەت ئادىتىدىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ. نەزەرىيىۋى تەربىيە سىياسىي، ئىدىيە، ئەخلاق جەھەتتىكى بىلىملەرنى سىستېمىلىق ھالدا يەتكۈزۈپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ؛ ئىش ـ ھەرىكەت ئادىتى بولسا ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ نىشانىنى مەقسەت قىلغان بولىدۇ. ئۇ نەزەرىيىۋى تەربىيىنىڭ مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، مەمۇرىي باشقۇرۇش شەكىللىرىنىڭ كونكرېتلىشىشى ئارقىلىق ئۆلچەملەشكەن ھەمدە مۇشۇ بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىش ـ ھەرىكەتنى كۆرسىتىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەخلاق تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىش جەريانى بىلىم، ھېسسىيات، ئىرادە ۋە ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئىچكى تەرتىپى بويىچە ئېلىپ بېرىلىشى، يەنى ئوقۇغۇچىلار سىياسىي، ئىدىيە، ئەخلاق جەھەتتىكى مۇناسىۋەتلىك بىلىملەر بىلەن تونۇشۇپ، ئۆزلىرىدە ئىنتىلىش پەيدا قىلىپ، ئىرادىسىنى تاۋلاپ، ئەڭ ئاخىرىدا ياخشى ئىش ـ ھەرىكەت ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك. بۇ، ئەخلاق تەربىيىسى ـ پەننىي بىلىم بىلەن تونۇشۇشنى باشلىنىش نۇقتىسى، ئىش ـ ھەرىكەت ئادىتىنى ئاخىرقى نۇقتا قىلىدۇ دېگەنلىكتىن ئىبارەت، خالاس. ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ ئۈنۈمى ئەڭ ئاخىرىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكەت ئادىتى، يەنى جەمئىيەتنىڭ ستۇدېنتلارغا قويغان تەلىپى ئۇلارنىڭ چىن كۆڭلىدىكى ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلانغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. ماھىيەت جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇ، كىشىلەرنىڭ ئەمەلىي پائالىيىتىدە گەۋدىلىنىدىغان كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى، كىشىلەر بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۆلچىمىدىن ئىبارەت. بۇ يەردە،

جەمئىيەت تەلىپى يەنى ئەخلاق تەربىيىسى نىشانى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىش - ھەرىكەت ئادىتى ئوتتۇرىسىدا باشقۇرۇش شەكلى بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىرىلغان ئىش - ھەرىكەت ئۆلچىمى ئىككى ئارىلىقتىكى ۋاستىچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. جەمئىيەت تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئەخلاق تەربىيىسى نىشانى ئىش - ھەرىكەت ئۆلچىمىدىن ئىبارەت بۇ ۋاستىچى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىچكى ئىش - ھەرىكەت ئادىتىگە ئايلانغاندىلا، ئاندىن ئۇلارنى ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ نىشانى ۋە تەلىپىگە يەتتى، دېيىشكە بولىدۇ. ئاندىن بىز ئەخلاق تەربىيىسى خىزمىتىمىزنىمۇ بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە نىشانغا يەتتى دېيەلەيمىز. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، باشقۇرۇش ئەخلاق تەربىيىسىنى يولغا قويۇشنىڭ ئاساسلىق يولى، ئەخلاق تەربىيىسى مۇقەررەر ھالدا باشقۇرۇشنى ۋاستىچى قىلىشى كېرەك. بۇ، ئەخلاق تەربىيىسىنى يولغا قويۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان زۆرۈر شەرت.

شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەخلاق تەربىيىسى ئارقىلىق باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، باشقۇرۇش ئارقىلىق ئەخلاق تەربىيىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش - بىر تۈرلۈك مۇھىم نەزەرىيىۋى ئۇقۇم مەسىلىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە تېخىمۇ بەك ئىزدىنىشنى تەلەپ قىلىدىغان ئەمەلىي مەسىلە.

1) بىز ھەر قېتىم بىر تۈرلۈك باشقۇرۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان چاغدا، ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى ئەخلاقىنى يېتىلدۈرۈشتە قانداق ئەھمىيىتىنىڭ بارلىقىنى تەھلىل قىلىپ كۆرۈشىمىز ھەمدە باشقۇرۇش داۋامىدا ئاڭلىق ۋە مەقسەتلىك ھالدا ئىدىيىۋى ئەخلاق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك. مەسىلەن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاق تازىلىقى مەسىلىسىنى ئالساق، ئۇ، دەسلەپتە مەمۇرىي باشقۇرۇشقا ياتىدىغان مەسىلە دەپ قارالغان ئىدى. بىراق، ئەخلاق تەربىيىسى نۇقتىسىدىن قارايدىغان بولساق، ئۇ ھەقىقەتەن ئەخلاق تەربىيىسى توغرىسىدىكى مول مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۆۋەندىكىدەك بەش جەھەتتىكى ئىدىيىۋى ئەخلاق ساپاسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ: (1) مەدەنىيەت كۆز قارىشى. تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىش ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ ئەقەللىي ۋە ئاساسىي ئۆلچەملىرىنىڭ بىرى. ئايرىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاقلىرى ھەقىقەتەن بەك قالايمىقان ۋە ناچار. مەينەتچىلىكنىڭ دەردىدىن ئادەم چىداپ تۇرغىلى بولمايدۇ. تازىلىققا ئەھمىيەت بەرمەسلىك ئۇلارنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ قالغاندەك تۇرىدۇ. (2) ئەمگەك قارىشى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى. ئەگەر نۆۋەتچى ياكى باشقا ئوقۇغۇچىلار ھەر كۈنى تازىلىقى ناچار ياتاقلارنى پاكىز تازىلاپ تۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇلسا، بۇ ياتاقتىكى ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭغا ھەرگىزمۇ قارشى تۇرمايدۇ. لېكىن، ئۇلار ياتاقنى ئۆزلىكىدىن تازىلاپ قويۇشنى خالىمايدۇ. بۇ، ئوقۇغۇچىلاردا ئۆزلىرىنىڭ ئەمگىكى ئارقىلىق ئازادە ياتاق مۇھىتى بەرپا قىلىشتەك بىر خىل ئاڭ ۋە كۆز قاراشنىڭ ھەقىقەتەن كەملىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى خالىمىغان ئادەم، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئۈچۈن قانداقمۇ خىزمەت قىلالىسۇن؟ (3) ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ۋە كوللېكتىۋىزملىق روھى. تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، تازىلىقى ياخشى ياتاقلاردىكى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا، ئۆزئارا مۇناسىۋەت ھەقىقەتەن ياخشى، كۆپ ساندىكى ئوقۇغۇچىلار پۈتۈنلۈك ۋە ئومۇمىي ۋەزىيەت كۆز قارىشىغا، ئۆزئارا ياردەم بېرىش ۋە ھەمكارلىشىش روھىغا ئىگە. (4) تەشكىلىي ئىنتىزام كۆز قارىشى. ياتاق تازىلىقىنى قىلىش ھەمىشە مەكتەپتىكى ھەر دەرىجىلىك تەشكىلىي تارماقلار ئوتتۇرىغا قويىدىغان بىر تۈرلۈك كونكرېت ۋەزىپە ۋە تەلەپ بولغان ئىكەن، تەلەپ قىلىنغان ۋاقىت ئىچىدە ۋەزىپىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ روشەن ھالدا تەشكىلچانلىق ۋە ئىنتىزامچانلىقنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. (5) ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى تايانچ كادىرلارنىڭ رولى. ئوقۇغۇچى كادىرلار، ئوقۇغۇچى پارتىيە ئەزالىرى ۋە پارتىيىگە كىرىشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئاكتىپلارنىڭ رولى، ئالدىنقىلىق دەرىجىسىنىڭ زادى قانداقلىقىنى ئاساسلىقى ئۇلارنىڭ ئاغزاكى ياكى يازما ئىپادىسىگە قاراپ ئەمەس، بەلكى شەخسىي تازىلىقى، ياتاق تازىلىقى ۋە يۈرۈش - تۇرۇش ئەمەلىيىتى قاتارلىق ئادەتتىكى ئەھۋاللىرىغا قاراپمۇ بىلگىلى بولىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ رولى كۈچلۈك، ئالدىنقىلىقى ئۈستۈن بولىدىكەن، ئۇ ھالدا ئۇلار تۇرۇشلۇق ياتاقنىڭ تازىلىقى ھېچقانداق مەسىلىگە

ئايلانمايدۇ. بىز پەقەت ياتاق تازىلىقى خىزمىتىنى كۆز ئىچىگە ئالغان ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ ئەھمىيىتىگە نىسبەتەن ئورتاق تونۇشقا ئىگە بولىدىغانلا بولساق، ئۇ ھالدا سىياسىي خىزمەت خادىملىرىنىڭ بۇ ئىشلارنى تۇتۇشى بىزگە ئۆز كەسپى بىلەن شۇغۇللانماسلىق بولۇپ تونۇلمايدۇ. مەمۇرىي خادىملارنىڭ بۇ ئىشلارنى باشقۇرۇشىمۇ ئوخشاشلا نېمە ئىش بولسا شۇ ئىشنىڭ ئۆزىنى باشقۇرغانلىق بولۇپ ھېسابلانمايدۇ، بەلكى بۇ دەل يۇقىرى ئۆلچەم، قاتتىق تەلەپ بىلەن باشقۇرغانلىق، باشقۇرۇش داۋامىدا ئاڭلىق ھالدا مۇناسىپ ئىدىيىۋى ۋە تەشكىلىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلىگەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

2) تۈزۈمنى ساغلاملاشتۇرۇش، ئۆلچەمنى ئىسلاھ قىلىش كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندا ئەخلاق تەربىيىسى نىشانىنىڭ كونكرېتلىشىشى باشقۇرۇش شەكلىدە بارلىققا كېلىدىغان ئىش - ھەرىكەت ئۆلچىمىگە ئايلىنالايدۇ. ئەخلاق تەربىيىسى مەسىلىسىدە ئىلگىرى تەلىم - تەربىيىگە ئەھمىيەت بېرىش، باشقۇرۇشقا سەل قاراشتەك خاھىش مەۋجۇت بولغاچقا، «ئېغىزدا ھەممە ئىش جايىدا، ئەمەلىيەتتە ئېغىزغا ئالغۇچىلىكى يوق» بولۇشتەك ئاقىۋەت كېلىپ چىقتى. 1989 - يىلى 11 - ئايدا دۆلەتلىك مائارىپ كومىتېتى ئېلان قىلغان «ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلار قائىدىسى (سىناق نۇسخا)» دا، بىر ستودېنتنىڭ سىياسىي نىشان، ئىدىيىۋى تەربىيە، ئەخلاق - پەزىلەت قاتارلىق جەھەتلەردە ئىگە بولۇشقا تېگىشلىك سۈپەتلىرى كونكرېتلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ ستودېنتلارنىڭ ئىش - ھەرىكەت ئۆلچىمىگە ئايلانغان ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، دۆلەتلىك مائارىپ كومىتېتى يەنە «ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلارنى باشقۇرۇش قائىدىسى» قاتارلىق بىرىيۈرۈش قائىدىلەرنى تۈزۈپ چىقتى. ئوقۇغۇچىلارنى باشقۇرۇش جەھەتتىكى قانۇن - نىزام خاراكتېرلىك بۇ ھۆججەت پرىنسىپ جەھەتتە ئەخلاق تەربىيىسى نىشانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇ، پۈتۈن گەۋدىلىك تەربىيىلەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش بىلەن بىردەكلىككە ئىگە. شۇڭا، ئۇنى چوقۇم ئالدى بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ھازىرقى مەسىلە، دەل يۇقىرى ئۆلچەم، قاتتىق تەلەپ بويىچە مۇشۇ قائىدە - نىزام ۋە تۈزۈملەرنى ئىجرا قىلىش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ھەقىقىي يوسۇندا ئەخلاق تەربىيىسى نۇقتىسىدىن نەزەر تاشلاش، ئىشنى باشقۇرۇشتىن تۇتۇش، تۇتقاندىمۇ چىڭ، ھەقىقىي ۋە ئاداققىچە تۇتۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، مۇشۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرۈشكە يېتەكلەشتىن ئىبارەت.

3) قائىدە - تۈزۈملەرنى ئىجرا قىلىشتا، قانداق مەسىلە كۆرۈلسە شۇ مەسىلىنىڭ ئۆزىنىلا ھەل قىلىپ قالماستىن، بەلكى سەۋەبىنى تەھلىل قىلىش، سەۋەبكە ئاساسەن تەربىيە قىلىش كېرەك. ئەخلاق تەربىيىسى نىشانىغا ئاساسەن باشقۇرۇش تۈزۈمى ۋە ئىش - ھەرىكەت ئۆلچىمىنى بەرپا قىلىش، ئۇنى ئىجرا قىلىش ئەمەلىيىتى داۋامىدا ئىلغارلارنى تەقدىرلەش، ئارقىدا قالغانلارغا ھەيدەكچىلىك قىلىش ۋە ياردەم بېرىش كېرەك. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، تەقدىرلەش ھەرگىزمۇ مەلۇم ئوقۇغۇچى ياكى سىنىپ مەلۇم جەھەتتىكى قائىدە - تۈزۈملەرنى ياخشى ئىجرا قىلغانلىقى ئۈچۈنلا بولۇپ قالماسلىقى، بەلكى ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق قىلىشىنىڭ ياخشىلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان سەۋەب ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى ئانالىز قىلىش، مۇشۇ ئارقىلىق باشقا ئوقۇغۇچىلارنى مەنىۋى تەسىرگە ئىگە قىلىش كېرەك.

قىسقىسى، باشقۇرۇش - ئادەم تەربىيىلەش ئۈچۈندۇر. ئادەم تەربىيىلەش - باشقۇرۇشتىن ئايرىلالمايدۇ. مەمۇرىي خادىملار، دەرس ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە سىياسىي خىزمەت خادىملىرىنىڭ ئىش تەقسىماتى پەقەت نىسپىي شەكىل جەھەتتىكى ئەھمىيەتكىلا ئىگە. ئۇنىڭ مەزمۇنى بولسا بىر ئېغىزلا گەپ: باشقۇرۇش ئارقىلىق ئادەم تەربىيىلەش، ئوقۇتۇش ئارقىلىق ئادەم تەربىيىلەشتىن ئىبارەت.

# جۇڭغار خانلىقىنىڭ خاقانلىرى

نۇرۇللا مۆئمىن يۇلغۇن
(ئىنستىتۇتىمىز سىياسىي ـ تارىخ فاكۇلتېتى لېكتورى، ئاسپىرانت)
ئەركىن ئۆمەر
(ئاتۇش شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى)

جۇڭغار خانلىقى ـ ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ جۇڭغار قەبىلىسى تەرىپىدىن قۇرۇلغان خاندانلىق بولۇپ، تارىم ئويمانلىقى، جۇڭغارىيە، جەنۇبىي سىبىرىيە، چۇ ۋە تالاس دەرياسى ۋادىلىرىدىكى كەڭ رايونلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. بۇ دەۋردە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولغان. شۇ ۋەجىدىن مەزكۇر خانلىقنىڭ خاقانلار نەسەبنامىسى ئۈستىدە توختىلىش يالغۇز جۇڭغار تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئەينى دەۋردىكى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا جەمئىيىتىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ مۇئەييەن ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 1. خودوخچىن (1640 ـ 1653)

خودوخچىن جۇڭغار خانلىقىنىڭ تۇنجى خاقانى. ئۇ 1640 ـ يىلى 9 ـ ئايدا چۆچەكتە (ئايرىم مەنبەلەردە قوبۇقساردا دېيىلىدۇ ـ ئا) ئويرات ۋە قالقا موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ چوڭ قۇرۇلتىيىنى چاقىرىپ، «موڭغۇل ـ ئويرات جاساغى» نى تۈزۈپ چىققان ھەمدە جۇڭغار خانلىقىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىغان. خودوخچىن كىچىكىدىنلا لاما دىنىنىڭ ئىخلاسمەن مۇرىتى بولغاچقا، جۇڭغارلار ئارىسىدا بۇ دىننى كۈچەپ تەشۋىق قىلىپ، ئۆز قەبىلىسى ئىچىدە يۇقىرى ئابرويغا ئىگە بولغان. شۇڭا، 1635 ـ يىلى شىزاڭدىكى دالاي لاما ئۇنىڭغا «ئېردەنى باتۇر خۇنتەيجى» ① دېگەن نامنى بەرگەن. خودوخچىن دىنىي ۋە مەمۇرىي ئىشلاردىن سىرت، يەنە ھەربىي ئىشلاردىمۇ خېلى كامالەتكە يەتكەن. ئۇ تەختكە چىقىشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە بىرقاتار ھەربىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئويراتلارنىڭ خوشۇت، دۆربۈت، تورغۇت قاتارلىق ئۈچ چوڭ قەبىلىسىنى كۆچۈشكە ياكى بويسۇنۇشقا مەجبۇر قىلغان. بۇنىڭ بىلەن بۇ ئۈچ قەبىلە چارۋىچىلىق قىلىدىغان ئېرتىش دەرياسى ۋادىسى ۋە ئۈرۈمچى، تارباغاتاي، ئالتاي رايونلىرى ئۇنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىغا ئۆتكەن. ئۇ خانلىقنى رەسمىي قۇرۇپ چىققاندىن كېيىن ئاتىسى قاراخۇلانىڭ سىياسىتى بويىچە، بىرتەرەپتىن چىڭخەيگە كۆچكەن (1638 ـ يىلى) خوشۇت قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئوچىرتۇ، ۋولگا دەرياسى ۋادىسىغا كۆچكەن (17 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرى ئاخىرى) تورغۇت قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى خوئېرلېك بىلەن ئۆزئارا قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋىتى ئورناتقان ھەمدە دۆربۈت قەبىلىسى ۋە شەرقىي موڭغۇللارنىڭ بىر تارمىقى بولغان قالقا موڭغۇللىرى بىلەنمۇ ئىتتىپاق تۈزۈپ، موڭغۇل جەمئىيىتىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن مۇناسىپ تۆھپە قوشقان. يەنە بىرتەرەپتىن خانلىق تېرritورىيىسىنى داۋاملىق كېڭەيتىش مەقسىتىدە، غەربتىكى قوشنىسى ـ قازاق خانلىقىغا قارىتا كەڭ ـ كۆلەملىك ھەربىي ھەرىكەت قوللانغان. ئۇ 1643 ـ يىلى 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن قازاق خانلىقىنىڭ خاقانى جاڭگىرخانغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى مەغلۇپ قىلغان. نەتىجىدە، كەڭ قازاق دالاسى بىر مەزگىل جۇڭغار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكەن. ئۇچىنچىدىن، ئۇ ئويرات قەبىلىلىرىنى

ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ، چاررۇسىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلغان. 1647 - 1649 - يىللىرى، ئۇ ئۆزى شەخسەن زور قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، چاررۇسىيىنىڭ جەنۇبىي سىبىرىيىگە سالغان ھەربىي قورغانلىرىغا ئۈزلۈكسىز توردە ھۇجۇم قىلغان ھەمدە چاررۇسىيە قوشۇنلىرىنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتقان. كېيىنكى مەزگىللەردە، چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى ئۆزئارا يارىشىپ قېلىش مەقسىتىدە نەچچە قېتىم ئەلچى ئەۋەتكەن بولسىمۇ، بىراق ئۇ ئۆز مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ، چاررۇسىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئومۇمەن، خودوخچىن يۇقىرىقىدەك چارە - تەدبىرلىرى ئارقىلىق ئىچكى جەھەتتە جەمئىيەت تەرتىپىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلىغان؛ تاشقى جەھەتتە چاررۇسىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇپ، خانلىقنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغدىغان. 1653 - يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۆلگەن.

## 2. سىڭگې (1653 - 1670)

سىڭگې خودوخچىننىڭ ئوغلى. ئۇ ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن جۇڭغار تەختىگە چىققان، ئاتىسىغا ئوخشاشلا، بىر ئۆمۈر چاررۇسىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى كۈرەش قىلغان. مىلادى 1667 - يىلى چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى كورۋېنىسكىنى ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەندە، ئۇ مەردانە سۆزلىرى بىلەن چاررۇسىيە ئەلچىسىنى ناھايىتى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان ھەمدە ئەلچى ئېلىپ كەلگەن سوۋغا - سالام ۋە دۆلەت مەكتۇپىنى قەتئىي قوبۇل قىلمىغان. بۇ ھال جۇڭغار خەلقىنىڭ مۇستەملىكىچىلىككە قارشى كۈرەش قىلىش ئىرادىسىنى چىڭىتقان. جۇڭغار خانلىقىنى ئەل قىلىش مەقسىتىگە يېتەلمىگەن چار پادشاھى ئاخىرى ھەربىي ھەرىكەت قوللانغان. لېكىن، سىڭگې چاررۇسىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ، رۇس قوشۇنلىرىنىڭ نەچچە قېتىملىق ھۇجۇمىنى چېكىندۈرگەن. ھەتتا چاررۇسىيىنىڭ كىراسنويارىسكى شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، رۇس قوشۇنلىرىنى زور چىقىمغا ئۇچراتقان. بىراق خودوخچىننىڭ ۋاپات بولۇشى بىلەن باشلانغان خانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تەخت تالىشىش كۈرىشى پەيدىنپەي ئۆتكۈرلىشىپ، سىڭگېنىڭ تاشقى دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش سىياسىتىگە ئېغىر تەسىر يەتكەن. 1670 - يىلىغا كەلگەندە، سىڭگې تەخت تالىشىش كۈرىشىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ، ئاتا بىر، ئانا بۆلەك ئاكىسى چېچەن تەيجى بىلەن جوتبا باتۇر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

## 3. سۇنۇم ئاراپتان (1670 - 1671)

سۇنۇم ئاراپتان سىڭگېنىڭ ئوغلى. سىڭگې ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇ ئاتىسىنىڭ خاقانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان. سۇنۇم ئاراپتاننىڭ سەلتەنەت دەۋرى ئىنتايىن قىسقا بولغان. ئۇ خانلىقنىڭ قالايمىقان ۋەزىيىتىنى ئوڭشىيالمىغاچقا، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلمىگەن. شۇڭا، بىر يىل ئۆتە - ئۆتمەيلا خانلىق تەختىنى تاغىسى غالدانغا تارتقۇزۇپ قويغان ۋە 1688 - يىلى غالدان تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ باشقا ئىش - پائالىيەتلىرى توغرۇلۇق يېتەرلىك مەلۇمات يوق.

## 4. غالدان (1671 - 1697)

غالدان سىڭگېنىڭ ئىنىسى. ئۇ كىچىكىدىنلا شىزاڭغا بېرىپ دالاي لامانىڭ قول ئاستىدا لاما دىنى ئەقىدىلىرىنى ئۆگەنگەن. ئاكىسى سىڭگې ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، بىرتەرەپتىن ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ، يەنە بىرتەرەپتىن شىزاڭ بىلەن جۇڭغارلار ئارىسىدا قاتراپ يۈرۈپ ئەتراپىغا كۈچ توپلىغان. 1671 - يىلى ئۇ شىزاڭدىن يۇرتىغا قايتىپ، خوشۇت قەبىلىسىنىڭ باشلىقى

ئوجىرتۇنىڭ ياردىمى ئاستىدا ئاكىسىنى ئۆلتۈرگەن چىچەن تەيجى ۋە جوتبا باتۇر بىلەن جەڭ قىلغان. نەتىجىدە، چىچەن تەيجى ئۆلتۈرۈلگەن، جوتبا باتۇر چىڭخەيگە قاچقان. شۇنىڭ بىلەن غالدان جۇڭغار خانلىقىنىڭ تەختىگە چىقىپ، پايتەختىنى چۆچەكتىن غۇلجا شەھىرىگە يۆتكىگەن. غالدان تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان:

بىرىنچى، ئاكىسى سىڭگې ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن بۆلۈنۈپ چىققان تاغىسى چوخۇر ئۇباش ۋە ئۆزىگە ياردەم بەرگەن ئوجىرتۇنى قانلىق باستۇرۇپ، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى تۇراقلاشتۇرغان ھەمدە سىڭگېدىن كېيىن شەكىللەنگەن تارقاقچىلىق ۋەزىيىتىگە ئۇزۇل - كېسىل خاتىمە بەرگەن. 1679 - يىلىغا كەلگەندە، ئۇ ئۇستازى دالاي لاما تەرىپىدىن «بوشۇقتۇخان» ② دېگەن ھۆرمەت نامىغا نائىل بولغان.

ئىككىنچى، شەرقتىكى قوشنىسى - چىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش ئۈچۈن، چىڭ ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ خاقانلىق ئورنىنى ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلغان. چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ تەلىپىگە قېتىلغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن جۇڭغار خانلىقى بىلەن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا بىر مەزگىل ئىناق قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى شەكىللەنگەن. لېكىن ئۇزاق ئۆتمەيلا چىڭ ھۆكۈمىتى ئۆزىنى ئاتا دۆلەت ئورنىدا ھېسابلاپ، غالداننىڭ بەزى ئىش - پائالىيەتلىرىگە چەكلىمە قويۇشقا باشلىغان. مەسىلەن، غالدان چىڭ سۇلالىسىدىن ئۆزىنىڭ «بوشۇقتۇخان» دېگەن شەرەپ نامىنى ئېتىراپ قىلىشنى ئۆتۈنگەن، كاڭشى بۇنى رەت قىلغان. بۇنىڭدىن باشقا، غالدان يەنە خانلىقتىكى غەيرىي جۇڭغار قەبىلىلىرىنى باستۇرغاندا، بۇمۇ كاڭشىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغان. ئەڭ ئېغىرى شۇكى، چىڭ ھۆكۈمىتى ھەتتا پايتەختكە كېلىدىغان جۇڭغار ئەلچىلىرى، سودىگەرلىرى ۋە ئەمەلدارلىرىنىڭ سانىغىمۇ مۇئەييەن چەكلىمە قويغان. بۇ ھال غالداننىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ، ئۇنىڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە بولغان ئىشەنچىسى يوقالغان.

ئۈچىنچى، ئۆز تېررىتورىيىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، بىرقاتار تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشلىرىنى ئېلىپ بارغان. 1678 - يىلى ئۇ زور قوشۇن ئەۋەتىپ، ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جاڭيې ئەتراپىدا ياشايدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىنى بېسىۋالغان. 1682 - يىلى يەكەن خانلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خاقانى ئىسمائىل خان تەرىپىدىن قوغلانغان ھىدايىتۇللا خوجىنىڭ يول باشلىشى بىلەن، 120 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ يەكەنگە باستۇرۇپ كىرگەن ③ ھەمدە ئىسمائىل خاننى ئائىلە - تەۋەلىرى بىلەن قوشۇپ ئىلىغا سۈرگۈن قىلغان. 1684 - يىلى نۇرغۇن قوشۇن بىلەن قازاق خانلىقىغا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قوزغاپ، بۇ خانلىقنىڭ جەنۇبىي قىسمى ۋە سىر، تالاس دەرياسى ۋادىلىرىنى بېسىۋالغان. 1684 ـ 1685 - يىللىرى تەڭرىتاغ قىرغىزلىرى ئۈستىگە باستۇرۇپ كېلىپ، كەڭ قىرغىزلار رايونىنى ئۆز ئىلكىگە ئالغان. شۇنداق قىلىپ، غالدان جۇڭغار خانلىقىنىڭ زېمىنىنى شەرقتە ئوپا دەرياسىدىن غەربتە بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى قازاقلار رايونىغىچە؛ شىمالدا ئوم، ئېرتىش دەرياسى ۋادىلىرىدىن جەنۇبتا تارىم ئويمانلىقىغىچە يەتكۈزگەن. ④

تۆتىنچى، خانلىقنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، بىرتەرەپتىن جۇڭغار ئاھالىلىرىنى دېھقانچىلىق قىلىش ۋە مۇقىم ئولتۇراقلىشىشقا دەۋەت قىلغان، يەنە بىرتەرەپتىن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئۇچ، قاراشەھەر، ئاقسۇ، يەكەن، قەشقەر قاتارلىق جايلىرىدىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى مەجبۇرىي ھالدا ئىلى رايونىغا كۆچۈرۈپ، ئۇلارنى جۇڭغار خانلىقى ئۈچۈن تېرىقچىلىق قىلىدىغان يانچىلارغا ئايلاندۇرۇۋالغان. ⑤ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە قورچاق خان ـ ھىدايىتۇللا خوجا باشقۇرۇشىدىكى پۈتكۈل جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ جۇڭغار خانلىقىغا ھەر ئايدا 100 مىڭ تەڭگە، غالداننىڭ ئۆزىگە 4000 تەڭگە پۇل تاپشۇرۇشىنى بەلگىلىگەن. بۇ ھال جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىنى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈرگەن.

بەشىنچى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۈرلۈك چەكلىمىلىرىدىن قۇتۇلۇپ، خانلىققا كېلىدىغان تاشقى

تەھدىتنى يوقىتىش ئۈچۈن، چاررۇسسىيىنىڭ ياردىمى ئاستىدا چىڭ سۇلالىسىگە قارشى بىرقاتار ھەربىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان. 1688 ـ يىلى ئۇ 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن خانگاي تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھامىيلىقىدىكى قالقا موڭغۇللىرىغا ھۇجۇم قىلغان ھەمدە بۇ جايدىكى تۈشەتۇخان، جاساختۇخان قاتارلىق موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، ھۇجۇم تىغ ئۇچىنى بىۋاسىتە چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىمالىي چېگرا رايونلىرىغا قاراتقان. 1690 ـ يىلى 6 ـ ئايدا غالدان چاررۇسسىيىنىڭ قوللىشى بىلەن زور قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل رايونىغا قاراشلىق ئۇلۇغخۇي، خالخا دەرياسىنىڭ شەرقىي ۋادىلىرىغا قارىتا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىغان. بۇ ئەھۋالدا، پادىشاھ كاڭشى ئۆزى شەخسەن نۇرغۇن قوشۇننى باشلاپ، شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ بېشىدا غالدان بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ ھەمدە غالداننى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىتىپ، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن. 1695 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، غالدان يەنە 20 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، كىررولۇن دەرياسىنى بويلاپ شەرققە يۈرۈش قىلغان. ياندۇرقى يىلى 5 ـ ئايدا كاڭشى 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ، ئۇلانباتۇرنىڭ شەرقىي ـ جەنۇبىدىكى جۇمۇتۇ دېگەن جايدا ئۇنى يەنە بىر قېتىم مەغلۇپ قىلغان. 1697 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، كاڭشى غالدانغا قارىتا ئۈچىنچى قېتىم جازا يۈرۈشى قىلىپ، ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنى ئۈچىنچى قېتىم تارمار قىلغان. بۇ مەزگىلدە جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بۆلۈنۈش يۈز بېرىپ، غالداننىڭ جىيەنى سېۋان ئاراپتان ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىگەن. ئاچچىق دەرد ـ ئەلەمگە چىدىمىغان غالدان ئاخىرى 1697 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئامىر دېگەن جايدا زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالغان. ⑥

## 5. سېۋان ئاراپتان (1697 ـ 1727)

سېۋان ئاراپتان سېڭگېنىڭ ئوغلى. ئۇ غالداندىن كېيىن جۇڭغار تەختىگە چىققان. ئۇ تەختكە چىقىشى بىلەنلا تاغىسى غالداننىڭ يولىدا مېڭىپ، بىرقاتار كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشلىرىنى ئېلىپ بارغان. 1699 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭغا باستۇرۇپ كېلىپ، ئاق تاغلىقلار گورۇھىنىڭ باشلىقى ئەھمەد خوجىنى مەغلۇپ قىلغان ھەمدە ئۇنى تۇتۇپ، ئىلىغا سۈرگۈن قىلغان. 1717 ـ يىلى قىشتا، ئىنىسى چوڭ سېرىندوندۇپنى شىزاڭغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىپ، لاسانى ئىشغال قىلغان. ⑦ بىراق، ياندۇرقى يىلى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، شىزاڭدىن ۋاز كەچكەن. 1718 ـ 1723 ـ يىللىرى قازاق خانلىقىغا زور كۆلەمدە ھۇجۇم قوزغاپ، يەتتە سۇ رايونى، تاشكەنت، سايرام قاتارلىق جايلارنى ئىگىلىۋالغان ھەمدە بۇ جايلاردىكى قازاق، قىرغىز ئاھالىلىرىنى ئېغىر بالايىئاپەتكە دۇچار قىلغان.

سېۋان ئاراپتان يۇقىرىقىدەك كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشلىرىنى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە چاررۇسسىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلغان. 1715 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، چاررۇسسىيە قوشۇنلىرى جۇڭغار خانلىقىغا تەۋە يامۇش كۆلى ئەتراپىغا باستۇرۇپ كىرگەندە، ئۇ 20 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئەۋەتىپ، رۇسلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلغان. 1719 ـ يىلى چاررۇسسىيە ئەسكەرلىرى زايسان كۆلى بويىغا ئىچكىرىلەپ كىرگەندە، ئوغلى غالدان سېرىننى ئەۋەتىپ، رۇس قوشۇنلىرىنى چېكىنىشكە مەجبۇر قىلغان.

سېۋان ئاراپتان ئۆز ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە، خانلىقنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىنى يۈكسەلدۈرۈش جەھەتتىمۇ خېلى كۆپ كۈچ سەرپ قىلغان. ئۇ نوقۇل ئەنئەنىۋى چارۋىچىلىق بىلەنلا شۇغۇللىنىشقا قارشى تۇرۇپ، دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ساھەلىرىنىمۇ مۇناسىپ ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان. بۇنىڭ بىلەن خانلىقنىڭ ئىگىلىكى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىن شەرققە كېڭىيىپ تا ئۈرۈمچى رايونىغىچە يېتىپ بارغان. قول ھۈنەرۋەنچىلىك جەھەتتە، يۇڭ ـ توقۇلما، كۆن ـ خۇرۇم، گەزلىمە، مەتبەئەچىلىك، زەمبىرەك ياساش ۋە مېتال ئېرىتىش قاتارلىق كەسىپلەر بويىچە بىرقاتار قول ـ سانائەت كارخانىلىرى قۇرۇلغان. بۇلارنىڭ

ئىچىدە ھەربىي قورال ـ ياراق ياساش ۋە مېتال ئېرىتىش كەسپى ناھايىتى جانلانغان. نەتىجىدە جۇڭغار خانلىقىدا ئىقتىساد گۈللەنگەن، دۆلەت قۇدرەت تاپقان ۋەزىيەت شەكىللىنىپ، خانلىقنىڭ شۆھرىتى بارا ـ بارا ئۆسۈپ بارغان. 1727 ـ يىلىغا كەلگەندە، سېۋان ئاراپتان كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلگەن.

## 6. غالدان سېرىن (1727 ـ 1745)

غالدان سېرىن سېۋان ئاراپتاننىڭ ئوغلى. ئۇ ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىن، جۇڭغار تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان. غالدان سېرىن ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن بىرقاتار ئىقتىسادىي تەدبىرلەرنى يولغا قويۇپ، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلىرىنى پائال تۈردە تەرەققىي قىلدۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جەنۇبىي شىنجاڭغا بولغان ئىقتىسادىي كونتروللۇقنى كۈچەيتىپ، بۇ رايوندىن ئېلىنىدىغان باج نورمىسىنى يىلمۇيىل ئاشۇرۇپ بارغان. مەسىلەن، ئەينى چاغدا يەكەن شەھىرىدىن يىلىغا 261 پاتمان ئالتۇن ئالىي سۈپەتلىك گۈرۈچ، 5839 پاتمان ئادەتتىكى گۈرۈچ، 1715 چارەك پاختا، 428 چارەك زاراڭزا؛ قەشقەردىن 40 مىڭ 898 پاتمان ئاشلىق، 1463 چارەك پاختا، 365 چارەك زاراڭزا ئېلىنغان. ⑧

غالدان سېرىن ئىقتىسادىي جەھەتتە مەلۇم ئاساسقا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئۇرۇشخۇمارلىق خاراكتېرى تۈپەيلىدىن ئەتراپقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك قىلىشقا باشلىغان. 1729 ـ يىلى ئۇ، قوشۇن ئەۋەتىپ، يەتتە سۇ رايونىدىكى قازاق قەبىلىلىرىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغان. بىراق، ئۇزاق ئۆتمەيلا قازاق قەبىلىلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان. 1731 ـ يىلى ئۇ يەنە نۇرغۇن قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھامىيلىقىدىكى تاشقى موڭغۇل رايونىغا ھۇجۇم قىلغان. لېكىن كېيىنكى يىلى 7 ـ ئايدا، شەرقىي موڭغۇللارنىڭ ساين نويانغا قاراشلىق قەبىلىلىرىنىڭ ئاقساقىلى سېرىن جۇڭۋاڭ تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى غالدان سېرىننى بىردىنبىر تەھدىت ھېسابلاپ، جۇڭغار خانلىقىنى ئۇزۇل ـ كېسىل يوقىتىش قارارىغا كەلگەن. لېكىن چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ 1731 ـ 1734 ـ يىللاردىكى ئۇرۇشلىرى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىپ، ئاخىرى جۇڭغار خانلىقى بىلەن ۋاقىتلىق تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالاشقا مەجبۇر بولغان. 1745 ـ يىلى 11 ـ ئايغا كەلگەندە، غالدان سېرىن كېسەل بىلەن ئۆلگەن.

## 7. داباچى (1745 ـ 1755)

داباچى جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خاقانى. ئۇ سىڭگېنىڭ ئوغلى چوڭ سېرىندۈندۈپنىڭ نەۋرىسى. ئۇ، غالدان سېرىن ئۆلگەندىن كېيىن جۇڭغار خانلىقىدا پەيدا بولغان دارجا، سېۋان دورجى، سېۋان داش قاتارلىق ئاكا ـ ئۇكا شاھزادىلەرنىڭ تەخت تالىشىش كۈرىشىدىن پايدىلىنىپ، خوئيت قەبىلىسىنىڭ تەيجىسى ئامورسانانىڭ قوللىشى ئاستىدا، خانلىق تەختىنى تارتىۋالغان. داباچى جۇڭغار تەختىگە چىققاندىن كېيىن، ئۆزىنى خاقانلىققا كۆتۈرگەن ئامورساناغا نۇرغۇن ھوقۇق ـ ئىمتىيازلارنى بەرگەن. بىراق ئامورسانا ناھايىتى قارانىيەت كىشى بولغاچقا، ئۆز تۆھپىسىگە زىيادە تەمەننا قويۇپ، بارغانلا يېرىدە زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلغان. بۇ ھال داباچىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈر ئىختىلاپ شەكىللىنىپ، ئاخىرى ئۆزئارا تىغ كۆتۈرۈش دەرىجىسىگە يەتكەن. 1754 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، ئامورسانا ئالدى بىلەن ھەرىكەتلىنىپ، 6000 كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئىلىدىكى داباچىغا ھۇجۇم قىلغان. شۇ يىلى 6 ـ ئايدا، داباچى 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، ئامورسانانى مەغلۇپ قىلغان. مەغلۇبىيەت ئىزاسىغا چىدىمىغان ئامورسانا ئىنىسى بەنچۇر بىلەن قالدۇق ئەسكەرلىرىدىن 2000 ئادەم، يۇقىرىلاردىن 20 مىڭ ئادەمنى باشلاپ كېلىپ، چىڭ سۇلالىسىدىن پاناھلىق تىلىگەن. ⑨ ئۇزاق يىللاردىن بۇيان جۇڭغار خانلىقىنى يوقىتىش پۇرسىتىنى كۈتۈپ كېلىۋاتقان

چىڭ ھۆكۈمىتى داۋاچىغا قارىتا دەرھال ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىشنى قارار قىلغان ھەمدە 1755 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، بەندىنى شىمالىي تىنچلاندۇرغۇچى باش سانغۇن، ئامورسانانى مۇئاۋىن سانغۇن قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇلارنى ئۇلاستايدىن قوشۇن باشلاپ چىقىشقا، يۇڭچياڭنى غەربىي تىنچلاندۇرغۇچى باش سانغۇن، سالىرنى مۇئاۋىن سانغۇن قىلىپ، قومۇلنىڭ باركۆلدىن يولغا چىقىشقا بۇيرۇغان. ئىككى قوشۇندا 25 مىڭدىن جەمئىي 50 مىڭ ئادەم بولۇپ، داۋاچىنىڭ چوڭ قارارگاھى ـ بۆرتالادا ئۇچراشماقچى بولغان. 5 ـ ئايدا، بۇ ئىككى يول قوشۇنى بۆرتالادا غەلىبىلىك ئۇچرىشىپ، ھاراق ـ شارابقا بېرىلىپ، تەييارلىقسىز تۇرغان داۋاچىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلغان. داۋاچى ھودۇققىنىدىن نېمە قىلىشنى بىلەلمەي، يېقىنلىرىغا پەرمان ئوقى تۇتقۇزۇپ ئەسكەر ئېلىشقا ئەۋەتكەن. ئۆزى بولسا 10 مىڭ كىشىلىك مۇھاپىزەتچى قوشۇننى باشلاپ، ئىلىنىڭ غەربىي ـ جەنۇبىدىن 180 چاقىرىم كېلىدىغان جايدىكى گېدىن تېغىغا قېچىپ بېرىۋالغان. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى داۋاملىق قوغلاپ زەربە بېرىپ، 6 ـ ئايدا گېدىن تېغىنى توختاۋسىز ھۇجۇم بىلەن ئالغان. چىڭ ھۆكۈمىتى بۇ غەلىبىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، مەزكۇر تاغقا «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش گېدىن تېغى مەڭگۈ تېشى» نى ئورناتقان. ⑩ داۋاچى ئامالسىزلىقتىن 2000 كىشىلىك ئاتلىق مۇھاپىزەتچىسى بىلەن جەنۇبقا قاراپ قېچىپ، مۇز داۋان ئارقىلىق ئۇيغۇرلار رايونىغا ئۆتكەن. بۇ چاغدا، ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىن ئاران 100 ئادەملا قالغان. ئۇ قېچىپ ئۇچتۇرپانغا كەلگەندە بۇ جاينىڭ ھاكىمبېگى خوجىس بەگ ئۇنى ناھايىتى ئۇستاتلىق بىلەن كۈتۈۋېلىپ، ئۇنىڭ شەرىپىگە كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزگەن ھەمدە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە خىزمەت كۆرسىتىش ئۈچۈن، زىياپەت ئۈستىدىكى داۋاچى ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرىنى جاي ـ جايىدا تۇتۇپ باغلاپ، ئېكەستىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. ⑪ خوجىس بەگ مۇشۇ تۆھپىسى ھېسابىغا، چىڭ پادشاھى چيەنلۇڭ تەرىپىدىن ۋاڭلىق مەنسىپىگە ئېرىشكەن. داۋاچى بولسا بېيجىڭغا يالاپ ئاپىرىلغان. كېيىن ئۇ چىڭ ھۆكۈمىتىگە ئىشائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەچكە، چىنۋاڭلىق مەنسىپىگە نائىل بولغان ھەمدە بېيجىڭ شەھرىدە تۇرۇپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن 115 يىل ھۆكۈم سۈرگەن جۇڭغار خانلىقى ئاخىرى چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن يوقىتىلغان.

---

## ئىزاھات:

①④ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» (1 ـ قىسىم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىل نەشرى، 343 ـ، 354 ـ بەتلەر.

② ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىل نەشرى، 1216 ـ بەت.

③ «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 2000 ـ يىللىق 2 ـ سان، 40 ـ بەت.

⑤ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىل نەشرى، 344 ـ بەت.

⑥ ⑩ چيەن بۇجۇن، ژاڭ بىڭخۇا: «ئاممىباب شىنجاڭ تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىل نەشرى، 112 ـ، 114 ـ بەتلەر.

⑦ «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1992 ـ يىل نەشرى، 344 ـ بەت.

⑧ «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى. رەسمىي نۇسخا»، 77 ـ جىلد، چېگرىنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن جاۋخۇي قاتارلىقلارنىڭ 1759 ـ يىلى يوللىغان مەلۇماتى.

⑨ «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1999 ـ يىللىق 4 ـ سان، 62 ـ بەت.

⑪ موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ئەمنىيە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988 ـ يىل نەشرى، 24 ـ بەت.

# شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زاماندىكى تاشقى سودىسىغا نەزەر

ئايىمگۈل قابىل
(ئىنستىتۇتىمىز سىياسى - تارىخ فاكۇلتېتى لېكتورى)

## 1. 1840 ~ 1864 - يىللاردىكى تاشقى سودا

19 - ئەسىردىن باشلاپ چارروسىيە جۇڭگونىڭ غەربىي - شىمال رايونلىرىغا بولغان ئىقتىسادىي سىڭىپ كىرىشنى كۈچەيتتى. بولۇپمۇ، شىنجاڭنىڭ ئىلى، تارباغاتاي قاتارلىق جايلىرىدا سودا قىلىشنى جىددىي تەلەپ قىلدى. بۇ گەرچە چىڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن رەت قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن روسىيە شىنجاڭغا قاراتقان سودىسىنى ھەرگىز ئۈزۈپ قويمىدى. ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، روسىيە سودىگەرلىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرگۈزگەن ماللىرىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 1811 - يىلى 150 مىڭ رۇبلى بولغان بولسا، 1840 - يىلغا كەلگەندە كۆپىيىپ 367 مىڭ 100 رۇبلىغا يەتكەن.

ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، روسىيە جۇڭگونىڭ غەربىي قىسىم بازارلىرىنى ئېچىش قەدىمىنى يەنىمۇ تېزلەتتى، 1847 - يىلدىن باشلاپ چىڭ ھۆكۈمىتىگە ئىلى، تارباغاتاي، قەشقەردىن ئىبارەت ئۈچ جاينى سودا بازىسى قىلىپ ئېچىپ بېرىش توغرىسىدىكى تەلىپىنى قايتا ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە چىڭ سۇلالىسىنىڭ دىپلوماتىيە جەھەتتىكى قىيىنچىلىقىدىن پايدىلىنىپ، «جۇڭگو - روسىيە ئىلى تارباغاتاي سودا نىزامنامىسى» نى ئىمزالاشقا مەجبۇرلاش ئارقىلىق شىنجاڭدا كونسۇل تەسىس قىلىش، باجسىز سودا قىلىش، سودا چەمبىرىكى قۇرۇش قاتارلىق ئالاھىدە ئىمتىيازلارغا ئېرىشىۋالدى. 2 - قېتىملىق ئەپيۇن ئۇرۇشى جەريانىدا، چارروسىيە يەنە قورال كۈچىدىن پايدىلىنىپ چىڭ سۇلالىسىنى «تيەنجىن شەرتنامىسى» بىلەن «بېيجىڭ شەرتنامىسى» نى ئىمزالاشقا مەجبۇر قىلىپ، ئۆز تەسىرىنى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلىرىغا كېڭەيتىشكە باشلىدى. ئۇلار جۇغراپىيىلىك قولاي شارائىتتىن پايدىلىنىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە بۇلاڭچىلىق خاراكتېرىدىكى سودا سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. ئەنگلىيىمۇ «مەنپەئەتتىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش» بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، شىنجاڭدا چارروسىيە بىلەن ئوخشاش ئىمتىيازغا ئىگە بولدى. ئۇلار تارىم ئويمانلىقىدىكى رايونلارغا زور مىقداردا تاۋار كىرگۈزۈپ، نۇرغۇن پايدىغا ئېرىشتى. ئۇلارنىڭ تاۋارلىرى ئىچىدە ئەپيۇننىڭ ئىگىلىگەن سالمىقى خېلى كۆپ ئىدى. مەلۇم بولۇشىچە، قەشقەر، يەكەن، تارباغاتاي قاتارلىق جايلار نارىنغا يېقىن بولغانلىقتىن، چەت ئەل سودىگەرلىرى ئۆز تاۋارلىرى ئارىسىغا زور مىقداردىكى ئەپيۇننى يوشۇرۇپ بۇ جايدىن كىرگۈزگەن. ئۇلار ئېلىپ كىرگەن ئەپيۇنلىرىنى شىنجاڭدا سېتىپلا قالماي، بەلكى جىيايۈگۈەن ئارقىلىق ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە توشۇپ ساتقان.

«جۇڭگو - روسىيە ئىلى تارباغاتاي سودا نىزامنامىسى» ئىمزالانغاندىن كېيىن، چارروسىيە سودىگەرلىرى ئىلى، چۆچەك قاتارلىق جايلاردا ئولتۇراقلىشىپ سودا بىلەن شۇغۇللانغان. ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭنىڭ چەتكە چىقىرىدىغان ئاساسلىق مېلى ھەر خىل چايلار بولغان. چارروسىيىنىڭ شىنجاڭغا كىرگۈزگەن ماللىرى بولسا ھەر خىل پاختا گەزلىمىلەر، يۇڭ رەختلەر، تېرە مەھسۇلاتلىرى ۋە مېتال بۇيۇملار بولغان. سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، 1852 - يىلى جۇڭگونىڭ چەتكە چىقارغان تاۋارلىرىنىڭ قىممىتى 552 مىڭ فۇنت ستېرلىنگ، 1854 - يىلى 780 مىڭ فۇنت ستېرلىنگ، 1856 - يىلى كۆپىيىپ 16 مىڭ 692 فۇنت ستېرلىنگە يەتكەن. بۇ جەرياندا، چارروسىيە سودىدا تەشەببۇسكارلىق ئورنىدا تۇرغان. ئۇنىڭ شىنجاڭغا قىلغان تاۋار ئېكسپورت ئومۇمىي مىقدارى 1850 - يىلدىكى 211 مىڭ 500 كۈمۈش رۇبلىدىن ئېشىپ، 1853 - يىلى 675 مىڭ 700 كۈمۈش رۇبلىغا يەتكەن. ئوخشاش مەزگىل ئىچىدە، شىنجاڭنىڭ ئېكسپورت ئومۇمىي مىقدارى ئايرىم -

هالدا 350 مىڭ ۋە 688 مىڭ 600 رۇبلى بولغان، يەنى ئوخشاش مەزگىل ئىچىدە چارروسىيىنىڭ ئېكسپورت ئومۇمىي مىقدارى ئىككى ھەسسىدىن كۆپ ئاشقان؛ جۇڭگونىڭ ئېكسپورت ئومۇمىي مىقدارى بولسا 13% لا ئاشقان.

## 2. 1864 ~ 1872 - يىللاردىكى تاشقى سودا

1864 - يىلى شىنجاڭدا كۆلىمى زور دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. بۇ پۇرسەتتە قوقەنلىك ياقۇپبەگ ئاتالمىش «يەتتە شەھەر خانلىقى» نى قۇرۇپ چىقتى ھەمدە سىرتقا نىسبەتەن ئەركىن سودا ئېلىپ بېرىش توختاملىرىنى تۈزدى. ئۇنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ئەنگلىيە ۋە روسىيىلەرنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئىدى. شۇڭا ئۇ ئاۋۋال ئەنگلىيە بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش مەقسىتىدە، 1866 - يىلى ئەنگلىيىگە قاراشلىق ھىندىستاندىكى كەشمىرگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا سودا ئالاقىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدا سۆھبەت ئېلىپ باردى. ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، 1864 - يىلدىن 1866 - يىلغىچە ئەنگلىيە ھىندىستان ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن 100 مىڭ رۇبلى قىممىتىدە تاۋار ئالماشتۇرغان بولسا، 1876 - يىلغا بارغاندا سودا سوممىسى ئۆزلۈكسىز ئېشىپ، 550 مىڭ رۇبلىغا يەتكەن. 1868 - يىلى تېخىمۇ كۆپىيىپ 1 مىليون 40 مىڭ رۇبلىغا يەتكەن. ئالماشتۇرۇلغان تاۋارلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى قورال - ياراق ھەم ئوق - دورىلار بولغان. ياقۇپبەگ جەنۇبىي شىنجاڭغا ھۆكۈمران بولغان مەزگىلدە، چارروسىيە ئەسكەر چىقىرىپ ئىلىنى بېسىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن روسىيە سودىگەرلىرى ئۇۋۇسى چۇۋۇلۇپ كەتكەن ھەرىدەك تېخىمۇ كۆپلەپ شىنجاڭغا كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار يەرلىك سودىگەرلەرنى چەتكە قېقىپ، ئىلى رايونىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە قول سانائەت بۇيۇملىرىنى ئەرزان باھادا سېتىۋېلىپ، روسىيىنىڭ سانائەت ماللىرىنى يۇقىرى باھادا سېتىپ، ئىقتىساد ۋە سودىنى پۈتۈنلەي مونوپول قىلىۋالدى. 1872 - يىلى 6 - ئايدا، ياقۇپبەگ روسىيە بىلەن «روسىيە - قەشقەرىيە شەرتنامىسى» نى ئىمزالىدى. بۇ ئارقىلىق روسىيە ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنى قانۇنلۇق دەپ ئېتىراپ قىلدى ھەم بۇنىڭ بەدىلىگە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلاردا سودا قىلىش، سودا سارايلىرىنى قۇرۇش، سودا ۋاكالەتچىسى تۇرغۇزۇش قاتارلىق ئىمتىيازلارغا ئېرىشىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن روسىيىنىڭ سودا ماللىرى، بولۇپمۇ ھەربىي قورال - ياراقلىرى سودا كارۋانلىرى ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭغا ئۈزلۈكسىز كىرگۈزۈلۈشكە باشلىدى. قەشقەرىيە ماللىرىمۇ روسىيىگە توشۇلدى. تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، قەشقەرىيىدىن روسىيىگە توشۇلغان تاۋارلار ئاساسلىقى قەشقەرىيىدە توقۇلغان پاختا رەختلەر ۋە ھەر خىل سانائەتكە كېرەكلىك خام ئەشيالار بولغان.

## 3. 1877 ~ 1911 - يىللاردىكى تاشقى سودا

1878 - يىلى چىڭ سۇلالىسى جەنۇبىي شىنجاڭدا ياقۇپبەگ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. 1881 - يىلى چارروسىيىنىڭ قولىدىن ئىلىنى قايتۇرۇۋالدى. 1884 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتىغا پايدىلىق بەزى سىياسەتلەرنى يولغا قويۇپ، تاشقى سودا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ مەزگىلدىكى تاشقى سودا ئىشلىرىدا يەنىلا ئەنگلىيە ۋە روسىيە بىلەن بولغان ئالاقە ئاساسىي ئورۇندا تۇردى.

19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرى، ئەنگلىيە بىلەن روسىيە شىنجاڭغا بولغان ئىقتىسادىي ھۇجۇمىنى يەنىمۇ جىددىيلەشتۈرگەن ئىدى. 1881 - يىلى «ئىلى شەرتنامىسى» ۋە «قۇرۇقلۇق يولى سودا نىزامنامىسى» ئىمزالانغاندىن كېيىن، روسىيە تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا باجسىز سودا قىلىش، ئىلى، تارباغاتاي، تۇرپان، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا كونسۇلخانا تەسىس قىلىش، كونسۇللارنىڭ ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقى بولۇش قاتارلىق ئىمتىيازلارغا ئېرىشىۋالدى ھەمدە شىنجاڭنىڭ ئۈرۈمچى، چۆچەك، چىتەي، تۇرپان، قەشقەر قاتارلىق جايلىرىدا «سودا چەمبىرىكى» ھاسىل قىلدى. «شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك تەپسىراتى» دا روسىيە سودىگەرلىرىنىڭ شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىغا كەڭ تارقالغانلىقى قەيت قىلىنغان. ئەينى ۋاقىتتا، ياڭ زېڭشىنمۇ پۈتۈن شىنجاڭدا 40 تىن ئارتۇق ناھىيە بار بولۇپ، چەت ئەل سودىگەرلىرى بولمىغان بىرمۇ ناھىيە يوق ئىدى دەپ يازغان. بۇ خىل ئەھۋال

باشقا ئۆلكە ۋە رايونلاردا كەمدىن - كەم ئۇچرايدۇ.

20 - ئەسىرنىڭ دەسلەپىدىن باشلاپ چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى سانى 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپەيدى. مەسىلەن، 1898 - يىلى ئۈرۈمچىدە رۇسىيە سودىگىرىدىن ئاران ئۈچ - تۆت ئۆيلۈك بار بولۇپ، ئادەم سانى 200 دىن ئارتۇق ئىدى. لېكىن 1907 - يىلىغا كەلگەندە رۇسىيە سودىگەرلىرىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى سودا دۇكانلىرى 30 نەچچىگە يېتىپ، ئادەم سانى 800 دىن ئېشىپ كەتكەن. بۇنىڭدىن باشقا، رۇسىيىنىڭ غۇلجىدىكى سودىگەرلىرى 1163 ئۆيلۈك، 3325 كىشى؛ چۆچەكتىكى 291 ئۆيلۈك، 3843 كىشى؛ يەكەندىكى 280 ئۆيلۈك، 732 كىشى بولغان. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، شۇ چاغدا چاررۇسىيىنىڭ شىنجاڭدىكى سودىگەرلىرى جەمئىي 10 مىڭ 22 كىشى بولۇپ، مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ قالغانلىرى 2500 ئۆيلۈكتىن ئارتۇق بولغان. رۇسىيە سودىگەرلىرىنىڭ شىنجاڭدا تېز كۆپىيىشى چاررۇسىيىنىڭ شىنجاڭدىكى سودا سوممىسىنىمۇ مۇناسىپ ھالدا ئاشۇرغان. 1898 - يىلدىن 1914 - يىلغىچە رۇسىيىدىن شىنجاڭغا كىرگەن تاۋارلارنىڭ قىممىتى 3 مىليون 724 مىڭ رۇبلىدىن 11 مىليون 65 مىڭ رۇبلىغا يېتىپ، تەخمىنەن ئۈچ ھەسسىگە يېقىن ئاشقان. بۇ، شۇ چاغدا، رۇسىيە سودىگەرلىرىنىڭ شىنجاڭدىن ئېلىپ چىقىپ كەتكەن خام ئەشياسىنىڭ 2.7 ھەسسىسىگە تەڭ كېلىدۇ. رۇسىيە فىرمىلىرىدا سېتىلىدىغان ئاساسلىق تاۋارلار چىت، قوي، تۆمۈر، چۆيۈن ھەم چۆيۈندىن ياسالغان تۇرمۇش ئەسۋابلىرى، بوياق ماتېرىياللىرى، قەنت ۋە مېلىچ ماللاردىن ئىبارەت بولغان. رۇسىيىنىڭ شىنجاڭدىن سېتىۋالىدىغان تاۋارلىرى بولسا ئاساسەن ئەرزان باھادىكى خام ئەشيالار ئىدى. رۇسىيە شىنجاڭدىكى ھوقۇق - ئىمتىيازلىرىدىن پايدىلىنىپ، يەنە شىنجاڭغا مەبلەغ كىرگۈزۈشنى جىددىيلەشتۈردى. 1906 - يىلى «غالىبىيەت بانكىسى» ئارقىلىق 20 مىڭ رۇبلى قەرز پۇل ئاجرىتىپ، تورغاتتىن قەشقەرگىچە يول ياسىتىپ، ئەنجاندىن قەشقەرگىچە بولغان تاش يولنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋالدى. 1907 - يىلى خوتەندە ئالتۇن كان ئېچىشقا مەبلەغ سېلىپ، كاننىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى مونوپول قىلىۋالدى. بۇنىڭدىن باشقا خوتەن، گۇما، لوپ قاتارلىق جايلاردا يىپەك، گىلەم، يۇڭ، تېرە قاتارلىقلارغا ئىش قوشۇش زاۋۇتلىرىنى قۇردى.

ئەينى چاغدا، چاررۇسىيىنىڭ شىنجاڭدىكى سودا رىقابەتچىسى ئەنگلىيە ئىدى. رىقابەت ئاساسەن ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا ئەڭ كۈچلۈك ئىدى. شۇڭا، ئەنگلىيە چاررۇسىيىدىن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى سودا بازارلىرىنى تالىشىپ، رۇسىيىگە ئوخشاش كۇچا، يەكەن، مارالبېشى، قاغىلىق، يېڭىسار قاتارلىق جايلاردا سودا ئاقساقىلى تۇرغۇزۇش، باجسىز سودا قىلىش، كونسۇل قۇرۇش بىلەن كەڭ شۇغۇللاندى. ئالاقىدار ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئۈرۈمچى، تۇرپان، ئاقسۇ، بۈگۈر، كۇچا، قەشقەر، يەكەن، قاغىلىق، يېڭىسار، خوتەن، كېرىيە، مارالبېشى قاتارلىق جايلاردا، ئەنگلىيە ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ھىندىستان، ئافغانىستان سودىگەرلىرى تەخمىنەن 1295 ئائىلە، 3115 كىشىگە يەتكەن بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ بازار سودىسى دېگۈدەك ئۇلار تەرىپىدىن مونوپول قىلىۋېلىنغان. ئۇلار خۇددى رۇسىيە سودىگەرلىرىگە ئوخشاش مالنى نىسى سېتىش، قەرز بېرىش، ئۆسۈم ئېلىش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق خەلقنى قاقتى - سوقتى قىلغان. 1906 - يىلدىن 1908 - يىلغىچە بولغان ئىككى يىل ئىچىدە، ئەنگلىيىنىڭ ھىندىستان ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرگۈزگەن تاۋارلىرىنىڭ سودا سوممىسى ھەسسىلەپ ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن قاتناش شارائىتى رۇسىيىنىڭكىدەك قولايلىق بولمىغانلىقى ئۈچۈن، سودىدا چاررۇسىيە بىلەن رىقابەتلىشەلمىدى. شۇ چاغدا، ئەنگلىيە، ھىندىستان، ئافغانىستان سودىگەرلىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرگۈزىدىغان تاۋارلىرى ئاساسەن مەرۋايىت، ئەپيۇن، ئۈرۈك مېغىزى، يىپەك، چاي، دورا - دەرمەك، مەخمەل قاتارلىق بۇيۇملار بولۇپ، تىجارەت رايونى ئاساسلىقى جەنۇبىي شىنجاڭ ئىدى. شىنجاڭدىن ئەنگلىيە، ھىندىستانلارغا چىقىرىلىدىغىنى سېرىق مىس، يۇڭ، چارۋا مەھسۇلاتلىرى، خام يىپەك، ماتا، كىگىز، قاشتېشى قاتارلىقلار بولغان. لېكىن، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى سودىدا يەنىلا رۇسىيە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن، شىنجاڭغا كىرگۈزۈلگەن تاۋارلارنىڭ %90 ى رۇسىيىنىڭ بولغان. 1906 - يىلى قەشقەردىن ھىندىستان ئارقىلىق ئەنگلىيىگە چىقىرىلغان تاۋارلارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 2 مىليون 105 مىڭ مارك، ئەنگلىيە ۋە ھىندىستاندىن قەشقەرگە كىرگۈزۈلگەن تاۋارلارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 1 مىليون 500 مىڭ مارك بولغان. يەنى رۇسىيىدىن قەشقەرگە كىرگۈزۈلگەن ۋە قەشقەردىن رۇسىيىگە چىقىرىلغان ئوخشاش مەزگىلدىكى تاۋارلارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا تۆۋەن بولغان.

## 4. 1912 ـ يىلدىن بۇيانقى تاشقى سودا

1912 ـ يىلدىن باشلاپ، شىنجاڭ مىللىتارىستلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولدى. بۇ مەزگىلدە ئىجتىمائىي ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى نىسبەتەن ئاستا بولۇپ، ئىچكى ـ تاشقى سودا نورغۇنلىغان توسالغۇلارغا ئۇچرىدى. لېكىن، جاھانگىرلارنىڭ تالان ـ تاراج قىلىش خاراكتېرىدىكى تاشقى سودا ئىشلىرى يەنىلا مەلۇم دەرىجىدە راۋاجلاندى. بۇ ۋاقىتتا، ھەرقايسى جاھانگىر دۆلەتلەر، بولۇپمۇ چاررۇسىيە جەنۇبىي شىنجاڭغا نىسبەتەن بۇلاڭچىلىق خاراكتېرىدىكى سودا سىياستىنى يۈرگۈزۈپ، گۆزىنىڭ سانائەت ماللىرىنى تۆكمە قىلىپ سېتىش ئارقىلىق سودىنى پۈتۈنلەي مونوپول قىلىۋالدى.

ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، شىنجاڭ بىلەن سوۋېت رۇسىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى سودا مۇناسىۋىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. ئىلگىرىكى تەڭسىز شەرتنامىلەرنىڭ ھەممىسى بىكار قىلىنىپ، شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئوتتۇرىسىدا باراۋەرلىك ئاساسىدىكى تىنچ دىپلوماتىيە سىياستى يولغا قويۇلدى. 1920 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئاساسىدىكى «ئىلى ۋاقىتلىق سودا كېلىشىمى» ئىمزالاندى. 1924 ـ يىلى يەنە ئىككى تەرەپ ئۆزئارا كونسۇلخانا تەسىس قىلىش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلدى. كېلىشىم بويىچە سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈرۈمچى، ئىلى، قەشقەر، چۆچەك، ئالتاي قاتارلىق جايلاردا، شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشكەنت، ئالمۇتا، ئەنجان، زەيسان قاتارلىق جايلىرىدا كونسۇلخانا قۇردى. كونسۇلخانا قۇرۇلغان شەھەرلەردە قارشى تەرەپكە ئوخشاشلا سودا بازىرى ئېچىپ بېرىلىپ، شىنجاڭ ـ سوۋېت سودىسى يېڭى بىر باسقۇچقا كىردى. ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېكسپورت قىلىنغان تاۋارلار: پاختا، ئاشلىق، يۇڭ، تېرە، ئاق ماتا، تون چاپان، گىلەم، كىگىز، ئۆتۈك، مىس چۆگۈن، مىس قاچا ـ قۇچىلار، يامبۇ، يىپەك توقۇلمىلار، كىمخاپ ۋە باشقا ھەر خىل سانائەت خام ئەشيالىرى؛ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭغا ئېكسپورت قىلىنغىنى: پاختا رەخت، قەنت، شېكەر، سەرەڭگە، كىرسىن ۋە فار ـ فۇر بۇيۇملار بولغان. ئالاقىدار ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، 1923 ـ يىلى شىنجاڭ ـ سوۋېت سودىسىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 18 مىليون رۇبلىغا، 1928 ـ يىلغا كەلگەندە ئېشىپ 24 مىليون رۇبلىغا يېتىپ، شىنجاڭ ھەر ئىككى قېتىملىق سودىدا ئاكتىپ بالانس ھالىتىدە تۇرۇپ كەلدى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنكى سوۋېت بىلەن بولغان يېڭىچە سودا مۇناسىۋىتى شىنجاڭ بازارلىرىنىڭ گۈللىنىشى ۋە ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى.

بۇ چاغلاردا، ئەنگلىيىمۇ ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا شىنجاڭنىڭ سودا بازارلىرىغا كىرىپ، ئالتۇن، كۈمۈش ۋە قاشتېشى مەھسۇلاتلىرىغا چاڭگال سېلىشنى توختاتمىدى. 1939 ـ يىلى تاشقورغان مۇداپىئە ئەترىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ ئەترەت ئەنگلىيىنىڭ تاشقورغاندىكى ۋاكالىتەن ئىش بېجىرگۈچى خادىملىرىنى قانۇنسىز تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈن چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرىنى تازىلىدى.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، ئەينى ۋاقىتتا، جەنۇبىي شىنجاڭ ئەنگلىيە ۋە رۇسىيىنىڭ خام ئەشيا بازىسى ۋە ئۆز تاۋارلىرىنى تۆكمە قىلىپ ساتىدىغان بازىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇلارنىڭ تالان ـ تاراج قىلىدىغان ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالغان.

### پايدىلانغان ماتېرىياللار


① «قەشقەرىيە»، ئۇيغۇرچە نەشرى.
② «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى»، 2 ـ قىسىم، ئۇيغۇرچە نەشرى.
③ «جۇڭگونىڭ غەربىي ـ شىمالنى ئېچىش تارىخى»، ئۇيغۇرچە نەشرى.
④ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، ئۇيغۇرچە نەشرى.
⑤ «مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1991 ـ يىلى 1 ـ سان (خەنزۇچە).
⑥ «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى»، ئۇيغۇرچە نەشرى.

# خوتەن ۋىلايىتىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى

## (1)

ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
(قاراقاش ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى)

ئابدۇقادىر تۇرسۇن
(خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئاسراش - باشقۇرۇش ئورنىنىڭ مەسئۇلى)

[ئىلاۋە]: ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە تارىخىغا قىزىققۇچى كەڭ ئوقۇرمەنلەرنى سىستېمىلىق تارىخ - مەدەنىيەت بىلىملىرى بىلەن قوراللاندۇرۇشنى ئۆزىنىڭ مۇھىم نىشانلىرىنىڭ بىرى قىلغان «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان ئىلمىي قىممىتى زور بىرتۇركۇم ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، ئىسمى - جىسمىغا لايىق ئىلىم كۆزنىكى بولۇش رولىنى جارى قىلدۇردى. بولۇپمۇ يېقىنقى ئەسىر قوزغۇرىقى چېلىنىۋاتقان يىللاردا ئېلان قىلىنغان «تۇرپان، دۇنخۇاڭلاردىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەر»، «قەشقەر ۋىلايىتىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، «ئۇيغۇر خاقانلىرى»، «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ خەنزۇچە ئىپادىلىنىش لۇغىتى» قاتارلىق يىرىك ئىلمىي ئەسەرلەر كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. بىز مەزكۇر ژۇرنالنىڭ بۇ خىل خاسلىقىغا يېقىندىن ھەمدەمدە بولۇش مەقسىتىدە، خوتەن ۋىلايىتىدىكى ئاساسلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ چىقتۇق. بۇ ئەرزىمەس ئەمگىكىمىز ئۇيغۇر تەزكىرىچىلىكى ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئۈچۈن ئازراق بولسىمۇ نەپ بەرسە ئۆزىمىزنى بەختلىك ھېسابلىغان بولار ئىدۇق.

ئاپتورلاردىن

«قاشتېشى»، «گىلەم»، «يىپەك» تىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ گۆھىرى ئارقىلىق قەدىمدىن بىرى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ تارىخنامىلىرىدىن پەخىرلىك ئورۇن ئېلىپ كەلگەن قەدىمىي مەدەنىيەتلىك ماكان خوتەن (ئۇدۇن) شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، شەرق تەرەپتىن بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ چەرچەن ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبىي تەرەپتىن ھەيۋەتلىك قاراقورۇم تېغى، كوئېنلۇن تېغى ئارقىلىق شىزاڭ بىلەن تۇتىشىدۇ؛ غەربىي تەرەپتىن ھىندىستان، پاكىستان ئەمەلىي كونترول قىلىپ تۇرغان كەشمىر بىلەن چېگرىلىنىدۇ. چېگرا لىنىيىسى 210 كىلومېتىر. شىمالىي قىسمى بىپايان تەكلىماكان چوڭ قۇملۇقىنىڭ ئىچكىرىسىگە سوزۇلغان. ئومۇمىي كۆلىمى 274 مىڭ 800 كۋادرات كىلومېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە تاغلىق جايلار تەخمىنەن 33.3% نى، چۆل - جەزىرىلەر 63% نى، تېرىلغۇ يەر ۋە تېرىقچىلىق قىلىشقا بولىدىغان يەر 3.7% نى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنىڭغا يەتتە ناھىيە، بىر شەھەر، 11 بازار، 76 يېزا، تۆت كوچا باشقارمىسى، ئۈچ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانى قارايدۇ. ۋىلايەت تەۋەسىدە تارىم دەرياسىغا تەئەللۇق قورۇقلۇق ئېقىنىدىن قاراقاش دەرياسى، يورۇڭقاش دەرياسى، كېرىيە دەرياسى، گۇما دەرياسى، سانجۇ دەرياسى، نىيە دەرياسى، نۇر دەرياسى، چىرىيە دەرياسى قاتارلىق چوڭ - كىچىك 36 ئېقىن بولۇپ، يىللىق ئومۇمىي سۇ مىقدارى 7 مىليارد 335 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ. خوتەننىڭ كان مەھسۇلات بايلىقلىرى مول، تۈرى كۆپ

بولۇپ، 1991 - يىلىغىچە 60 نەچچە خىل كان مەھسۇلاتى، 150 گە يېقىن كان مەھسۇلاتى بازىسى تېپىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە مۇئەييەن زاپىسى بار كانلاردىن 24 ى، مەھسۇلات بازىسىدىن 43 ى تەكشۈرۈپ تېپىلدى. بۇلار ئاساسلىقى كۆمۈر، تۆمۈر، ئالتۇن، قاشتېشى، ھاك تېشى، كرىستال، گەج، كۈمۈش، مىس، سىنىك، گۈڭگۈرت، تۇز، نېفىت، مەرمەر تاش، چىرىمتال قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن باشقا خوتەننىڭ ھەر خىل مېۋە - چېۋە بايلىقلىرىمۇ مول بولۇپ، نامى چەت ئەللەرگىچە مەشھۇر.

خوتەن قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ مۇھىم بۆلىكىگە جايلاشقان، ئۇزاق تارىخقا ئىگە، كۆپ مىللەتلىك، شەرق غەرب - مەدەنىيىتى مۇجەسسەملەشكەن، قويۇق مىللىي پۇراق ۋە ئۆزگىچە مەدەنىيەت ئۇسلۇبىغا ئىگە قەدىمىي يۇرت بولۇشتەك بىرقاتار ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۆز قوينىدا نۇرغۇنلىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ساقلاپ ياتقان بولۇپ، ئىلگىرى - ئاخىر ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشلەر جەريانىدا 150 دىن ئارتۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى بايقالدى. بۇلاردىن بىرسى دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى، 20 سى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك، 90 ى ناھىيە دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى قىلىپ بېكىتىلگەن. تۆۋەندە بىز بۇلارنى قوغدىلىش دەرىجىسى بويىچە بىر - بىرلەپ تونۇشتۇرۇپ چىقىمىز.

## مەملىكەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى - نىيە قەدىمكى شەھىرى خارابىسى

بۇ خارابە ھازىرقى نىيە ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى قۇملۇقتا بولۇپ، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 82°45′، شىمالىي كەڭلىك 38°5′ ئارىلىقىدا جايلاشقان. قەدىمكى شەھەر خارابىسىنىڭ مەركىزىي جايى بىلەن نىيە ناھىيىسىنىڭ ئارىلىقى تۈز سىزىق بويىچە ھېسابلىغاندا 100 كىلومېتىر (يول بويىچە ھېسابلىغاندا 120 كىلومېتىر) كېلىدۇ. ئۇ، مىلادىدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە قۇرۇلغان «نىيە بەگلىكى» نىڭ قەدىمكى ئورنى بولۇپ، بۇ بەگلىك ھەققىدە «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: «نىيە بەگلىكى، مەركىزى نىيە شەھىرى. بۇ يەردىن چاڭئەنگە 8820 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 480 تۈتۈن، 3360 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە ياراملىقى 500 نەپەر، بىر نەپەر نىيە كاھىبىگى، ئوڭ - سول سەركەردە، تىلماچبەگ قاتارلىق ئەمەلدارلىرى بار. شىمالدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 2723 چاقىرىم بولۇپ، جەنۇبتىن رۇڭلۇ بەگلىكىگە تۆت كۈنلۈك يول. ئۇنىڭ غەربىدىن ئۇزۇن تېتىر بەگلىكىگە 460 چاقىرىم كېلىدۇ» دەپ خاتىرە قالدۇرۇلغان. مەزكۇر خارابىلىقنىڭ جەنۇبتىن - شىمالغا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 25 كىلومېتىر، شەرقتىن - غەربكە كەڭلىكى يەتتە كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۆز زامانىسىدا يىپەك يولىدىكى ئاۋات بوستانلىق ھېسابلانغان بۇ قەدىمكى شەھەر ئاساسلىقى سۇ مەنبەسىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى سەۋەبىدىن خارابىلىققا ئايلىنىپ كەتكەن.

نىيە قەدىمكى شەھىرى خارابىسىنى 1901 - يىلى 1 - ئايدا ئەنگلىيىلىك ئارخېئولوگ ۋە ئېكسپېدىتسىيىچى ئاۋرېل ستەيىن (1862 ـ 1943) ئۇيغۇر دېھقان ئىبراھىمنىڭ يول باشلىشى بىلەن تۇنجى قېتىم بايقىغان ① بولۇپ، شۇنىڭدىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە بولغان ئارىلىقتا، مەزكۇر خارابىلىقتا ئون قېتىمدىن ئارتۇق ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش - تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ، ھازىرغىچە تېپىلغان ئەڭ بالدۇرقى ياغاچ ئورۇندۇق ھېسابلانغان يۆلەنچۈكلۈك نەقىشلىك ئورۇندۇق، بۆرە ئوبرازى،

① ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن: «نىيە خارابىسىنىڭ بايقىلىشى»، «شىنجاڭ خەلق قورۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ 2000 - يىل 4 - سانىغا قاراڭ.

پىل ئوبرازى، ئادەم ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن ياغاچ ئويما رەسىم، ھەر خىل توقۇش سايمانلىرى، ئورچۇق، يىپ ئىگىرىش چاقىنىڭ قۇلىقى، يىك، پىلە غوزىسى، ھەر خىل يۇڭ توقۇلما، يىپەك توقۇلما، پاختا توقۇلما بۇيۇملار، رەڭلىك گىلەم، 1000 پارچە ئەتراپىدا قارۇشتى يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈك، ① ئۆتۈك قېلىپى، تامغا، برونزا ئوق ئۇچى، تۈگمە، تۆمۈر قوراللار، ئەينەك، قۇلۇلە قېپى، مارجان، ئۈزۈك، ئالتۇن سىرغا، تارغاق - سۈزگۈچ، ياغاچتىن ياسالغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى، برونزا قوڭغىراق، شور بىلەن ياسالغان تونۇر، ياغاچ ئارا، كەمەر، ئوقدان، پىچاق... قاتارلىق نۇرغۇنلىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى بۇيۇملىرى قېزىۋېلىنغان. بولۇپمۇ بۇ جايدىن تېپىلغان قارۇشتى يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈكلەرنىڭ تەتقىقات قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ئۇ بىزنى بىرتەرەپتىن قەدىمكى خوتەننىڭ پوچتا - ئالاقە، يېزىق تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا يېتەرلىك ئۇچۇر بىلەن تەمىنلىسە، يەنە بىرتەرەپتىن خوتەننىڭ قەدىمكى تامغا مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم مەنبەلەردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ②

نىيە خارابىسى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشتا ياپونىيە ئارخېئولوگلىرىنىڭ پائالىيىتىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. ئۇلار جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ، 1980 - يىلدىن 1997 - يىلغىچە جەمئىي ئون قېتىم بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. 1995 - يىلى 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە ئېلىپ بېرىلغان جۇڭگو - ياپونىيە نىيە خارابىسىنى بىرلەشمە تەكشۈرۈش پائالىيىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر ناھايىتى زور بولۇپ، بۇ قېتىملىق تەكشۈرۈش ئارقىلىق نىيە قەدىمكى شەھىرى خارابىسى شۇ يىلى مەملىكەت بويىچە ئارخېئولوگىيىلىك ئون چوڭ بايقاش قاتارىغا كىرگۈزۈلدى ۋە 1996 - يىلى 11 - ئايدا مەملىكەتلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى دەپ ئېلان قىلىندى. ياپونىيە ئارخېئولوگلىرى خەنزۇچە - ياپونچە ئىككى خىل يېزىقتا يېزىلغان چوڭ ھەجىملىك «جۇڭگو - ياپونىيە بىرلىكتە نىيە خارابىسىنى ئىلمىي تەكشۈرۈش دوكلاتى» ناملىق كىتابنىڭ 1. 2- تومىنى نەشر قىلدى.

بۇ خارابىدىن ئىلگىرى - كېيىن ئۇچۇرتۇلغان قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقى بۇيۇملىرىغا ئاساسەن، بۇ قەدىمكى شەھەر خارابىسىنىڭ يىل دەۋرى مىلادىدىن بۇرۇنقى 4-، 3 - ئەسىرلەردىن مىلادى 3 -، 4 - ئەسىرلەرگە قەدەر دەپ قارالماقتا.

# ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورۇنلىرى

## 1. يوتقان قەدىمكى شەھىرى خارابىسى

بۇخارابە خوتەن شەھىرىنىڭ غەربىدىن 11 كىلومېتىر كېلىدىغان باغچى بازىرىنىڭ ئەللامە كەنتى تەۋەسىدە بولۇپ، جايلاشقان ئورنى شەرقىي ئۇزۇنلۇق ′48°79، شىمالىي كەڭلىك ′06°37 قا توغرا كېلىدۇ. قەدىمكى شەھەرنىڭ خارابە ئورنى بۈگۈنكى باغچى بازىرىنىڭ ئەللامە كەنتى بىلەن خەلچە كەنتىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىكى پاسىلىغا جايلاشقان. خارابىنىڭ ھازىرقى ئومۇمىي كۆلىمى ئون كۋادرات كىلومېتىرچە كېلىدۇ. خارابە ئورنى ئۆز ئەتراپىدىكى ئەسلى يەر يۈزىدىن 4~5 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا بولغانلىقى ئۈچۈن،

① ئىززەت ئاتاۋۇللا سارتېكىن: «نىيە خارابىسىدىن تېپىلغان قارۇشتى يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈكلەر توغرىسىدا»، «خوتەن ئالىي پېداگوگىكا مەكتىپى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 2000 - يىل 2 - سانىغا قاراڭ.
② ئىززەت ئاتاۋۇللا سارتېكىن: «خوتەننىڭ قەدىمكى تامغا مەدەنىيىتى» «شىنجاڭ گېزىتى» 1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىكى سانى.

سۇ سىزىپ تۇرىدىغان، شال تېرىشقا لايىق ساسلىققا ئايلىنىپ قالغان.

1892 ـ يىلى فرانسىيىنىڭ دۇترى تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى گلۇننارد يوتقاندىن بىرتۈركۈم ساپال قورچاق، ئەينەك بۇيۇم، ساپال قاچا ۋە ئاق قاشتېشىنى يىغىۋېلىپ ئېلىپ كەتكەن. 1896 ـ يىلى سۋېن ھېدىن بۇ خارابىدىن 523 دانە ھەر خىل مەدەنىي يادىكارلىقنى يىغىۋالغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ساپال قورچاق، كوزا، مىس بۇت ھەيكىلى، قەدىمكى خەت ـ چەك، قەدىمكى پۇل، خىرىستىئان دىنىغا ئائىت ئالتۇن تەڭگە، كىرېست بەلگىسى ۋە بىر ئالتۇن مېدال قاتارلىقلار ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ستەيىن 1900 ـ 1906 ـ يىللىرى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، كۆپلىگەن قەدىمكى پۇل ۋە ھەر خىل ساپال، ئالتۇن ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرىنى يىغىۋالغان. 1929 ـ يىلى جۇڭگو ئارخېئولوگلىرىغا مەزكۇر خارابىدىكى بىر بۇلاقتىن ئالتۇندا ياسالغان ئۆردەك ھەيكىلى ئۇچرىغان بولۇپ، ئۇ ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانماقتا. بۇ جايدىن ئىلگىرى ـ ئاخىرى بولۇپ، جىنسىي تېۋىنىش مەزمۇنىدىكى ساپال ھەيكەل، نەقىشلىك ساپال پارچىلىرى، كىچىك ساپال ئاپتۇۋا، ساپالدىن ياسالغان ئادەم ھەيكىلى، ساپالدىن ياسالغان ئات، تۆگە، قوش ۋە ھەر خىل ھايۋانلار ئوبرازى، چالغۇ ئەسۋاپ تۇتقان ئادەم سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ساپال بۇيۇم پارچىلىرى، قاشتېشى، مېتال بۇيۇم پارچىلىرى ئۇچرىتۇلغان.

ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، بۇ خارابىلىق قەدىمكى ئۇدۇن خانلىقىنىڭ پايتەخت شەھىرى ئورنى بولۇپ، دەۋرى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 200 ـ يىللاردىن مىلادى 400 ـ يىللارغىچە بولغان ئارىلىققا توغرا كېلىدىكەن.

يوتقان قەدىمكى شەھىرى خارابىسى 1957 ـ يىلى 1 ـ ئايدا «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» دەپ ئېلان قىلىنغان.

## 2 . مەلىكىئاۋات قەدىمكى شەھەر خارابىسى

بۇ خارابە خوتەن شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىن 25 كىلومېتر كېلىدىغان جايغا، يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقى، قاراقۇرۇم تېغىنىڭ باغرىغا جايلاشقان. جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 79°50′، شىمالىي كەڭلىك 35°57′ قا توغرا كېلىدۇ. جەنۇبتىن ـ شىمالغا ئۇزۇنلۇقى ئون كىلومېتر، شەرقتىن ـ غەربكە كەڭلىكى ئوتتۇرا ھېسابتا 2~3 كىلومېتر بولۇپ، تار ۋە ئۇزۇنچاق يەر شەكلىگە ئىگە. جەنۇب ۋە غەربىي ـ جەنۇب تەرىپىدە تاغ، شىمال تەرىپىنىڭ ئانچە يىراق بولمىغان جايىدا 30 ـ يىللاردىن باشلاپ بەرپا بولغان كىچىكرەك بىر كەنت بار؛ شەرق تەرىپى يۇرۇڭقاش دەرياسىغا تۇتىشىدۇ.

1900 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ۋە 12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ستەيىن ئىككى قېتىم بۇ خارابىغا كېلىپ، بىرقىسىم ساپال پارچىلىرى، مىلادىدىن بۇرۇنقى 200 ـ يىللارغا ۋە مىلادى 700 ـ يىللارغا توغرا كېلىدىغان قەدىمكى پۇل، مارجان، تامغا ۋە رىم ئەپسانىلىرىدە ھېكايە قىلىنغان چىۋىبتىنىڭ ھەيكىلىنى يىغىۋېلىش بىلەن بىرگە خارابىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بايلىق ئىزدىگۈچىلەر تەرىپىدىن قېزىلغان بۇددا تاش مۇنارىنى بايقىغان. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ۋە ئۇچۇرتۇشلاردا بۇ يەردىن ئالتۇن ھەل بېرىلگەن بۇت ھەيكىلى، براھما يېزىقى، بەش مىسقاللىق پۇل، گەجدىن ياسالغان بۇت ھەيكىلى، بۇتخانا تام بېزەكلىرى، ساپال قاچا ـ قۇچا پارچىلىرى ئۇچۇرتۇلغان. ئىلگىرى ـ ئاخىرى ئۇچۇرتۇلغان ماددىي بۇيۇملارغا ئاساسەن بۇ خارابىنىڭ يىل دەۋرى بۇنىڭدىن تەخمىنەن 2200 ـ يىللاردىن 1000 ـ يىللارغا قەدەر دەپ قارالماقتا.

مەلىكىئاۋات قەدىمكى شەھىرى خارابىسى 1957 ـ يىلى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» قىلىپ بېكىتىلگەن.

## 3. سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقى

سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقى لوپ ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدىن 15 كىلومېتىر يىراقلىقتا، سامپۇل يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق ئورۇننىڭ غەربىدىن تۆت كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان ″5′7°80، شىمالىي قۇتۇپ ″53′59°36 قا توغرا كېلىدۇ. قەبرىستانلىقنىڭ غەربتىن - شەرققە ئۇزۇنلۇقى تۆت كىلومېتىر، جەنۇبتىن - شىمالغا ئۇزۇنلۇقى بىر كىلومېتىردىن ئارتۇقراق. مەزكۇر خارابىنىڭ يەر ئۈستى پۈتۈنلەي توپا ۋە قۇملۇق بولۇپ، يەر يۈزىدە ھېچقانداق قەبرە بەلگىسى يوق. 1983 - يىلى قەبرىستانلىقتىن سۇ بېسىپ ئۆتكەن سەۋەبلىك بۇ خارابە ئاشكارىلىنىپ، ئىلگىرى - كېيىن تۆت قېتىم قېزىش ئېلىپ بېرىلغان. ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 1000 پارچىدىن ئارتۇق يادىكارلىق بۇيۇمى قېزىۋېلىنغان. بۇلار ئاساسلىقى يۇڭ ۋە يىپەك توقۇلمىلاردىن ئىشلەنگەن كىيىم - كېچەك، كەشتە، گۈل بېسىلغان پاختا رەخت، كىچىك ھەمزەك، پالاس، گىلەم، كىگىز، مارجان، تارغاق، سۈزگۈچ، مىس ئەينەك، تېرە، ئۈزۈك، ھاسا، پەي يەلپۈگۈچ، تۆمۈر ئوق بېشى، ساپال قاچا قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. قەبرىستانلىقتىن يەنە مېيىتلار بىلەن بىرگە كۆمۈلگەن ئىككى ئاق بوز ئاتنىڭ جەسىتى چىققان بولۇپ، ئاتلارمۇ ئادەملەرنى دەپنە قىلغانغا ئوخشاش لەھەت ئىچىگە قويۇپ ئۈستىدىن شاخ - شۇمبا تاشلاپ توپا بىلەن كۆمۈلگەن. ئاتلارنىڭ ساقلىنىشى خېلى ياخشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە بىر ئات ئېگەر - جابدۇق بىلەن توقۇلغان ھالەتتە كۆمۈلگەن. ئات جابدۇقلىرى ئىچىدە تېرە قاپلانغان قۇشباشلىق ئېگەر، ئۈچ قەۋەت ئاق كىگىزدىن تۆت چاسا قىلىپ تىكىلگەن توقۇم بار. ئېگەر ئۈستىگە 73×76.5 سانتىمېتىر چوڭلۇقتىكى رەڭدار ئېگەر گىلىمى يېپىلغان. يەنە بىر قەبرىدىن پۈرمە پۈچاقلىق رەڭدار يۇڭ توقۇلما ئىشتان تېپىلغان. ئۇنىڭغا ئادەم باشلىق، ئات بەدەنلىك ئوبراز چۈشۈرۈلگەن. تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ قەبرىستانلىق 2290±65 يىل بۇرۇنقى دەۋرلەرگە توغرا كېلىدۇ.

سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقى 1990 - يىل 12 - ئايدا «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» قىلىپ بېكىتىلگەن.

## 4. ئاقسېپىل قەدىمكى شەھىرى خارابىسى

بۇ خارابە لوپ ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىن 17 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قۇملۇقتا جايلاشقان. تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، ئەسلىدە شەھەر سېپىلىنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقى 7~8 چاقىرىم بولۇپ، قەدىمكى شەھەر سېپىلىنىڭ كۆپ قىسمى قۇم ئاستىدا قالغان. ھازىر بۇنىڭ 93.6 مېتىر قىسمىلا ساقلىنىپ قالغان. سېپىلنىڭ ئاستى كەڭلىكى 2.5 مېتىر، ئۈستى كەڭلىكى 1.5 مېتىر، ئېگىزلىكى بەش مېتىر بولۇپ، سېپىل ئۈستىدە يوشۇرۇنۇش ئورنى بار. سېپىل ئەتراپىدىكى ئون نەچچە كىلومېتىر دائىرىدە ئېرىق - ئۆستەڭ، ئېتىز ئىزناسى بار. سېپىل چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان چوڭ تىپتىكى خىشتىن قوپۇرۇلغان. خىشنىڭ ئۇزۇنلۇقى 50 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 30~40 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى ئون سانتىمېتىرچە كېلىدۇ. قەدىمكى شەھەرنىڭ يەر ئۈستىنى نۇرغۇن يىللاردىن بېرى شامال يالاپ كەتكەن بولغاچقا، سېپىل تام ئاستى ئەسلىدىكى يەر يۈزىدىن 4~5 مېتىرچە تۆۋەنلەپ كەتكەن، ئىمارەت خارابىسى قالمىغان. بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ ئەسلىدە نېمە دەپ ئاتىلىدىغانلىقى ئېنىق ئەمەس. شەھەرنىڭ سېپىلى ئاق سېغىزدىن قۇيۇلغان خىشتىن قوپۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن «ئاقسېپىل» دەپ ئاتالغان ئىكەن. ئەمەلىيەتتە بۇ كېيىنكىلەر قويغان ئىسىم بولۇشى مۇمكىن.

بۇ خارابىلىقتىن بەش مىسقاللىق مىس پۇل، چىشلىق چاق شەكلىدىكى پۇل، قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىگە خاس مىس پۇل، ئات سۈرەتلىك ئودۇن مىس پۇلى، تاق قۇلاقلىق قىزىل ساپال كوزا، ساپال پىل، ساپالدىن ياسالغان ئات بېشى پارچىسى، بەش دانە ساپال مايمۇن، تۆت دانە ساپال بۇت پارچىسى،

تۆت قۇلاقلىق بىر دانە كوزا، ئادەم سۈرەتلىك بىر دانە كوزا قاپقىقى پارچىسى، ئالتە دانە ساپال ئۇرچۇق غالتىكى، سەككىز دانە ئەينەك پارچىسى، بىر قاپ مۇنچاق، كىدان يېزىقىدىكى بىر مىس مۆھۈر... قاتارلىقلار تېپىلغان.

سېپىل تېمىغا ئىشلىتىلگەن كېسەكنىڭ بىر يۈزىدە يېزىق بولۇپ، ئاجراپ كەتكەن خىشلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، بىر - بىرىگە ئوخشاش بولمىغان 17 ھەرپ بارلىقى، ئۇنىڭ 15 ى قەدىمكى قاروشتى يېزىقى ھەرپى، ئىككىسى قەدىمكى براھما يېزىقى ھەرپى ئىكەنلىكى دەسلەپكى قەدەمدە ئىسپاتلاپ چىقىلدى. ① سېپىل تېمىدىكى يېزىقلارغا قارىغاندا، بۇ شەھەر خارابىسى بۈگۈندىن تەخمىنەن 2300 يىللار بۇرۇنقى دەۋرگە توغرا كېلىدۇ.

ئاقسېپىل قەدىمكى شەھىرى خارابىسى 1957 - يىلى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» دەپ ئېلان قىلىندى.

## 5. باغداد قەدىمكى قەبرىستانلىقى

بۇ قەبرىستانلىق لوپ ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىدىن 3.5 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى دول يېزىسىنىڭ سېرىق كەنتىگە جايلاشقان. خارابە مەسچىت ۋە قەبرىستانلىقتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تۈزۈلگەن. مەسچىتنىڭ ئىگىلىگەن ئورنى 1.6 مو كېلىدۇ، ئالدى - ئارقا تەرىپىدە ئىشىكى، 12 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئەزانخانىسى بار؛ قۇرۇلۇش كۆلىمى 334 كۋادرات كىلومېتىر. مەسچىت ئۆزگىچە بىناكارلىق ئۇسلۇبىغا ئىگە بولۇپ، تەتقىق قىلىپ پايدىلىنىش قىممىتى بىرقەدەر يۇقىرى. ھازىرقى مەسچىت 1939 - يىلى قايتا ياسالغان. قەبرىستانلىق كۆلىمى 300 مو كېلىدۇ، ئوتتۇرىسىدا كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان ئىككى مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئايلانما چاسا تام بار. ئۇنىڭ تۆت بۇرجىكى ئۈستىدە يەنە بىر مېتىردەك ئېگىزلىكتىكى تۆت دانە قۇببە بار بولۇپ، قەبرىستانلىقتا ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ.

باغداد قەدىمكى قەبرىستانلىقىنىڭ دائىرىسى كەڭ بولۇپ، كونا ۋە يېڭى قەبرىلەر ناھايىتى زىچ ھەم قالايمىقان ... قاتمۇقات بولۇپ كەتكەن. مۇتلەق كۆپ قىسمى يېقىنقى زاماندىكى قەبرىلەر بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى ۋە چوڭقۇرلۇقى ئىككى مېتىر، كەڭلىكى بىر مېتىر ئەتراپىدا كولىنىپ، ئەتراپى ۋە ئۈستى كېسەك بىلەن ئېتىلىپ، مېيىتنى ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن ئېغىزى كېسەك ۋە توپا بىلەن ئېتىۋېتىلگەن. مېيىتلارنىڭ باش - ئايىقى غەربكە قارىتىپ ... خالىغانچە قويۇلغان.

بۇ يەردىن بىر دانە ئوقيانىڭ ياسى (ئۇزۇنلۇقى بىر يېرىم مېتىر)، بەش تال ئوقيا، ئاياق قاتارلىق ماددىي بۇيۇملار ئۇچرىتىلغان. باغداد قەدىمكى قەبرىستانلىقىنىڭ دەۋرى بىرقەدەر ئۇزۇن بولۇپ، خوتەنگە ئىسلام دىنى دەسلەپ كىرگەن مىلادى 11 - ئەسىرلەرنىڭ باش قىسمىغا توغرا كېلىشى مۇمكىن دەپ قارالماقتا.

بۇ خارابە 1957 - يىلى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» دەپ ئېلان قىلىندى.

## 6. سانجۇ قىياتاش رەسىمى

سانجۇ قىياتاش رەسىمى گۇما ناھىيىسى سانجۇ بازىرىنىڭ غەربىي - جەنۇبىدىن 26 كىلومېتىر كېلىدىغان سانجۇ دەريا جىلغىسىغا جايلاشقان. قىيا تاش رەسىملىرى بار جاينىڭ ئىسمى ئولاچى بولۇپ، بۇ جايدىكى ئىككى قىرغاقتا خەتەرلىك تىك يار چوقچىيىپ تۇرىدۇ. جىلغىدا ياپ - يېشىل ئوت - چۆپلۈككە

① بۇ ھەقتە قۇربان ۋەلى كىرورانىنىڭ: «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز» ناملىق كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن «ئاقسېپىل قەدىمكى شەھىرىنىڭ كېسەكلىرىدىكى يېزىقلار ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە» ناملىق ماقالىسىغا قاراڭ.

ياندىشىپ، سۈپ - سۈزۈك سۇ شارقىراپ ئېقىپ تۇرىدۇ. دېھقانچىلىقىمۇ، چارۋىچىلىقىمۇ باب كېلىدىغان بۇ جاي تارىختا شىنزاڭغا ۋە كەشمىرگە بارىدىغان چىغىر يول ئىدى.

رەسىم ئويۇلغان قىيا تاشنىڭ ئېگىزلىكى ئالتە مېتىرچە، كەڭلىكى تۆت مېتىرچە كېلىدۇ. رەسىم ئويۇلغان دائىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3.3 مېتىر، كەڭلىكى (ياكى ئېگىزلىكى) 1.3 مېتىر بولۇپ، رەسىملەرنىڭ چوڭلىرىنىڭ ئېگىزلىكى 27~30 سانتىمېتىر، كىچىكلىرىنىڭ بەش سانتىمېتىرلا كېلىدۇ.

رەسىمدە ساداق تارتىپ ئوق ئۈزۈش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان ئادەم، ئاتقا ئەگىشىپ كېتىۋاتقان كىشىلەر، ئاتلىق يۈرۈۋاتقان ئادەم ئوبرازلىرى بار. ھايۋان رەسىملىرىدىن قوش مۈڭگۈزلۈك ھايۋان كۆپرەك بولۇپ، ئارقارغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئادەم رەسىمىنىڭ ئېگىزلىكى 27 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 20 سانتىمېتىر، ھايۋان رەسىملىرىنىڭ ئېگىزلىكى 20 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 23 سانتىمېتىر كېلىدۇ. رەسىمنىڭ سول تەرىپىدە يېزىققا ئوخشاپ كېتىدىغان بەلگىلەر بار. بۇلار قاتتىق نەرسىلەر بىلەن تاشنىڭ يۈزىگە جىجاپ چىقىرىلغان. ئەتراپتىكى جىلغىلاردا ھېچقانداق قەدىمىي يادىكارلىق يوق. بۇ قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ يىل دەۋرى توغرىسىدا ئوخشىمىغان قاراشلار بار. بىراق ئۇنىڭ مىلادىدىن تولىمۇ ئىلگىرى ئىكەنلىكى روشەن.

سانجۇ قىياتاش رەسىمى 1962 - يىلى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» دەپ ئېلان قىلىندى.

## 7. ياغاچ ئۆيلۈك قەدىمكى شەھىرى خارابىسى

بۇ خارابە گۇما ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىي قىسمىغا 140 كىلومېتىر كېلىدىغان تەكلىماكان چوڭ قۇملۇقىنىڭ گىرۋىكىگە جايلاشقان، ئومۇمىي كۆلىمى 80 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئىلگىرى - كېيىنكى تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، خارابە بەش قىسىمدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، جەنۇبتىن - شىمالغا بىر تۈز سىزىق ھاسىل قىلغان.

بىرىنچىسى، «باش بازار» دېيىلگەن قىسمى بولۇپ، تۆت چاسا شەكىلدە، دائىرىسى بەش كىلومېتىر، بۇ دائىرىدە كېسىشمە كوچا، كونا سېپىل قالدۇقلىرى بار. ئۈزۈك - ئۈزۈك تاملار، قەبرىلەر ئۆز پېتىچە ساقلانغان. قۇرۇق جەسەتلەر ۋە ساپال پارچىلىرى ئۇچراپ تۇرىدۇ.

ئىككىنچىسى، «بۇلاقكۆل» دېيىلگەن قىسمى بولۇپ، «باش بازار» غا ئون كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ قىسىمدا بىر قۇرۇق كۆل بولۇپ، ئەتراپىدا قەدىمىي ئۆي - ئىمارەت قالدۇقلىرى ۋە تاشلاندۇق ئېرىق - ئۆستەڭ، ئېتىز قالدۇقلىرى بار. يەر ئۈستىدە ساپال پارچىلىرى، قەدىمىي پۇل، ياغاچ، شاپتۇل، چىلان ئۇرۇقچىلىرى، بۇغداي، قوناق غوللىرىنىڭ قالدۇقلىرى، قۇرۇق جەسەت قالدۇقلىرى ئۇچراپ تۇرىدۇ.

ئۈچىنچىسى، «ئىبادەتخانا» قىسمى بولۇپ، ئايلانمىسى ئون كىلومېتىر كېلىدۇ. ئىبادەتخانىنىڭ (خارابىسىنىڭ) قېشىدا ياغاچ شادا بىلەن قاشالانغان قەبرىلەر بار.

تۆتىنچى قىسمى، «كەندىركۆل» بولۇپ، ئورنى بەش كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. كۆلنىڭ سۈيى شورلۇق بولۇپ، پۈتۈنلەي قۇمۇش ئۆسكەن. كۆل لېۋىدە پادىچىلار ئۆيلىرىنىڭ قالدۇق ئىزلىرى، ھېلىھەم ئۆسۈپ تۇرغان كەندىر، قۇمۇش، جىگدە، توغراق، يۇلغۇنلار بار.

بەشىنچى قىسمى، «سېپىللىق» بولۇپ، بۇ جاينىڭ كەندىر كۆل بىلەن بولغان ئارىلىقى 15 كىلومېتىر. بۇ يەر قەدىمكى شەھەرنىڭ مەركىزىي قىسمى دەپ قارىلىدۇ. ئورنى 25 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، ئەتراپىدا سېپىل بار، ئۇنىڭ يېرىمىنى قۇم بېسىپ كەتكەن، تېمى سېغىز توپىنى قاڭداش ئارقىلىق مۇستەھكەم ياسالغان. شەھەرنىڭ كوچىلىرى رەتلىك ئېلىنغان، ئۆيلىرى ئازادە، قاتار سېلىنغان. خېلى بىر قىسىم ئۆيلەرنىڭ ئۇلىغا خىش ياتقۇزۇلغان، ئىشىك - دېرىزىلىرىگە جىگدە ياغىچىنىڭ

تاختىيى ئىشلىتىلگەن. ئۆيلەرنىڭ تام، ئىشىك - دېرىزىلىرى ساقلىنىپ قالغان، بىراق تورۇسلىرى ساقلانمىغان. شەھەر كوچىلىرىنى يەنىلا ئايلىنىپ چىققىلى، ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. بۇ جايلاردىن ساپال پارچىلىرى، مىس يارماق، مارجان، تەڭگە، يامبۇ، مۆھۈر، ياغاچقا يېزىلغان خەتلەر ئۇچرىتىلغان.

خارابىلىق تەخمىنەن بۇنىڭدىن 2200 يىللار بۇرۇنقى دەۋرگە توغرا كېلىدۇ.

ياغاچ ئۆيلۈك قەدىمكى شەھىرى خارابىسى 1957 - يىلى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» قىلىپ بېكىتىلگەن.

## 8. ئۇجمىلىك قەدىمكى شەھىرى خارابىسى

بۇ خارابە گۇما ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن 42 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قاراتاغىز دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ يېنىغا جايلاشقان بولۇپ، مەزكۇر خارابىلىقتا ھازىر قەدىمكى زامان ئۆي قالدۇقلىرى، ئېرىق - ئۆستەڭ ئىزلىرى... قاتارلىقلار ساقلانماقتا. يەر ئۈستىدە بۆت ھەيكىلى سۇنۇقلىرى، ساپال پارچىلىرى ئاندا - ساندا ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇ ئەسلىدە بۇنىڭدىن 2200 يىللار بۇرۇنقى ۋاقىتتىكى تۆت ئەتراپى ئۈجمە دەرىخى بىلەن ئورالغان شەھەر بولۇپ، پىلە - ئۈجمىچىلىك تازا روناق تاپقان بولغاچقا، «ئۇجمىلىك شەھىرى» دەپ ئاتالغان، كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، سۇنىڭ كېمىيىپ كېتىشى سەۋەبى بىلەن تاشلىنىپ قېلىپ، خارابىلىققا ئايلانغانلىقى مەلۇم.

ئۇجمىلىك قەدىمكى شەھىرى خارابىسى 1957 - يىلى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» دەپ ئېلان قىلىندى.

## 9. شاخلىق فېئوداللىق قورۇسى

شاخلىق فېئوداللىق قورۇسى قاراقاش ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىدىن 19 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى زاۋا يېزا شاخلىق كەنتى تەۋەسىگە جايلاشقان. ئۇ، خوجىلارنىڭ شاخلىق كەنتىدىكى ئاخىرقى ۋەكىلى مۇھەممەدتۇرسۇنخان ھاجىنىڭ قورا جايى بولۇپ، 1925 - يىلى سېلىنغان. ئەسلىدە بۇ قورو 20 نەچچە ئېغىز ئۆي، ئۈچ كۆل، 20 مودىن ئارتۇق باغدىن تەركىب تاپقان. باغدا خوتەن رايونىدا بار ھەر خىل مېۋىلەردىن باشقا، چىنار، سوپۇن دەرىخى، سەندەل دەرىخى، سىدە، سىرىنگول، ئارچا قاتارلىق مەنزىرە دەرەخلىرىمۇ ئۆستۈرۈلگەن بولۇپ، ئىلگىرى ۋە ھازىرمۇ ناھىيە تەۋەسىدە ئاز ئۇچرايدىغان ئالاھىدە باغ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىكى ھەشەمەتلىك ئايۋان - سارايلار 1949 - يىلغا قەدەر مۇھەممەدتۇرسۇنخان ھاجىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولغان. كېيىن مۇھەممەدتۇرسۇنخان ھاجىنىڭ چەتكە چىقىپ كېتىشى سەۋەبى بىلەن كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقى ۋە ئومۇمىي خەلق ئىگىدارچىلىقىدا باشقۇرۇپ كېلىنگەن.

ھازىرقى كۆلىمى 30 موغا يېقىن كېلىدۇ. ئەتراپى مۇستەھكەم ئېتىلىپ، مەخسۇس قوغداش خادىمى قويۇلۇپ، دەرۋازىدىن كىرىپ - چىقىش تۈزۈمى بېكىتىلدى. بۇ يەردىكى مېۋىلىك باغمۇ ئالاھىدە پەرۋىش قىلىنىپ، ئەسلى ھالىتىنى ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا مېۋىلەرنىڭ سورتى ياخشىلىنىپ، تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈلۈپ ياخشى قوغدالماقتا.

شاخلىق فېئوداللىق قورۇسى 1962 - يىلى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» قىلىپ بېكىتىلگەن.

## 10. خوتەن چوڭ جامەسى

بۇ جامە شەھەر رايونى جامە يولىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇنى 1875 - يىلى خوتەننىڭ ھاكىمبېگى نىياز ھاكىمبەگ باشچىلىق قىلىپ سالدۇرغان. مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە

قىسمەن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بولسىمۇ، كېيىن دۆلەت مەبلەغ سېلىپ رېمونت قىلدۇرۇپ ئەسلىگە كەلتۈرگەن. جامەدە نامازخانا، دەرسخانا، دەرۋازا راۋىقى قاتارلىقلار بار. ئومۇمىي كۆلىمى 5002 كۋادرات مېتىر بولۇپ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 976 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. جەنۇبىي تەرىپى يۇمىلاق تۈۋرۈكلۈك بولۇپ، بىردىن كىچىك مۇنارىسى بار. تامنىڭ قېلىنلىقى 1.10 مېتىر، ئېگىزلىكى ئالتە مېتىر كېلىدۇ. نامازخانىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 65 مېتىر، كەڭلىكى 12 مېتىر بولۇپ، 1000 دىن ئارتۇق كىشى سىغىدۇ. تورۇسىغا ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە مىللىي تۈستىكى رەڭدار گۈللەر ئويۇلغان، ئۇنى گۈل نەقىشلىك 40 تۈۋرۈك كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.

خوتەن چوڭ جامەسى 1990 - يىلى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن.

## 11. ئىمام مۇسا كازىم قەبرىستانلىقى

بۇ قەبرىستانلىق خوتەن شەھىرىنىڭ غەربىي - جەنۇبىدىن 18 كىلومېتىر كېلىدىغان «بۇزاق» يېزىسىنىڭ جەنۇبىدىكى تۇتاش كەتكەن كەڭ سايلىقتا بولۇپ، بۇ ساينىڭ شىمال تەرىپى كۆجۈم بوستانلىققا، جەنۇب تەرىپى تاغلارغا، غەربىي تەرىپى قاراقاش دەرياسىغا، شەرقىي تەرىپى يورۇڭقاش دەرياسىغا تۇتىشىدۇ. قەبرىستانلىقنىڭ ئورنى مانا مۇشۇ ساينىڭ بۇزاق يېزىسىغا تۇتاشقان شىمالىي قىسمىغا، شەرقىي مېرىدىئان 79°48′، شىمالىي پاراللېل 38°20′ قا توغرا كېلىدۇ. شەرقتىن - غەربكە كەڭلىكى تەخمىنەن بىر كىلومېتىر، جەنۇبتىن - شىمالغا ئۇزۇنلۇقىمۇ تەخمىنەن بىر كىلومېتىر، جەنۇبتىن - شىمالغا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن يېرىم كىلومېتىر كېلىدۇ.

1958 - يىلدىن ھازىرغىچە بۇ جايدىن ياغاچتىن ياسالغان جەسەت ساندۇقىغا سېلىنغان، كىيىم - كېچەك كىيدۈرۈلگەن ۋە بەزى ئاخىرەتلىك بۇيۇملار قوشۇپ دەپنە قىلىنغان جەسەتلەر ۋە جەسەت كۆلى سېلىنغان ساپال قۇتا ئۇچۇرتۇلغان ۋە يىغىۋېلىنغان. 1984 - يىلدىكى قېزىۋېلىشتا بىر جەسەت ساندۇقى تېپىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ سىرتقى تۆت يان يۈزىگە ئەجدىھا، يولۋاس، تاشپاقا، سېرىق قۇشقاچنىڭ رەسىملىرى رەڭلىك سىزىلغان. جەسەتكە نەپىس كىيىم - كېچەك (ئاخىرەتلىك كىيىم)، پۇتىغا بادام گۈللۈك، ئۈچى ئۇچلۇق لاتا ئاياغ كىيدۈرۈلگەن. جەسەت يېنىدىن يەنە ئوت يالقۇنى چۈشۈرۈلگەن رەڭلىك يىپەك توقۇلما تۇمار (بايراقچە) تېپىلغان بولۇپ، كۆيۈۋاتقان ئوت يالقۇنىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا، بىر - بىرىنىڭ سىرتىغا تەبىئىي ئورۇنلاشقان ئالتە دانە چەمبىرەك شەكىل چۈشۈرۈلگەن. چەمبىرەكلەر بىر - بىرىگە ئوخشىمىغان ھالدا سېرىق، ئاق، ھاۋارەڭ، سۆسۈنرەڭ قاتارلىق تۆت خىل رەڭدە. سېرىق رەڭ بىلەن ئاق رەڭ ئىككى قېتىم تەكرارلانغان، ئۇنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ئوت يالقۇنى ۋە ئۇنىڭدىكى رەڭلەر ئوت، كۈن، ئاي، ھاۋا، زېمىننى ئىپادە قىلسا كېرەك. بۇ يەردىن تېپىلغان ئاخىرەتلىك بۇيۇملاردىن قارىغاندا تاۋۇتقا سېلىنغان بۇ جەسەت بۇددا دىنى قائىدىسى بويىچە دەپنە قىلىنغان دەپ قارالسىمۇ، جەسەت يېنىدىن تېپىلغان كىچىك تۇمار (بايراقچە) نىڭ سىمۋوللۇق مەزمۇنى ۋە جەسەتنىڭ ئېگىنىنى تىكىش، پۇتىنى چېتىش ئۇسۇللىرى جەھەتتىن جەسەت يۈزىگە يېپىلغان يوپۇققا چۈشۈرۈلگەن نامەلۇم يېزىقتىكى خەت بىزنى خوتەندىكى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ مىلادىدىن خېلىلا بۇرۇنقى يىللار (بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن ئىلگىرى) دىكى ئاتەشپەرەسلىك، ئاي، كۈن، ئاسمان - زېمىننى ئۇلۇغلاش ئۆرپ - ئادىتى ۋە دىنىي ئېتىقادلىرىنى ئەسلىتىدۇ.

بۇ قەبرىستانلىق 1999 - يىلى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن.

## 12. مازار تاغ قورغان خارابىسى

مەزكۇر خارابە قاراقاش ناھىيىسىنىڭ 150 كىلومېتر شىمالىدىكى خوتەن دەريا ساھىلىغا جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي ئۇزۇنلۇق ′80°45، شىمالىي كەڭلىك ′38°31 قا توغرا كېلىدۇ. قورغان تېمىغا قىزىل چوقا تاش ئىشلىتىلگەن. جەنۇبتىن - شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 29 مېتر، شەرقتىن - غەربكە كەڭلىكى 29 مېتر، ئومۇمىي كۆلىمى 841 كۋادرات مېتر. قورغاننىڭ غەربىدە ئېگىزلىكى ئون مېتر، ئۇزۇنلۇقى توققۇز مېتر، كەڭلىكى يەتتە مېتر كېلىدىغان بىر پوتەي (زەمبىرەك سۇپىسى) بار. تامنىڭ قېلىنلىقى 1.5 مېتر. قەلئەنىڭ تېگىدە لەخمە بولۇپ، ئامبار بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان. قەلئە تۆت چاسا شەكىللىك بولۇپ، ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقان. ئومۇمىي قۇرۇلۇشنى ئۈچ بۆلەككە بۆلۈشكە بولىدۇ: بىرىنچى، ئىككىنچى بۆلىكى تاغ ئۈستىگە جايلاشقان، غەربتىن - شەرققە بىر - بىرىگە تۇتىشىدۇ. ئۈچىنچى بۆلىكى بىرىنچى، ئىككىنچى بۆلەكلەرنىڭ يېنىغىلا سېلىنغان بولۇپ، بۇ ئىككى بۆلەكنىڭ قوشۇمچىسى ھېسابلىنىدۇ. بىرىنچى بۆلەكنىڭ جەنۇب، شىمال تەرىپىدە ئىككى ئۆي بولۇپ، تاملىرى قېلىن، مەزمۇت ياسالغان. بۇ، قەلئەنىڭ ئاساسىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. ئىككىنچى بۆلىكى بىرىنچى بۆلەكنىڭ شەرقىدە بولۇپ، لەشكەرگاھ بولۇشى مۇمكىن. ئۈچىنچى بۆلەك بىرىنچى، ئىككىنچى بۆلەككە تۇتاش بولۇپ، ئۇنىڭدىن 6~7 مېتر تۆۋەندىكى تاغ باغرىغا ياسالغان. شەرق تەرىپىدە ئىشىك بار، ئىشىكنىڭ سىرتى چارۋا مال باققان يەر بولۇپ، قىغ، ئەخلەتلەر دۆۋىلىنىپ كەتكەن. قەلئەنىڭ غەربىدىن 50 مېتر يىراقلىقتا بىر خەۋەرلىشىش سۇپىسى بار، ئۇنىڭ شەرقى - شىمالىدىكى 20 مېتر كېلىدىغان تاغ باغرىدا بۇددا ئىبادەتخانىسى بار.

1908 ـ 1913 - يىللىرى ستەيىن بۇ جايغا ئىككى قېتىم كېلىپ زور تۈركۈمدىكى ئاسارە - ئەتىقىلەرنى ئېلىپ كەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە تاشپاقا شەكىللىك قىزىل ساپال تەخسە، قىزىل چوققىدىن ياسالغان بوت قېلىپى، ياغاچ بۇيۇملار، مېتال بۇيۇملار، يۇڭ، كۆن - خروم بۇيۇملىرى، تۇبۇت يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈك، ھەر خىل يېزىقلاردىكى ماتېرىياللار بار. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ يەردىن يەنە ئىچكى - تاشقى كانارىسى بار، يۇمىلاق، تۆشۈكى تۆت چاسا كۇسەن مىس پۇلى، مىس تۈگمە، تۆت قىرلىق ئوقيا بېشى، تۆمۈر قوشۇق سۇنۇقى، ياغاچ تارغاق پارچىسى ۋە ئاز ساندا ساپال پارچىسى تېپىلغان. يىغىۋېلىنغان ماددىي بۇيۇملارغا ئاساسلانغاندا مەزكۇر خارابە بۇنىڭدىن 1500 يىللار بۇرۇنقى دەۋرگە توغرا كېلىدۇ.

مازارتاغ قەدىمىي قەلئە ـ قورغان خارابىسى 1999 - يىلى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» دەپ ئېلان قىلىندى.

## 13. تۇردى ھاجى قورۇسى

بۇ قورۇ گۇما ناھىيىسى قاراتاغىز دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئاۋات دېگەن يېرىدە بولۇپ، 1929 - يىلى ياسالغان. ئۇ، ياغاچ - يۇلغۇن قوشام قۇرۇلمىلىق، قەسىر شەكلىدىكى ھەشەمەتلىك، كەڭ - كۇشادە ئىمارەت بولۇپ، ھويلىنىڭ ئىچىدە ئىككى ئايۋان، ئىككى مېھمانخانا، تۆت ئېغىز مەخسۇس ياتاق ئۆي، دەھلىز، ئاشخانا، قازناق قاتارلىق 14 ئېغىز ئۆي بار؛ كۆلىمى ئون مو ئەتراپىدا كېلىدۇ. ئىمارەتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى توپا، ياغاچ قۇرۇلمىلىق، تاملىرى يۇلغۇن قوشامدىن ياسالغان بولۇپ، سىرتى سېغىز بىلەن، ئۆي ئىچى گەج ۋە تۇخۇمنىڭ ئېقى بىلەن سۇۋالغان. تام، تەكچە، مورا بېشى قاتارلىق جايلارغا ھەر خىل نەقىشلەر چېكىلىپ، چىرايلىق زىننەتلەنگەن. ئالدى مېھمانخانا تاملىرىغا ئايەتلەر يېزىلغان. ئوتتۇرا ئايۋاننىڭ تۆت تېمى رەڭدار نەقىشلەر بىلەن تولغان. ئولڭ تەرەپ غەربىي ھوجرىسىنىڭ جەنۇبىي

تېمىغا تۇردى ھاجىم قورۇسىنىڭ پىلان خەرىتىسى سىزىلغان بولۇپ، ھازىرمۇ ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. غەرب تەرەپتە يەنە بىر ھوجرا بولۇپ، ئۈچ تېمىدا نەقىش ۋە رەڭ بېرىلگەن ھەر خىل گۈل ـ گىياھ، تەشتەكلىك گۈل رەسىملىرى، ھۆسن خەتلەر، ئايەت قاتارلىقلار بار. ئۆينىڭ توساق پەنجىرىلىرى ياغاچتىن نەقىش، گۈل چېقىرىش، قىرىپ رەندىلەپ تۇتاشتۇرۇش ئارقىلىق بەكمۇ چىرايلىق ياسالغان. ھازىر بۇ ھويلىدىكى توققۇز ئېغىز ئۆي ساقلىنىپ قالغان، بەش ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشكەن. خېلى ئۇزاق يىللاردىن بېرى ئادەم ئولتۇرمىغانلىقى ئۈچۈن قىسمەن سۇۋاق ۋە تام نەقىشلىرى سويۇلۇپ چۈشكەن. لېكىن، بۇ قورۇلۇش ھەقىقەتەن ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ بەدىئىي نامايەندىسى بولۇپ، كەم تېپىلىدىغان يادىكارلىق ئورنىدىن ئىبارەت.

تۇردى ھاجى قورۇسى 1999 ـ يىلى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» دەپ ئېلان قىلىندى.

## 14. دەندان ئۆيلۈك خارابىسى

بۇ خارابىنىڭ ئورنى بۇگۈنكى چىرىيە ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى قۇملۇقتا بولۇپ، ئۇنىڭ جەنۇبى بۇگۈنكى چىرىيە ناھىيىسى دامكو يېزىلىق ھۆكۈمەت تورۇشلۇق جايغا تۈز سىزىق بويىچە 91 كىلومېتىر، غەربى خوتەن دەرياسىنىڭ يېنىدىكى لوپ ناھىيە تەۋەككۇل كەنتىگە تۈز سىزىق بويىچە 60 نەچچە كىلومېتىر كېلىدۇ. جۇغراپىيىلىك ئورنى شىمالىي كەڭلىك ″04′46°37، شەرقىي ئۇزۇنلۇق ″06′03°81 قا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ دائىرىسى تەخمىنەن بىر كۋادرات كىلومېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، قۇم ئۈستىدىن بەزى ئۆي ئىزلىرىنى كۆرگىلى، بەزىلىرىنى خېلى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. ئۆيلەرمۇ ياغاچ قۇرۇلمىلىق بولۇپ، تاملىرى يۇلغۇن شاخلىرى بىلەن قوشام قىلىنىپ، ئاندىن لاي بىلەن سۇۋالغان.

دەندان ئۆيلۈك خارابىسىنى 1896 ـ يىلى سۋېن ھېدىن بايقىغان. 1900 ـ يىلدىن 1901 ـ يىلغىچە ستەيىن قېزىش ئېلىپ بارغان. 1927 ـ 1928 ـ يىللىرى گېرمانىيىلىك ترىنكلېر باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ بىئولوگىيە ئالىمى بوسخارد يەنە بۇ خارابىنى تەكشۈرگەن. 1996 ـ يىلغا كەلگەندە جۇڭگو ئارخېئولوگلىرىدىن سەككىز كىشى بۇ خارابىلىقتا قىسقىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. بۇ جايدىن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بۇددا دىنىغا ئائىت تام رەسىملىرى، برونزا، ساپال بۇيۇملار، بۇددا ھەيكىلى، قەدىمكى قوليازما، رەسىملىك ياغاچ تاختاي، ئۇدۇن تىلىدىكى ھۆججەت پارچىلىرى، ساپال قاچا پارچىسى، ياغاچ پەنجە سۇنۇقى، ئەينەكتىن ياسالغان، تېگى يېشىل، سېرىق رەڭلىك گۈل نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەن مارجان... قاتارلىق ماددىي بۇيۇملار يىغىۋېلىنغان. «خەننامە» دىكى قىسمەن بايانلار ۋە تېپىلغان بۇيۇملارغا ئاساسلانغاندا، بۇ خارابىلىككە ئاز دېگەندىمۇ 2000 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت بولغان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

دەندان ئۆيلۈك خارابىسى 1999 ـ يىلى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» دەپ ئېلان قىلىندى.

## 15. يۇملاق قۇم قەدىمكى شەھىرى خارابىسى

بۇ خارابە كىرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا جايلاشقان بولۇپ، كىرىيە ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىن تەخمىنەن 280 كىلومېتىرچە يىراقلىقتا. جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان ″05 .9′34°81، شىمالىي پاراللېل ″6 .23′52°38 قا توغرا كېلىدۇ. خارابىلىقنى شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى بىلەن فرانسىيە دۆلەتلىك پەن تەتقىقات مەركىزىنىڭ 315 ـ تەتقىقات ئورنى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان جۇڭگو ـ فرانسىيە بىرلەشمە ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 1994 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تۇنجى قېتىم بايقىغان.

كۆلى تۇنجى قېتىم بايقالغان.

مەزكۇر شەھەر خارابىسى يۇمىلاق شەكىلدە بولغاچقا، بىرلەشمە ئارخېئولوگىيە ئەترىتى «يۇمىلاق قوم» دەپ ئىسىم قويغان. خارابىلىقتا شەرقىي قوۋۇق ۋە جەنۇبىي قوۋۇقتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ دەرۋازا بار. شەھەر دەرۋازىسى پۈتۈن ھەم يوغان توغراق ياغىچىدىن ياسالغان. ئايلانما قىلىپ سوقۇلغان سېپىلنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان 473 مېترچە قىسمىنىڭ ھالىتىدىن مەلۇم بولۇشىچە، سېپىل تېمى توغراق ياغىچىنى خادا قىلىپ يۇلغۇن شاخلىرى بىلەن توقۇلۇپ، ئاندىن لاي (تېزەك ئارىلاشتۇرۇلغان) بىلەن سۇۋالغان. ئاشكارىلىنىپ قالغان قەبرىلەردىن ئورا كۆز، قاڭشارلىق، قوڭۇر چاچلىقلارنىڭ جەسىتى بايقالغان بولۇپ، ئۇلار ئىچىگە توم يىپلىق يۇڭ رەختتىن كىيىم كىيگەن، رەخت ئۈستىگە ناھايىتى چىرايلىق گۈل نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەن. ئۇلار سىرتىغا تېرە كىيىم كىيگەن، چېچىنى ئۆرگەن، بەزىلىرى بېشىغا ياسىما چاچ كىيىۋالغان. ھەر بىر جەسەتنىڭ يېنىغا 1~2 دىن مىس ئوق ئۇچى، ھېقىق، ئەينەك بېزەك، رىم، گرېتسىيە، مىسىر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيالاردا كەڭ تارقالغان تۇتقىلىق مىس ئەينەك... قاتارلىقلار قويۇلغان. جەسەتلەر چوڭ توغراق ياغىچىنىڭ ئىچىنى ئويۇپ ياسالغان ساندۇققا سېلىنغان.

بۇ، نۆۋەتتە تارىم ۋادىسىدا بايقالغان ئەڭ قەدىمكى شەھەر بولۇپ، بۈگۈندىن 50±2135 يىل ئىلگىرىكى دەۋرگە توغرا كېلىدۇ.

يۇمىلاق قوم قەدىمكى شەھىرى خارابىسى 1999 - يىلى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» قىلىپ بېكىتىلدى.

## 16. كېرىيە جامەسى

بۇ جامە كېرىيە ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى ھېيتگاھ كوچىسىدا بولۇپ، ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 6666.7 كۋادرات مېتىر، جەنۇب ۋە شىمال تەرىپىدە ئىككى دەرۋازىسى بار. ئالدى دەرۋازىسى شىمال تەرەپكە قاراپ ئېچىلىدۇ. ئۇ، ئالدى ئىشىك بىلەن ئىچكى ئىشىكتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزىدە ھازىرلىغان. جامە 1200 - يىلى ياسالغان، كۆپ قېتىم رېمونت قىلىنغان، كېڭەيتىپ قۇرۇلغان. 1980 - يىلدىن كېيىن بىر قېتىم رېمونت قىلىنغان.

بۇ جامە 1999 - يىلى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، مۇھاپىزەت قىلىنماقتا.

## 17. شايانتاق قەدىمكى شەھىرى خارابىسى

بۇ خارابە نىيە ناھىيە ئەندىرە چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ تەخمىنەن 20 كىلومېتىر شەرقىي - جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ. ئەندىرە دەرياسى مەزكۇر خارابىنىڭ ئون كىلومېتىر غەربىدە. خارابىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان ″16′49°83، شىمالىي پاراللېل ″32′47°37 قا توغرا كېلىدۇ. دائىرىسى بىرقەدەر چوڭ بولۇپ، كۆلىمى تەخمىنەن 5 - 6 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. خارابە دائىرىسىدە ئىككى شەھەر ئىزى بار. ئۇ تىم ۋە داۋزىلىق دېيىلىدۇ. بۇ يەرنى يەرلىكلەر «شايانتاق» دەپ ئاتىغاچقا، ئىككى خارابە بىرلەشتۈرۈلۈپ، شايانتاق قەدىمكى شەھىرى دەپ ئاتالغان. چۈشەندۈرۈشكە قولاي بولسۇن ئۈچۈن، ئىككى شەھەرچىنى ئايرىم - ئايرىم تونۇشتۇرىمىز.

1) تىم قەدىمكى شەھىرى ئاساسەن چاسا شەكىللىك بولۇپ، ساقلىنىشى ئانچە مۇكەممەل ئەمەس. تەكشۈرۈشىمىزچە، ئۇ شەھەرچە ۋە ئۇنىڭغا ھەمراھ قەلئەدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، شەھەرچىنىڭ كۆلىمى

سېپىلى كېسەك بىلەن سېغىز لايدىن ياسالغان. ئەڭ ئېگىز يېرى سەككىز مېتىر كېلىدۇ. سېپىل تېمىنىڭ قېلىنلىقىمۇ سەككىز مېتىر كېلىدۇ. قەلئە سېپىلىمۇ كېسەك بىلەن سېغىز لايدا قوپۇرۇلغان بولۇپ، ئېگىزلىكى شەھەرچە سېپىلى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش. قېلىنلىقى 3 ـ 5 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. سېپىل ئىچىدىكى كوچا ـ يوللارنى، ئۆي ـ ئىمارەت ئىزلىرىنى پەرق ئەتكىلى بولىدۇ.

خارابە دائىرىسىدىن تۆمۈر ۋە ساپال پارچىلىرى، ياغۇنچاق، توقۇلما پارچىلىرى، ئەينەك پارچىلىرى، تارشا پۈتۈكلەر، تۆمۈردىن ياسالغان يا ئوقى ئۇچى، پىچاق، ئورغاق قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تېپىلغان.

2) داۋزىلىق قەدىمكى شەھەر خارابىسى تىم قەدىمكى شەھىرىنىڭ 1.5 كىلومېتىر شەرقىدە بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 83°50′00″، شىمالىي پاراللېل 37°47′32″ قا توغرا كېلىدۇ. شەھەر سېپىلى ئانچە ئۆلچەملىك بولمىغان يۇمىلاق شەكىلدە بولۇپ، دىئامېتىرى 130 مېتىر كېلىدۇ. سېپىل تېمى كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان. سېپىلنىڭ ئىچىدىكى بىر بۇتخانىنىڭ قالدۇق ياغاچ تۈۋرۈكلىرى ئىنتايىن زىچ بولۇپ، ھېلىمۇ كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىدۇ. ئۇنىڭ شەرقىي ـ جەنۇب تېمىنىڭ بۇرجىكىدە ئازراق تام رەسىملىرى ساقلىنىپ قالغان. غەرب تەرەپتىكى ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ ياغاچ تۈۋرۈكلىرى بەكمۇ رەتلىك. تۈۋرۈكلەرنىڭ كۆپىنچىسى چاسا شەكىلدە. بۇتخانا ئىزىدىكى تۈۋرۈكلەرنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشىدىن ئۇنىڭ ئايلانما كارىدورلۇق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ستەين بەرگەن مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇتخانا خارابىسىدىن براھما يېزىقىدا قەغەزگە يېزىلغان بۇددا نوملىرىنىڭ پارچىلىرىمۇ تېپىلغان. ئۆينىڭ تۆت بۇرجىكىدە ئۆرە تۇرغان سۇرلۇك بۇت ـ ھەيكەللىرىمۇ بار ئىكەن.

خارابە ئىچىدە ساپال، تۆمۈر پارچىلىرى، پاختا، يۇڭ، يىپەك قاتارلىق توقۇلما بۇيۇملارنىڭ پارچىلىرى ئۇچرايدۇ. 1998 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، بۇ شەھەر خارابىسىدىن نەقىشلىك تۈۋرۈك تېپىلدى. ئۇ، ئىنتايىن چىرايلىق، نەپىس ئىشلەنگەن بولۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئۆي ـ ئىمارەتچىلىكىدىكى نەقىشلىك تۈۋرۈكلەرگە بەكمۇ ئوخشايدۇ. تۈۋرۈكنىڭ ھازىرقى ئېگىزلىكى 1.20 مېتىر، دىئامېتىرى 30 سانتىمېتىر ئەتراپىدا. ئۇنىڭ ئاستى تەرىپىدىكى 0.10 مېتىرلىق ئورنىدا ساقلىنىپ قالغان ئاق سېغىز لاي يۇقىنى ھېلىمۇ پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇچى تەرىپىدە ئوتتا كۆيگەن ئىز بار.

شايانتاق قەدىمكى شەھىرىنىڭ تىم، داۋزىلىق خارابىلىرىدىن باشقا، يول ـ كوچىلار، ئېرىق ـ ئۆستەڭ ئىزلىرى، ئولتۇراق ئۆي ئىزلىرى، بۇتخانا ۋە بۇددا مۇنارى بار. خارابە ئەتراپىدىكى بىر نەچچە كىلومېتىرلىق دائىرىدىنمۇ ھەر خىل قەدىمكى مەدەنىيەت يالدامىلىرىنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. بۇددا مۇنارى تىم خارابىسىنىڭ 500 مېتىر غەربىدە بولۇپ، خام كېسەك ۋە سېغىز لاي بىلەن ياسالغان. مۇنارنىڭ ئۇل قىسمى چاسا شەكىلدە، بۇرجەكلىرى تۆت تەرەپكە توغرىلاپ ياسالغان. مۇنارنىڭ ئۇل قىسمى ئۈچ قەۋەت بولۇپ، ستەيننىڭ ئۆلچەپ خاتىرىلىگەن سانلىرى مۇنداق: مۇنارنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىنىڭ تەرەپ ئۇزۇنلۇقى 27 ئىنگلىز چىسى (بىر ئىنگلىز چىسى 0.304 مېتىر)، ئېگىزلىكى 1.5 ئىنگلىز چىسى؛ ئوتتۇرا قەۋىتىنىڭ ئېگىزلىكى ئالتە ئىنگلىز چىسى، يان تەرەپ ئۇزۇنلۇقى 25 ئىنگلىز چىسى. بۇ، ئىككى قەۋەت مۇنارنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۈستۈنكى قەۋەتنىڭ ئېگىزلىكى 1.5 ئىنگلىز چىسى، يان تەرەپ ئۇزۇنلۇقى 23 ئىنگلىز چىسى كېلىدۇ. مۇنارنىڭ يۇمىلاق گەۋدىسىنىڭ دىئامېتىرى 16 ئىنگلىز چىسى، قالدۇق ئېگىزلىكى 14 ئىنگلىز چىسى كېلىدۇ؛ مۇنارنىڭ ئۈستىدىن ئاستىغا قارىتىپ بىر ئىنگلىز چىسى كۋادرات تومىلۇقتىكى بىر تال ياغاچ تۈۋرۈك يەتتە ئىنگلىز چىسى ئۇزۇنلۇقتا كىرگۈزۈلگەن. داۋزىلىقنىڭ 500 مېتىر جەنۇبىدىن يەنە بىر مۇنار بايقالدى. خام كېسەك، سېغىز لايدا ياسالغان بۇ مۇنارنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى يۇمىلاق شەكىللىك بولۇپ، دىئامېتىرى 2.5 مېتىر،

ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىر، مۇنار يېنىدىن سىلىق يۈزىگە قارۇشتى يېزىقى يېزىلغان ئىككى پارچە تەبئىي سېغىز پارچىسى تېپىلدى.

شايانتاق قەدىمكى شەھىرىنىڭ دەۋرى توغرىسىدا جۇڭگو ئالىملىرىنىڭ پىكرى ستەيىننىڭكى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش. ئۇلار يىل دەۋرىنى ئىككى باسقۇچقا بۆلۈپ قارىغان. بىرىنچىسى، بۇ خارابە مىلادى 3 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ياكى 4 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تاشلىنىۋېتىلگەن، ئومۇمەن نىيە خارابىسىنىڭكى بىلەن ئوخشاش. شەھەرنىڭ قاچان ئەھيا قىلىنغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق، ئەمما ئەڭ كېيىن بولغاندىمۇ مىلادى 1 - ئەسىردىن ئىلگىرى بارلىققا كەلگەن. ئىككىنچىسى، 8 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، كىشىلەر قىسقا ۋاقىت قايتا بىر قېتىم پائالىيەت ئېلىپ بارغان، دېگەن قاراش.

بۇ خارابە 1999 - يىلى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» دەپ ئېلان قىلىندى.

## 18. قارا دۆڭ قەدىمكى شەھەر خارابىسى

بۇ خارابە كېرىيە ناھىيىسىدىن (تۈز سىزىق بويىچە) 190 كىلومېتىر يىراقلىقتا، يەنى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان. جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 81°50′0.2″، شىمالىي پاراللېل 38°29′25″ قا توغرا كېلىدۇ. شۋېتسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى سۋېن ھېدىن 1896 - يىلى كېرىيە دەرياسىنى بويلاپ شىمالغا مېڭىپ، تەكلىماكان قۇملۇقىنى كېسىپ ئۆتۈپ، شايار ناھىيىسىگە بېرىش سەپىرىدە، بۇ خارابىنى بايقىغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ستەيىن، خۇاڭ ۋېنبى قاتارلىقلارمۇ بۇ يەردە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. 1993 ـ 1994 - يىللىرى جۇڭگو ـ فرانسىيە بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى بۇ خارابىدە تەكشۈرۈش، قېزىش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق مول ماتېرىياللارغا ئىگە بولدى. قارا دۆڭ قەلئەسى چاسا شەكىلدە بولۇپ، ھەر بىر تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 75 مېتىر كېلىدۇ. خارابە ئىچىدە ئۆي - ئىمارەت ئىزلىرى بار. ساپال پارچىلىرى، تۆمۈر پارچىلىرى، مېتال بۇيۇملار، كىگىز ۋە تۈرلۈك توقۇلما پارچىلىرى ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەزكۇر خارابىنىڭ ئىچى - سىرتىدىن بۇغداي، شال، پۇرچاق ئۇرۇقلىرى، شاخ - پاخاللار، قورۇق قىزىل ئۈزۈم، دورا ئۆسۈملۈكلىرى يىلتىزى قاتارلىقلار تېپىلغان. تۈۋرۈك، لىم، خا، سىنجا قاتارلىق ياغاچ ماتېرىياللىرىنىڭ چوڭ ۋە نەپىسلىكىگە، ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىغا، قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەللىكىگە قاراپ، ئۇنى ئۆز زامانىسىنىڭ ھەشەمەتلىك، چوڭ قۇرۇلۇشلىرىدىن ھېسابلاش مۇمكىن. تەكشۈرۈش ئارقىلىق قارا دۆڭ قەلئەسىنىڭ ئەتراپىدىن 60 نەچچە ئۆي ئىزى تېپىلدى. بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئولتۇراق ئۆي ئىزلىرى بولۇپ، ئۇ چاغلاردا ئىشلەتكەن ئوچاق، مورا، سۇپا ۋە باشقىلار خېلى مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان. خارابە دائىرىسىدىكى سۇغىرىش ئېرىقلىرىنىڭ ئىزىنى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. يەنە ياغۇنچۇ ۋە باشقا تۈرلۈك زىننەت بۇيۇملىرى (مىس، تۇچ ئۈزۈك، ھالقا قاتارلىقلار) ئۇچرايدۇ.

تەكشۈرۈش ئەترىتى 1993 ـ 1994 - يىللىرى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش داۋامىدا، خارابە دائىرىسىدىكى ئىككى بۇتخانا ئىزىنى تازىلىدى. بۇتخانا 回 شەكىللىك بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا بۇت سۇپىسى بار. سۇپا ئەتراپى كارىدور بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچى - سىرتىدىكى تاملاردا رەڭدار رەسىملەر بار. رەسىملەرنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشى، مەزمۇنى، ئۇسلۇبى قاتارلىقلار ئافغانىستاننىڭ بامىياندىكى رەسىملەرگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بەزى بېزەكلەردە ھىندىستان بۇددىزم سەنئىتىنىڭ پۇراقلىرىمۇ بار.

قارا دۆڭ قەلئەسى خارابىسىنىڭ دەۋرى ئەڭ كېيىن دېگەندىمۇ مىلادىدىن بۇرۇنقى 2 - ئەسىردىن بۇرۇنقى مەزگىللەرگە توغرا كېلىدۇ. ئۇ، مىلادى 6 ـ 7 - ئەسىرلەردە تاشلىنىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.

بۇ خارابە 1999 - يىلى «ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» دەپ ئېلان قىلىندى.

## 19. ھاشى قەلئە خارابىسى

بۇ خارابە چىرىيە ناھىيە چاقار يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي قىسمىدىن 7.21 كىلومېتر كېلىدىغان ھاشى كەنتى تەۋەسىگە جايلاشقان. ئۇ، تاش قورۇلمىلىق بولۇپ، ئۇرۇش قىلىشقا پايدىلىق بولۇش سەۋەبى بىلەن بۇندىن 1000 يىللار بۇرۇن خوتەن ئۇيغۇرلىرى (بۇددىستلىرى) ئىسلام دىنىنى تارقاتقۇچىلار بىلەن ئېلىپ بارغان نەچچە ئون يىللىق ئۇرۇشتا مۇستەھكەم قورغان بولغان. ئۇنىڭغا ھەر خىل مۇداپىئە ئىستىھكاملىرى بەرپا قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار ھازىرمۇ بار. ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 200 مېتر كېلىدۇ؛

بۇ خارابە 1999 - يىلى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» دەپ ئېلان قىلىندى.

## 20. ھاسا قەلئە خارابىسى

بۇ خارابە چىرىيە ناھىيە چاقار يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىدىن 11.4 كىلومېتر يىراقلىقتىكى ھاسا كەنتىدىكى يالغۇز بىر تاغنىڭ ئۈستىگە جايلاشقان بولۇپ، چىرىيە دەرياسىنىڭ قىرغىقىغا تۇتىشىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قەلئە بۇنىڭدىن 1000 يىل ئىلگىرى ياسالغان. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن ئىككى كىلومېتر، كەڭلىكى 1.5 كىلومېتر بولۇپ، تاش ۋە توپىدىن ياسالغان. قورغاندا كۆزىتىش سۇپىسى بار.

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، مىلادىنىڭ 1010 - يىلى قاراخانىيلار خانى سۇتۇق بۇغراخان ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى مۇسا ۋە ئۇنىڭ ئوغلى يۇسۇپ قادىر قاراخاننى يەكەن، خوتەنگە ئىسلام دىنىنى تارقىتىشقا ئەۋەتكەن. خوتەننى قورال كۈچى بىلەن ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈش ئۇرۇشى ئۇزاققا سوزۇلغان. خوتەن خانى خال خالۇ ئۇرۇشتا يېڭىلىپ، ئىسلام دىنىغا كىرگەن. ئەمما ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئىككى نەپەر ئەسكەر باشلىقى (جوقتىرىشت، نۇقتىرىشت ئاكا - ئۇكا) بۇ دىنغا كىرىشنى رەت قىلىپ، ئۆزىنى ھىمايە قىلىدىغان ئەسكەرلەرنى باشلاپ، بىرتەرەپتىن ئۇرۇش قىلىپ، يەنە بىرتەرەپتىن چېكىنىپ، چىرىيە دەرياسىنى بويلاپ ھاسا ۋە ھاشىدىكى (يۇقىرىقى خارابە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ ئىككى خارابە بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرىدۇ - ئا) ئىككى تاغنىڭ چوققىسىغا ئورۇنلاشقان. بۇ جايىنىڭ يەر تۇزۇلۇشى تىك، خەتەرلىك بولۇپ، ئۇلار ئىككى تاغ چوققىسىغا ئىككى مۇداپىئە سېپىلى سوققان. ھاساغا سېلىنغىنى ھاسا جوقتىرىشت قورغىنى، ھاشىغا سېلىنغىنى ھاشى نۇقتىرىشت قورغىنى (قەلئەسى) دەپ ئاتالغان. ئۇلار سېپىل سوقۇپ، ئاكۇپ كولاپ، سېپىلنىڭ ئىچىگە مىس تورۇبا ئارقىلىق سۇ باشلاپ كىرىپ، مۇداپىئەنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغان. لېكىن، ئۇزۇن ئۆتمەي مىس تورۇبىنى ئىسلام ئەسكەرلىرى سېزىپ قېلىپ، سۇ مەنبەسىنى ئۈزۈپ تاشلىغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار مەغلۇپ بولغان. شۇنىڭدىن تارتىپ خوتەندە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىش تارىخى ئاخىرلاشقان. بۇ قەلئە (ھاشى قەلئەسىمۇ شۇنداق - ئا) شۇنىڭدىن بۇيان قەدىمكى ئۇرۇشنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە تا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

بۇ قەلئە خارابىسى 1999 - يىلى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» دەپ ئېلان قىلىنغان.

شەخسلەرنى تونۇشتۇرۇش

# جۇڭگو تاجىكلىرى ئارىسىدىكى داڭلىق ئۆلىما ـ سەييىد ئابدۇلئەزىزخان مەۋلابەخش

جاببار ياۋاسار بازارباي (تاجىك)
(تاشقورغان ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ)

ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ مەلۇم تارىخىي دەۋردىكى يولباشچىلىرى ۋە داڭلىق تارىخىي شەخسلىرى بولۇپ، ئۇلار شۇ مىللەتنىڭ پەخرى ھېسابلىنىدۇ. جۇڭگو تاجىكلىرى ئارىسىدا يۈكسەك ئابروي، زور تەسىر ۋە چوڭقۇر ھۆرمەتكە ئىگە سەييىد① ئابدۇلئەزىزخان مەۋلابەخش (خەلق ئاغزىدا پىرى ئابلىزخان مەۋلابەخش) شىئە ئىسمائىلىيە مەزھىپى ② نىڭ تاجىكلار ئىچىدىن چىققان مەشھۇر ئۆلىماسىدۇر.

ئۇ، ئىسمائىلىيە مەزھىپىدىكى سەييىدلەردىن تۆنجى قېتىم «موكى» ③ لىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن سەييىد مەۋلابەخش (1866 ـ 1956) ئائىلىسىدە، 1930 ـ يىلى پوسكام ناھىيىسىنىڭ ھازىرقى بويلۇق تاجىك مىللىي يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى سەييىد مەۋلابەخش 14 يېشىدا ھىندىستاننىڭ بومباي شەھىرىگە بېرىپ، ئىسمائىلىيە پىرخانىسى ④ دا ئىمامى ⑤ ئاغاخان I ⑥ (ئاغا ئەلى شاھ) نىڭ ھۇزۇرىدا «موكى» لىق ئۇنۋانىنى ئالغان، شۇنداقلا پاكىستان ۋە ھىندىستانلاردىكى مەدرىسلەردە ئوقۇپ، دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان. سەييىد ئابدۇلئەزىزخان مەۋلابەخشكە دادىسى سەييىد مەۋلابەخشنىڭ كۆرسەتكەن تەسىرى ناھايىتى زور بولۇپ، بالىلىق دەۋرىدە دادىسىدىن دىنىي تەلىم ئالغان، يەتتە يېشىدا دادىسى بىلەن پاكىستانغا چىقىپ، ئىسلام دىنى بىلىملىرىنى ئۆگەنگەن. 1947 ـ يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ، تاجىكلار ئارىسىدا دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، يۇقىرى شۆھرەت قازانغان. 1951 ـ يىلدىن باشلاپ تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى، سىياسىي كېڭەش ۋە ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرىدە ۋەزىپە ئۆتەپ، تۈرلۈك ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆز تۆھپىسىنى قوشۇپ كەلگەن. ئۇ يەنە تاجىكلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئېتنوگرافىيىسى ۋە دىنىي ئېتىقادى توغرىسىدا يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە بولۇپ، ئۇزاقتىن بېرى تاجىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازما ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، كۆپ قېتىم ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتناشقان. بىرقىسىم ماقالىلىرى «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» قاتارلىق ئىلمىي مۇنبەرلەردە ئېلان قىلىنغان.

سەييىد ئابدۇلئەزىزخان مەۋلابەخش ئۆزىنىڭ قىسقىغىنا بىر ئۆمۈر ھاياتىدا ئۆز ئانا تىلىدىن باشقا كۆپ خىل تىللارنى ئۆگەنگەن بولۇپ، ئەرەب، پارس، ئوردۇ، ئۇيغۇر، ئۆزبېك تىللىرىدا راۋان ئالاقە قىلالايتتى. ھەر خىل دىنىي كىتابلاردىن باشقا بىرقىسىم كلاسسىك ئەدەبىي ۋە تارىخىي ئەسەرلەرنى بولۇپمۇ پارس ـ تاجىك كلاسسىكلىرىدىن ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى (1931 ـ 1020) نىڭ «شاھنامە» داستانى، خوجا ھاپىز شىرازى (1315 ـ 1389) نىڭ ھېكمەتلىك غەزەللىرى ۋە ئىسمائىلىيە مەزھىپى تەرغىباتچىلىرىدىن ناسىر خىسراۋ (1003 ـ 1088) قاتارلىقلارنىڭ بىرقىسىم ئەسەرلىرى ۋە ئۇنىڭ پارچىلىرىنى ساقلاپ كەلگەنىدى. بىراق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىبارەت مالىمانچىلىقتا

كىتابلىرىنىڭ كۆپ قىسمى يوقىلىپ كەتكەن. ئۇ، 1985 - يىلى جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئويۇشتۇرغان زىيارەت ۋە ھەج - تاۋاب قىلىش ئۆمىكى تەركىبىدە سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋە پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە بېرىپ، بىلىم سەۋىيىسى ۋە نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكەن ئىدى. ئۇ، 1996 - يىلى 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن 67 يېشىدا بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتى.

سەييىد ئابدۇلئەزىزخان مەۋلابەخش ھايات ۋاقتىدا مەملىكەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى، پوسكام ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، پوسكام ناھىيىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان.

---

## ئىزاھات:

① سەييىد - ئەرەبچە سۆز بولۇپ، لۇغەت مەنىسى «خوجا، ئەپەندى، ئۇستاز» دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەۋلادلىرىنىڭ پەخرى نامى بولۇپ، ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئوغۇللىرى ئىمامى ھەسەن ۋە ئىمامى ھۈسەيىندىن تارقالغان ئەۋلادلار «سەييىدلەر» دەپ ئاتالغان. ئىسمائىلىيە مەزھىپىدىكى «سەييىد» نامى بار كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنى نەسەب جەھەتتىن ھەزرىتى ئەلىگە باغلايدۇ. مۇرتلار سەييىدلەرنى «پىر» (ئۇلۇغ كىشى، ئەۋلىيا، ئۇستاز) دەپ ھۆرمەتلەيدۇ ۋە قولىغا سۆيۈپ كۆرۈشىدۇ.

② ئىسمائىلىيە مەزھىپى - ئىسلام دىنىدىكى ئىككى چوڭ مەزھەپ (سۈننى مەزھىپى بىلەن شىئە مەزھىپى) نىڭ بىرى - شىئە مەزھىپىنىڭ مۇھىم بىر تارمىقى بولۇپ، جۇڭگو تاجىكلىرى مۇشۇ مەزھەپكە ئېتىقاد قىلىدۇ.

③ «موكى» - ئىسمائىلىيە مەزھىپى ئىچىدىكى بىر خىل ئالىي دىنىي ئۇنۋان. بۇ مەزھەپنىڭ ھازىرقى زاماندىكى ئەڭ ئالىي ئىمامى ئاغاخان ھەرقايسى جايلاردىكى مۇرتلارنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن باشقۇرۇش ئىقتىدارى يۇقىرى دىنىي خادىملارغا «موكى» دېگەن ئۇنۋاننى بېرىدۇ. «موكى» بۈيۈك ئىمامنىڭ ئەلچىلىرى رولىنى ئوينايدۇ. سەييىدلەر بىۋاسىتە «موكى» لىق ئۇنۋاننى ئېلىش سالاھىيىتىگە ئىگە.

④ ئىسمائىلىيە پىرخانىسى - ئىسمائىلىيە مەزھىپى مۇرتلىرى تاۋاپ قىلىدىغان جاي ياكى بۈيۈك ئىمام ئاغاخان مۇرتلارنى قوبۇل قىلىدىغان ئورۇن. ئىسمائىلىيە مۇرتلىرى ھىندىستاننىڭ بومباي شەھىرىدە تۇرۇشلۇق ئىمام ئاغاخان (بۈگۈنكى كۈندىكى ئىمام ئاغا كەرىم ھۈسەيىن) نى تاۋاپ قىلغان، ئۇنىڭ دىدارىنى كۆرگەن، ئۇنىڭدىن مۇبارەك پەرمان ئېلىپ «موكى» لىق ئۇنۋانىغا ئىگە بولغان كىشىلەرنى «ھاجى» دەپ ھېسابلاپ، ئالاھىدە ھۆرمەتلەيدۇ ۋە قولىغا سۆيۈپ كۆرۈشىدۇ.

⑤ ئىمام - ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «ئالدىدا تۇرغۇچى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي رەھبىرى ۋە ھەرقايسى مەزھەپلەردىكى نامازنى باشقۇرغۇچىنىڭ ئورتاق نامى. ئىسمائىلىيە مەزھىپىدىمۇ ئەڭ ئالىي دىنىي رەھبەرلەرگە قارىتىپ قوللىنىلغان بولۇپ، ئىسمائىلىيە مۇرتلىرى ئەڭ يۇقىرى دىنىي رەھبەر ھەزرىتى ئەلى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىدىن باشلاپ، ھازىرقى ئاغا كەرىم ھۈسەيىنگە قەدەر بولغان 49 دىنىي رەھبەرنى بىر جەمەت، بىر نەسەبتىن دەپ قاراپ، ئۇلارنى «ئىمام» دەپ ھېسابلايدۇ.

⑥ ئاغاخان - ئىسلام دىنى شىئە ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ ئەڭ ئالىي ئىماملىرىنىڭ ئورتاق ئۇنۋانى ياكى نامى. ئۇنىڭ مەنىسى «خان ئاتا» ياكى «ھايات ئىگەم» دۇر. ئاغاخان - ئاغاخان I (ئاغا ھەسەن ئەلى شاھ)، ئاغاخان II (ئاغا ئەلى شاھ)، ئاغاخان III (ئاغا سۇلتان مۇھەممەد شاھ) ۋە ئاغاخان IV (ئاغا كەرىم ھۈسەيىن) دىن ئىبارەت تۆت بۈيۈك ئىمامنىڭ ئورتاق ئاتىلىشى.

# مانى دىنى ۋە ئۇيغۇرلار

ئابدۇرەھىم مۇھەممەد
(ئىنستىتۇتىمىز ئوقۇتۇش - پەن تەتقىقات باشقارمىسى)

دىن ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىش جەريانىدىكى ئاجىزلىقلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. ئېنگېلس: «ھەممە دىنلار كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان تاشقى كۈچلەرنىڭ ئۇلارنىڭ مېڭىسىدىكى فانتازىيىلىك ئىنكاسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇلار جەمئىيەتتىن تاشقىرى كۈچ شەكلىنى ئالغان بولىدۇ» ① دەپ كۆرسەتكەن. ئىنسانىيەتنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا دىن ئالاھىدە ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىدېئولوگىيە ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

قەدىمكى ئۇيغۇرلارمۇ ئۆزىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا، باشتا كۆچمەن چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مىللەتلەرگە ئوخشاش ئىپتىدائىي تۇتېم ئېتىقادىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇيغۇر قەبىلىلىرى دەسلەپكى مەزگىللەردە تەبىئەتكە، تەبىئەت ھادىسىلىرىگە، ئۆسۈملۈكلەرگە، ئەجدادلىرىغا ھەمدە ئالەمدىكى سىرلىق دەپ بىلگەن شەيئىلەرگە، جۈملىدىن، كېيىنكى مەزگىللەردە بۆرىگە چوقۇنغان، ② ئۇنىڭدىن خېلى زامانلار ئۆتكەندىن كېيىن كۆك (ئاسمان) تەڭرىگە چوقۇنۇش ئېتىقادى شەكىللەنگەن. بۇ خىل ھالەت ئۇزاق مەزگىل داۋام قىلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار ئۆز جايىنىڭ جۇغراپىيىلىك مۇھىتى ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالىغا ماس ھالدا دەسلەپتە شامان (قامان) دىنىغا، كېيىنرەك بۇددا دىنى، زورو ئاستىر (زەردۇشت، ئاتەشپەرەسلىك) دىنى، مانى دىنى ۋە قىسمەن نېستورىيان (خىرىستىئان) دىنىغا، ئاخىرىدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. بۇ ھال، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا كۆپ خىل دىن بىلەن ئۇچرىشىش ئەھۋالىنىڭ ئالاھىدە گەۋدىلىك بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

بەزى دىنلارنىڭ مۇئەييەن تارىخىي دەۋرلەردە مەلۇم بىر مىللەتنىڭ تەرەققىياتىدا تاشلىنىپ قېلىشى شۇ مىللەتنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ مەلۇم جەھەتتىكى ئىپادىسىدۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا كۆپ خىل دىن بىلەن ئۇچرىشىشى ئۇلارنىڭ قەدىمكى پائالىيەت دائىرىسىنىڭ ئاسىيا قىتئەسىنى كېسىپ ئۆتىدىغان «يىپەك يولى» دىن ئىبارەت بۈيۈك سودا كارۋان يولىنىڭ تۈگۈنىگە جايلىشىشتەك جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

بۇ ماقالىدە ئۇيغۇرلار تارىختا ئېتىقاد قىلغان ۋە كېيىن تاشلىنىپ قالغان مانى دىنى ھەمدە بۇ دىننىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا كۆرسەتكەن تەسىرى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن.

مانى دىنى ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر، يەنى مىلادى 3 - ئەسىردە پىرسىيە (ھازىرقى ئىران) دا پەيدا بولغان. ئۇ، دۇنيادىكى بىرمۇنچە رايون ۋە مىللەتلەرگە، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا، جۇڭگونىڭ غەربىي - شىمال قىسمى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا ھەمدە ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرگە خېلى زور تەسىر كۆرسەتكەن.

مانى دىنىنىڭ ئىجاتچىسى مانى (تەخمىنەن 216 ~ 273 - يىللار) تىگىر دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا جايلاشقان كېتسىپنون شەھىرى بىلەن ساسانىيلار خانلىقىنىڭ سېلېنوكىيە شەھىرى تۇتاشقان ماردىنو دېگەن جايدا تۇغۇلغان. ③ ئۇ، كىچىكىدىن تارتىپ ئاسترونومىيە بىلىملىرىگە ۋە رەسىم سىزىشقا قىزىقىپ، بۇ جەھەتتە مەلۇم ئىقتىدارغا ئىگە بولغان. ئۇ شەرقتە ھىندىستان ۋە جۇڭگوغىچە بولغان

كۆپلىگەن جايلارنى ساياھەت قىلىپ، ھەر خىل دىنلار بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن، قەدىمكى بابىلونلۇقلارنىڭ دىنى ئاساسىدا، خىرىستىيان دىنى، زورو ئاستېرو دىنى ۋە بۇددا دىنلىرىنىڭ ئەقىدىلىرىنى مۇجەسسەملەشتۈرۈپ، مانى دىنىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ھەمدە ئۇنى ساسانىيلار خانلىقىنىڭ خانى شاپۇر I (241 ~ 272 - يىللار) تەختكە چىققان دەسلەپكى مەزگىللەردىلا تارقىتىشقا باشلىغان. لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي بۇ دىن شۇ چاغدىكى پىرسىيىدە دۆلەت دىنى ھېسابلىنىدىغان زوروئاستېر دىنى تەرەپدارلىرى تەرىپىدىن غەيرى دىن دەپ قارىلىپ، قاتتىق قارشىلىققا ئۇچرىغان. ④ شاپۇر خان مانى مۇخلىسلىرىنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىش يارلىقىنى چۈشۈرگەن. كېيىن ئۇنىڭ ۋارىسلىرىمۇ مانى دىنىنىڭ كەڭ تارقىلىشىنى ئۆز ھاكىمىيىتى ئۈچۈن خەۋپ دەپ قاراپ، مانىنى 273 - يىلى پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈرۈۋەتكەن، مانى دىنىنىڭ نۇرغۇن كىتابلىرى كۆيدۈرۈۋېتىلگەن؛ مانىنىڭ مۇخلىسلىرىمۇ زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، ھەر ياقلارغا قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. مانى ئۆلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىجاد قىلغان دىن داۋاملىق تارقىلىپ، غەربتە ئىتالىيە، ئىسپانىيە، مىسىرغىچە، شەرقتە ئالدى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا، ئاندىن ھىندىستان ئارقىلىق جۇڭگوغا تارقالغان.

مانى دىنىنىڭ ئاساسىي ئەقىدىسى «ئىككى مەنبە، ئۈچ پەيت» دىن ئىبارەت بولۇپ، «ئىككى مەنبە» - يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقنى، يەنى ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى، «ئۈچ پەيت» - دەسلەپكى پەيت، ئارىلىقتىكى پەيت، ئاخىرقى پەيت (ئاخىرەت) نى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدا: قاراڭغۇلۇق بىلەن يورۇقلۇق مەڭگۈ بىر - بىرى بىلەن كۈرەش قىلىدۇ؛ ئالەم سۇ، ئوت، تۇپراقتىن تەركىب تاپىدۇ. يورۇقلۇق - ياخشىلىق خۇداسى، قاراڭغۇلۇق - يامانلىق خۇداسى؛ يورۇقلۇق خۇداسى ئاخىرى قاراڭغۇلۇق خۇداسىنى يېڭىدۇ. يەر ۋە سۇغا ھەممە ئادەم باب - باراۋەر ئىگە بولۇشى كېرەك دېگەنلەر تەرغىپ قىلىنىدۇ. شۇڭا، بۇ دىن يورۇقلۇق دىنى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ⑤

مانى دىنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوغدىلار، يەنى جۇڭگو تارىخنامىلىرىدا توققۇز جاۋۇپ ياكى توققۇز ئوغۇز دەپ ئاتالغان خەلقلەر ئارقىلىق شىنجاڭغا، ئاندىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقالغان. ⑥ تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ كەمچىل بولۇشى تۈپەيلىدىن مانى دىنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ رايونىغا قايسى ۋاقىتتا ئومۇمىيۈزلۈك تارقالغانلىقى تېخى ئېنىق بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭ دائىرىسىدىن تېپىلغان مانى خارابىلىرى، بۇ دىنغا ئائىت يازما يادىكارلىقلار ۋە تام رەسىملىرىگە ئاساسەن، مانى دىنىنىڭ ئۇيغۇرلارغا خېلى زور تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. پروفېسسور گاباين خانىم ئۇنىڭ شىنجاڭغا قاچان تارقالغانلىقى ئۈستىدە توختىلىپ: مانى دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا 763 - يىلدىن بۇرۇنراق تارقالغان بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىغان. ⑦

ئالىملار 1890 - يىلى فىنلاندىيىلىك ئالىم خېكىل قارا بالغاسۇن شەھىرىنىڭ خارابىسىدىن تاپقان «توققۇز ئۇيغۇر قاغانلىرى مەڭگۈ تېشى» دىكى خاتىرىلەر، 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گېرمانىيىلىك ئالىم لېكوك تۇرپان رايونىدىن تاپقان نۇرغۇن كەمتۈك ۋاراق (فراگمېت) لار ھەمدە جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرى دۇنخۇاڭدىكى موگاۋ مىڭئۆيىنىڭ كىتاب ئىسكىلاتىدىن تاپقان ئۈچ پارچە خەنزۇچە ۋەسىقىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، مانى دىنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئايال پادشاھى ۋۇزېتيەن دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا تارقالغان دەپ قىياس قىلغان. «توققۇز ئۇيغۇر قاغانلىرى مەڭگۈ تېشى» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا مانى دىنى 763 - يىلى ئۇيغۇرلارغا تارقىلىپ كىرگەن بولۇپ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ 3 - ئەۋلاد قاغانى بۆكە قاغان (759 ~ 780 - يىللار) ئەڭ بۇرۇن بۇ دىنغا بەيئەت قىلغان.

762 - يىلى (باۋيىڭنىڭ 1 - يىلى) ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قوشۇنلىرى تاڭ سۇلالىسىنىڭ «ئۆڭلۈك - سۈيگۈن توپىلىڭى» نى تىنجىتىشىغا ياردەم بېرىپ، لوياڭنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، 763 - يىلى بۆكە قاغان لەشكەرلىرىنى دۆلىتىگە قايتۇرۇپ كېتىدىغان چاغدا تۆت نەپەر مانى دىنى مۇخلىسىنى بىرگە ئېلىپ كەتكەن. شۇ يىلى بۆكە قاغان مانى دىنىنى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتكەن، شۇنىڭ بىلەن دۆلەت بويىچە ھەممە كىشى مۇشۇ دىنغا ئېتىقاد قىلغان. ⑧شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مانى دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ، ھۆكۈمران ئىدىيە بولۇپ شەكىللىنىپ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. مانى مۇخلىسلىرى ئىنتايىن

ئەتىۋارلىنىپ، قاغاننىڭ ئالىي ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەن، قاغان دۆلەتنىڭ مۇھىم سىياسىي، ھەربىي ئىشلىرىنى بىرتەرەپ قىلىشتا مانى مۇخلىسلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشكەن. ئۇلار قاغان ئۈچۈن خاتۇن (خانىش) تاللاشتەك مۇھىم ئىشلارغىمۇ قاتناشتۇرۇلغان. كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ بەزى كىشى ئىسىملىرى، ئەمەل ناملىرىمۇ بارا - بارا مانى ئەقىدىلىرى ۋە مانى دىنى نوملىرى ئاساسىدا قويۇلغان. [9] ئەمما شامان دىنىدىكى ئاي، كۈن ۋە باشقا يورۇقلۇق تەڭرىلىرىنىڭ ناملىرى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يەنىلا ساقلىنىپ قالغان. بۇنىڭدىن مانى دىنى گەرچە شامان دىنى ئۈستىدىن ئۇتۇپلا غالىب كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ مانى دىنىنى شامان دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىگە ماسلاشتۇرغان ئاساستا قوبۇل قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئەسلىدە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دائىرىسىدىكى ئۇيغۇرلار، تەبىئەت ھادىسىلىرىگە چوقۇنۇش ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئىپتىدائىي دىن - شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن. دىنىنىڭ ئەقىدىسى بويىچە، يەتتە قات ئاسماننىڭ ئەڭ ئۈستۈن قەۋىتىدە تۇرىدىغان ئالىي خۇدا پۈتۈن ئالەمگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ؛ ياخشىلىق خۇداسى ئاسماندا تۇرۇپ، يەر يۈزىدىكى بالايى - ئاپەتلەرنى يوقىتىپ، ئىنسانلارغا بەخت كەلتۈرىدۇ؛ بۇ ئىشلار شامان پىرخونلىرى ئارقىلىق ئورۇنلىنىدۇ، ئىمتىيازلىق پىرخونلار جىن - ئالۋاستىلارنى قوغلاپ، كېسەلگە شىپالىق بېرىدۇ. رەم سېلىش ئارقىلىق ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن ئالدىن بېشارەت بېرىدۇ دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا، شامان دىنى ئېتىقادچىلىرى ئىمتىيازلىق پىرخونلارغا خۇدا ئورنىدا تىۋىنىپ، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى ئۇلارنىڭ ئىلكىدە دەپ بىلگەنلىكتىن، ئەپسۇن ئوقۇش ۋە پىرخونلۇقنى ئۇزۇن زامانلارغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي ئىگىلىكى يەنىلا كۆچمەن چارۋىچىلىق بولۇپ، مۇقەددەس دىنىي كىتابلىرى ۋە ئىبادەتخانىسى بولمىغان شامان دىنى ئۇلارنىڭ ئەينى چاغدىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىغا باب كېلەتتى. شۇڭا بۇ دىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا چوڭقۇر سىڭىپ كىرگەن. بىراق، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە سىنىپىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، شامان دىنى جەمئىيەتنىڭ بولۇپمۇ ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئارزۇسى ۋە مەنپەئەتىگە ماسلىشالماي قالغان. بۇنىڭ بىلەن شۇ چاغدىكى جەمئىيەت ئەھۋالىغا ۋە ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ مەنپەئەتىگە پايدىلىق يېڭى ئىدىئولوگىيىگە قارىتا ئېھتىياج تۇغۇلغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزۇن مەزگىل ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن شامان دىنىدىن ۋاز كېچىپ، مانى دىنىغا كىرىشىگە، بىر جەھەتتىن ئۇلارنىڭ ئەينى چاغدىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەر زور تەسىر كۆرسەتكەن [10] بولسا يەنە بىرتەرەپتىن خاندانلىقنىڭ يۇقىرى تەبىقىسىدىكى قاغان، ۋەزىر ۋە باشقا ئەمەلدارلارنىڭ ئۇنىڭغا ئېتىبار بېرىشى ۋە قوللىشى سەۋەب بولغان. ئۆتۈكەن - سۆيگۈن تۆپىلىكىدىن كېيىن، تۇبۇتلار تاڭ سۇلالىسى ھالسىرىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، خېشى كارىدورىنى ئىگىلىۋېلىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرت بىلەن بولغان سودا ئالاقىسىنى ئۈزۈۋەتكەن. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا تاڭ سۇلالىسىگە غەربىي يۇرت ۋە غەربىي ئەللەر بىلەن ئالاقە ئۇيغۇرلار ئارقىلىق قىلىشقا توغرا كەلگەن. سوغدى سودىگەرلىرىمۇ تاڭ سۇلالىسى بىلەن مۇشۇ يول ئارقىلىق سودا قىلغان. يىپەك يولىنىڭ شىمالغا يۆتكىلىپ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دائىرىسىدىن ئۆتۈشى ئۇيغۇرلارنى ناھايىتى كۆپ پايدىغا ئېرىشتۈرگەن. ئەينى ۋاقىتتا سوغدى سودىگەرلىرىنىڭ كۆپچىلىكى مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. ئۇيغۇرلار ئۇلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت قىلىپ كەلگەچكە، بۇ دىن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا سوغدىلار ئارقىلىق دەسلەپكى قەدەمدە تارقالغان. [11] دېمەك، بۆكە قاغانمۇ ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مەنپەئەتلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، مانى دىنىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئاھالىلەر مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ، سودا، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە دېھقانچىلىق ئىلگىرىكىگە قارىغاندا خېلىلا راۋاجلانغان، ئاۋات شەھەرلەر بىنا قىلىنغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى بۇنداق ئۆزگىرىشلەرمۇ مانى دىنىنىڭ تېز تارقىلىپ، كەڭ ئومۇملىشىشىغا پايدىلىق بولغان.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلىشكە يۈزلەنگەن مەزگىللەردە ئورنىتىلغان «سۇجى مەڭگۈ تېشى»

دا ئۇيغۇر بەگلىرىنىڭ بالىلىرىنى مانى مۇخلىسلىرىدەك بولۇشقا ئۈندىگەنلىكى خاتىرىلەنگەن. مۇھىمى مانى دىنى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ چارۋىچىلىق قىلىشتىن دېھقانچىلىق قىلىشقا، كۆچمەن ھالەتتىن مۇقىم ئولتۇراقلىششقا ئۆتۈشىگە تۈرتكە بولغان. ⑫

مانى دىنى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دائىرىسىدە كەڭ ئومۇملاشقاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارمۇ بۇ دىننى ئەتراپتىكى قوشنا خانلىقلارغا تارقىتىشقا باشلىغان. ئۇلار سودا - سېتىق ئىشلىرى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى چوڭ شەھەرلەرگە بارغاندا، ئۇ جايلاردا مانى دىنىنى تارقىتىش پائالىيەتلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، ئۇيغۇر مۇخلىسلارنىڭ دىن تارقىتىش دائىرىسى خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىدىن ھالقىپ، چاڭجياڭ، جۇجياڭ دەرياسى ۋادىلىرىغىچە يېتىپ بارغان. ئۇلار چاڭئەن، لوياڭ، جىڭجۇ قاتارلىق ئاۋات، چوڭ شەھەرلەردە مانى دىنى ئىبادەتخانىلىرىنى بىنا قىلغان.

840 - يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ پانتېكىن باشچىلىقىدىكى 15 قەبىلىسى بېشبالىق (ھازىرقى جىمسار) ئەتراپىغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان؛ كېيىن قوچۇنى مەركەز قىلىپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان. مانى دىنى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى زېمىنىدىمۇ كەڭ تارقىلىپ، نۇرغۇن ئىبادەتخانىلار ياسالغان. بۇ دىن تۇرپان رايونىدا تاكى 13 - ئەسىرگىچە بۇددا دىنى بىلەن بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. ⑬

مانى دىنى پەيدا بولغاندىن تارتىپلا زىيانكەشلىككە ۋە باشقا دىنلارنىڭ چەتكە قېقىشىغا ئۇچراپ كەلگەچكە، ھازىر دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن بۇ دىنغا ئائىت ماتېرىياللار ناھايىتى ئاز تېپىلىدۇ. شۇڭا، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلاردا تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان ماتېرىياللار بۇ دىنىنىڭ تارىخىنى ۋە تارقىلىش ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا كەم ئۇچرايدىغان قىممەتلىك ھۆججەت ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گېرمانىيىلىك ئالىم لېكوك تۇرپاندا ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بېرىپ، ئالدى بىلەن ئىدىقۇتتىن مانى دىنى ئىبادەتخانىلىرىنىڭ بىر تۈركۈم خارابىلىرىنى تاپقان، ئۇنىڭدىن كېيىن بېزەكلىك ۋە تۇيۇققا كېلىپ بۇ يەرلەردە قېزىش ئېلىپ بارغان. لېكوك تۇيۇقتىن تۆرك يېزىقى ھەرپلىرى بىلەن مانى يېزىقى ھەرپلىرى سېلىشتۇرۇلغان بىر پارچە جەدۋەلنىڭ كەمتۈك ۋارىقىنى تاپقان. بۇ، مانى دىنى مۇرتلىرى تۆرك يېزىقى ئۆگىنىشتە پايدىلانغان ماتېرىيال بولۇشى مۇمكىن. بۇ، ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرىلا مانى يېزىقىنى بىلگەنلىك ئېھتىمالىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ⑭ يېقىنقى يىللاردا ئارخېئولوگلار تۇرپاندا مانى دىنى ئىبادەتخانىلىرىنى خېلى كۆپ بايقىدى. بۇ ئىبادەتخانا (غار) لار ئۆزۈندىن بۇيان بۇددا دىنى ئىبادەتخانىلىرى دەپ قارىلىپ كەلگەن غارلار ئىچىدىن ئايرىپ چىقىلغان. تۇرپاندا بايقالغان بۇ ئىبادەتخانىلار ئىچىدە تېپىكرەكى بەش قەۋەت سۇپىلىق قىلىپ ياسالغان بولۇپ، كۆرۈنۈشى ھەيۋەتلىك. پۈتۈن ئىبادەتخانا 50 ھوجرىدىن تەركىپ تاپقان، بەزى ھوجرىلاردىكى رەڭلىك تام رەسىملىرى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مەدھىيە سۆزلىرى خېلى تولۇق ساقلىنىپ قالغان. ئالىملارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا تۇرپاندىكى بۇ غارلار 7 - ئەسىردە بىنا قىلىنىشقا باشلىغان. ⑮ ئەمما 10 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە بۇ جايدىكى ئىبادەتخانا غارلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان، بىرقىسىملىرىغا ئەسلىدىكى ئاساستا قايتا سۇۋاق بېرىلىپ، بۇت سىزىلىپ، بۇددا ئىبادەتخانىلىرىغا ئۆزگەرتىلگەن. ⑯ پەقەت ئاز ساندىكىلىرىلا ساقلىنىپ قالغان. يۇقىرىقى ئەھۋاللاردىن بىز مانى دىنىنىڭ خېلى بىر مەزگىللەرگىچە بۇددا دىنى بىلەن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇپ، تاكى 14 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئوغلى قىدىر خوجا دەۋرىدە ئىسلام دىنى تۇرپان رايونىغا تارقىلىشقا باشلىغانغا قەدەر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ساقلىنىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئۇنىڭدىن باشقا، موللېر تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنغان، تۇرپاندىن تېپىلغان پارچە مەدھىيە شېئىرلىرى توپلىمى «ماھراماگ» دىمۇ، قوچۇدىن باشقا بېشبالىق، قاراشەھەر، كۇچار، قەشقەر قاتارلىق جايلارنىڭ مانى دىنىنىڭ ئاساسلىق دىنى رايونلىرى ئىكەنلىكى خاتىرىلەنگەن. ⑰ بۇ دىنىنىڭ كۇچا ۋە باي رايونىدىكى تەسىرىنى مىڭ ئۆيلەردىكى تام رەسىملىرىدىنمۇ ئېنىق بىلىۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، بايدىكى قىزىل مىڭئۆيى، كۇچادىكى سىم - سىم مىڭئۆيى ۋە قۇمتۇرا مىڭئۆيلىرىدىكى تاملارغا سىزىلغان

رەڭلىك رەسىملەرنىڭ تۇرپاندىكى بېزەكلىك تام سىزمىلىرى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىشى، ئەينى ۋاقىتتا مانى دىنىنىڭ كۈچى، باي قاتارلىق جايلاردىكى بۇددىزم ئېتىقادى بىلەن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مانى دىنى بىر مەزگىل ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا ناھايىتى چوڭقۇر سىڭىپ كىرگەچكە، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىنمۇ بۇ دىندىكى بىرقىسىم ئادەتلەر ئۇلار ئارىسىدا ساقلىنىپ قېلىپ، ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، كونىلار ئارىسىدا ئاي، كۈن «كۆيسە» ياكى تۇتۇلسا نەزىر قىلىپ، دۇئا ـ تەكبىر ئېيتىپ، ئاي ـ كۈننىڭ تېز ئەسلىگە كېلىشىنى تىلەش؛ كۈندۈزى كۈنگە، كېچىسى ئايغا قاراپ تۇرۇپ چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلماسلىق، پەرزەنتلىرىگە ئىسىم قويغاندا ئاي، كۈننىڭ نامىنى قويۇش قاتارلىقلار… مانى دىنىنىڭ يورۇقلۇقتا چوقۇنۇش ئېتىقادىنىڭ قالدۇق ئىپادىسىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇرلارنىڭ قۇرغاقچىلىق يۈز بەرگەندە يادا تاش ئارقىلىق يامغۇر تىلەش ئادەتلىرىمۇ مانى دىنىنىڭ تەسىرىدە پەيدا بولغان. ⑱

دېمەك، مانى دىنى قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ، كېيىنكى تارىخىي دەۋردە پۈتۈنلەي يوقالغان بولسىمۇ، ئەمما، ئۇلارنىڭ تارىخى، ئۆرپ ـ ئادىتى، دىنىي ئېتىقادى، كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە تىلىنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى مۇھىم ئاساسلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

---

## ئىزاھات:

① ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە، 3 ـ توم 354 ـ بەت.

② ۋاھىدجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1988 ـ يىل نەشرى، 91 ـ بەت.

③ ⑱ لىيۇيتاڭ: «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات»، (خەنزۇچە) 448 ـ بەت.

④ ⑬ ئابدۇلئەھەد نۇرىدىن: «مانى ۋە مانى دىنى»، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1983 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈندىكى سانى.

⑤ مەھمۇد يۇسۇپ: «شىنجاڭغا تارقالغان قەدىمكى دىنلار توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1984 ـ يىلى 2 ـ سان، 173 ـ بەت.

⑥ ⑩ ⑪ ئابدۇلئەھەد نۇرىدىن: «مانى دىنى ۋە بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلار»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1994 ـ يىلى 3 ـ سان، 108 ـ، 110 ـ بەتلەر.

⑦ ⑧ ⑭ نيۇرۇجى: «مانى يېزىقىدىكى ۋە مانى يېزىقىدا تۈرك تىلى بىلەن خاتىرىلەنگەن يازما يادىكارلىقلار»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئىچكى ژۇرنال)، 1990 ـ يىل 1 ـ سان، 41 ـ بەت.

⑨ لىيۇگې: «ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلغان مانى دىنى ھەققىدىكى تەتقىقات»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى»، 1991 ـ يىل 3 ـ سان. (ئابدۇرەشىد ياقۇپنىڭ: «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1993 ـ يىل 1 ـ ساندىكى «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مانى دىنىغا ئائىت يادىكارلىق ‹بۆكۈخاننىڭ مانى دىنىغا كىرىشى،› دېگەن ماقالىدىكى ئىزاھاتتىن ئېلىندى).

⑫ چېڭ سۇلو: «‹توققۇز ئۇيغۇر قاغانلىرى مەڭگۈ تېشى، نىڭ خەنزۇچە تېكىستىدىن تاڭ دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن ۋەتەننىڭ مۇناسىۋىتىگە نەزەر»، «مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1978 ـ يىل 2 ـ سان.

⑮ «تۇرپاندا مانى دىنى ئىبادەتخانىلىرى بايقالدى»، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1993 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈندىكى سانىدىن ئېلىندى.

⑯ بۇنداق ئۆزگەرتىلگەن ئەھۋالنى بېزەكلىك مىڭئۆيىدىكى 14 ـ نومۇرلۇق غاردا ئېنىق ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

⑰ جيەن بوچۈەن: «ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ۋە ئەنشى ئۇيغۇر خانلىقى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1992 ـ يىل 2 ـ سان، 111 ـ بەت.

# ئەرەب كىشى ئىسىملىرى ۋە ئەرەب مەدەنىيىتى

كىشى ئىسىملىرى ـ ئىنسانلار جەمئىيىتىگە خاس ئالاھىدە ھادىسە بولۇپ، باشقا تىل ھادىسىلىرىگە ئوخشاش مۇھىم ئەھمىيەتكە ۋە تەتقىق قىلىش قىممىتىگە ئىگە. ئۇنىڭ شەكىللىنىشى كىشىلەر ھايات كۆچۈرۈۋاتقان جەمئىيەت، مەدەنىيەت، تارىخىي مۇھىت، دىنىي ئېتىقاد، مىللەت تەۋەلىكى ۋە شۇ مىللەتنىڭ قوللىنىۋاتقان تىلى قاتارلىقلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا ئىنتايىن مول مەدەنىيەت ۋە تارىخ ئەندىزىلىرى يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ئۇ، جەمئىيەت، مەدەنىيەتنىڭ ئەينىكى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنسانىيەت جەمئىيىتى مەدەنىيىتى، جەمئىيەت پسىخىكىسى ۋە جەمئىيەت تۇرمۇشىنى بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

ئەرەب كىشى ئىسىملىرى ئەرەب جەمئىيىتى، مەدەنىيىتى، تارىخىدىكى بىر دەستە گۈل سۈپىتىدە، ئەرەب مىللىتى، ئەرەب ئەللىرىنىڭ تارىخى، سىياسىيسى، دىن، جەمئىيەت، مەدەنىيەت، تىل، ئۆرپ ـ ئادەت، ئەخلاق كۆز قارىشى، جۇغراپىيىلىك مۇھىتى قاتارلىقلارنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ. دېمەك، ئەرەب كىشى ئىسىملىرى بىلەن ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن زىچ بولۇپ، ئەرەب جەمئىيىتىنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىنى چۈشەنگەندىلا ئاندىن ئەرەب كىشى ئىسىملىرى توغرىسىدا چوڭقۇر مەلۇماتقا ئىگە بولغىلى بولىدۇ. شۇنداقلا ئىزدىنىشنى ئەرەب كىشى ئىسىملىرىدىن باشلىغاندىلا ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھىرىنى چۈشىنىش ۋە ئىگىلەش ئىمكانىيىتىگە تېخىمۇ ئىگە بولغىلى بولىدۇ. چۈنكى، ئەلمىساقتىن بۇيان ئىسىم ۋە فامىلە قانداشلىقنىڭ، جەمئىيەتنىڭ بەلگىسى بولۇپلا قالماستىن، ئۇ يەنە جەمئىيەتنىڭ تەبىقە قۇرۇلمىسى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ، ئۇرۇق ـ توغقانچىلىق، دىنىي كۆزقاراشنى گەۋدىلىك ئىپادىلەپ بەرگەندىن باشقا، كىشىلەردە مىللىي ئاڭ شەكىللەندۈرگەن، شۇنداقلا مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشىنىڭ سىمۋولى بولغان. ئەرەب مەدەنىيىتى كاتېگورىيىسىدە ئىسىم ـ تونۇشۇشنىڭ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئەرەب كىشى ئىسىملىرىنىڭ مەدەنىيەت ئاساسىنى تارىخىي تەرەققىيات يۆنىلىشى بويىچە تەتقىق قىلىش ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك، شۇنداقلا ئىنتايىن زۆرۈر.

## 1. ئەرەب كىشى ئىسىملىرىنىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكلىرى

ئەرەب كىشى ئىسىملىرى ئادەتتە ئۆز ئىسمى، ئاتىسىنىڭ ئىسمى، چوڭ دادىسىنىڭ ئىسمى، باشقا ئىسمى ۋە لەقىمىدىن ئىبارەت بەش بۆلەكتىن تۈزۈلىدۇ. بىر ئەرەبنىڭ پۈتۈن ئىسمى ئەشۇ بەش بۆلەكنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. لېكىن بارلىق ئەرەبلەرنىڭ ئىسمى يۇقىرىدىكى بەش بۆلەكنى ئۆز ئىچىگە ئېلىۋەرمەيدۇ، ياكى مۇشۇ بەش بۆلەك بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. بىر پۈتۈن ئىسىم تەركىبىدە ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئىسمى بولغاندىن باشقا، بەزى ئەرەبلەرنىڭ ئىسىملىرى ئادەتتە باشقا تۆت بۆلەك ئىچىدىكى بىر ياكى ئىككى بۆلەك بولۇشى مۇمكىن، يەنە بەزى ئەرەبلەرنىڭ ئىسىملىرىدا ئۆز ئىسمى، ئاتىسىنىڭ ئىسمى، چوڭ دادىسىنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا بوۋىسى ۋە ئۇلۇغ بوۋىسىنىڭ ئىسىملىرىنى قوشىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. بۇ خىل ئىسىم ئادەتتە ئالاھىدە سورۇنلاردا ياكى كىتابىي تىلدا ئىشلىتىلىدۇ. كىشىلەر ئادەتتىكى ئالاقىدە، پەقەت ئۆز ئىسمى ياكى ئۆز ئىسمىغا ئاتىسىنىڭ ئىسمىنى قوشۇپ، ياكى

ئۆز ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا باشقا ئىسمىنى ياكى لەقىمىنى ياكى لەقىمىنى قوشۇپ ئاتاشنى ئادەت قىلغان. چۈنكى مۇنداق ئاتاش ھەم ئاددىي، ھەم ئېنىق قاراتمىلىققا ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن:

نەجىب مەھفۇز (ئۆز ئىسمى + ئاتىسىنىڭ ئىسمى)

مۇھەممەد ئىبراھىم سۇلايمان (ئۆز ئىسمى + دادىسىنىڭ ئىسمى + چوڭ دادىسىنىڭ ئىسمى)

نەجاھ ئىبراھىم مۇھەممەد ھىمام (ئۆز ئىسمى + دادىسىنىڭ ئىسمى + چوڭ دادىسىنىڭ ئىسمى + بوۋىسىنىڭ ئىسمى)

مۇھەممەد شەئبان ئەبۇ زەيد (ئۆز ئىسمى + دادىسىنىڭ ئىسمى + باشقا ئىسمى)

مۇراد ئاتىق ئەلائىددىن ئەبۇزۇر (ئۆز ئىسمى + دادىسىنىڭ ئىسمى + چوڭ دادىسىنىڭ ئىسمى + باشقا ئىسمى)

ساباھۇس سامرائى (ئۆز ئىسمى + لەقىمى)

مۇھەممەد خەلىپە تۇنىسى (ئۆز ئىسمى + دادىسىنىڭ ئىسمى + لەقىمى)

جەمالۇددىن ئىبىن ھىشام ئەنسارى (ئۆز ئىسمى + باشقا ئىسمى + لەقىمى)

ئەرەبلەرنىڭ ئىسمىدا ئەسلىدە فامىلە يوق ئىدى. لېكىن، بەزى شۆھرەتلىك قەبىلە ياكى نامدار ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسىدىن كېلىپ چىققان كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئېسىلزادىلەردىن ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ياكى ئائىلىسىدىكى (دادىسى) لەرنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا قەبىلە ياكى ئورۇقىنىڭ نامىنى قوشۇۋالىدۇ، بۇ فامىلىنىڭ رولىنى ئويناىدۇ. مەسىلەن:

جابىر ۋل ئەھمەد سەباھى

سۇئاد سەباھى

سەباھۇل ئەھمەدىل جابىر

مۇھەممەد بىن سۇلايمان ئەببارسى

ئىسھاق بىن ئىبراھىم مۇسىلىي

1) ئۆز ئىسمى، باشقا ئىسمى، لەقىمى ۋە باشقىلار

ئەرەبلەرنىڭ پۈتۈن (تولۇق) ئىسمى ـ ئۆز ئىسمى، چوڭ دادىسىنىڭ ئىسمى، باشقا ئىسمى، لەقىمى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، بەزىلەر يېقىنلىقنى بىلدۈرىدىغان ئاتالغۇلارنىمۇ قوشۇپ قوللىنىدۇ.

(1) ئۆز ئىسمى

ئۆز ئىسمى ھەربىر ئادەمگە خاس ئاتالغۇ بولۇپ، يېزىق يۈزىدىن قارىغاندا ياخشى مەنىلىك ياكى سەلبىي مەنىلىك بولۇشىدىن ياكى كونكرېت مەنىسى يوق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پەقەت شۇ شەخسكە خاس نامدىنلا ئىبارەت. ئۇ ئەرەبلەر ئىسىملىرىنىڭ ئەڭ ئاساسىي قىسمى بولۇپ، ھەربىر ئادەمدە بولىدۇ. بىرنەچچە بۆلەكتىن تۈزۈلگەن پۈتۈن (تولۇق) ئىسىمدا ئۆز ئىسمى ئادەتتە ئەڭ ئالدىغا قويۇلۇپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى ئىسىم (دادىسىنىڭ ئىسمى) بىلەن يانداش مۇناسىۋەتتە بىرىكىدۇ. مەسىلەن، مۇھەممەد نەبىل، لەيلا نەجىم دېگەن ئىككى ئىسىمدىكى مۇھەممەد، لەيلا دېگەنلەر شۇ كىشىنىڭ ئۆز ئىسمىدۇر.

ئادەتتە بىر ئادەمنىڭ ئۆز ئىسمى پەقەت بىرلا بولىدۇ. ئەمما يەنە بەزىلەرنىڭ ئۆز ئىسمى ئىككى بولۇشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن، 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى مىسىر ۋالىيسى مۇھەممەد ئەلى مانا شۇنداق ئىككى ئىسىملىك ئادەم بولۇپ، «مۇھەممەد» ۋە «ئەلى» ھەر ئىككىسىلا ئۇنىڭ ئۆز ئىسىملىرىدۇر. ئىككى ئۆز ئىسىم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەم تەڭداش ئىزاھلىغۇچى ـ تەڭداش كېلىش مۇناسىۋىتى ھەم شۇنداقلا يانداش بىرىكمە مۇناسىۋەتتە بولۇپ، بۇ خىل ھادىسە ھازىر ئانچە كۆپ ئەمەس. مەسىلەن، ئەلى زەينۇل ئابىدىن دېگەندەك.

(2) دادىسىنىڭ ئىسمى ۋە چوڭ دادىسىنىڭ ئىسمى

ئەرەبلەرنىڭ ئادەتتە قوللىنىدىغان ئىسىملىرىنى كىتاب قىلىپ نەشر قىلغىلى، ياكى رەتكە تىزىپ كىشىلەر پايدىلىنىدىغان ماتېرىيال قىلغىلى بولىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالنى جۇڭگو مەدەنىيىتىدىن تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئەرەبلەرنىڭ ئىسىملىرىدا تەكرارلىق بەك كۆپ. تەكرار ئىسىم ئەرەب دۆلەتلىرىدە ئومۇميۈزلۈك ئەھۋال بولۇپ، خالىغان بىر پارچە گېزىت، ياكى ژۇرنالنى قولغا ئالسىلا ئۇنىڭدىن بىرنەچچە «مۇھەممەد»، «ئەلى» دىن ئىبارەت ئەرلەرنىڭ ئىسىملىرىنى، «لەيلا»، «ئائىشە» قاتارلىق ئاياللارنىڭ ئىسىملىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. تەكرار ئىسىملارنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئەرەبلەر ئۆز ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا ئادەتتە دادىسىنىڭ، چوڭ دادىسىنىڭ ئىسىملىرىنى قوشۇپ ئاتايدۇ؛ ئالاھىدە ئەھۋالدا بوۋىسىنىڭ، ئۇلۇغ بوۋىسىنىڭ ئىسىملىرىنىمۇ قوشىدۇ؛ ياكى ئانىسىنىڭ ۋە چوڭ ئانىسىنىڭ ئىسىملىرىنى ئۆزىنىڭ تولۇق ئىسمىنىڭ بىر قىسمى قىلىدىغانلارمۇ بار. دادىسىنىڭ ئىسمى، چوڭ دادىسىنىڭ ئىسمى قاتارلىقلار ئۆز ئىسمى بىلەن يانداش مۇناسىۋەتتە بولۇپ، بىر ياندىشىپ بېرىكمە، ياكى كۆپ ھالقىلىق ياندىشىپ بېرىكمە مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرىدۇ. مەسىلەن:

كەمال دەرۋىش

كەمال خالىد

ئادىل ئەبدۇلكەرىم ياسىن

ئادىل يەھيا

جەمال ۋەردە

جەمال ئەبدۇنناسىر

ئەرەبلەر ئادەتتە پەقەت ئۆز ئىسمىغىلا ئەھمىيەت بېرىدۇ. دادىسى، چوڭ دادىسى قاتارلىق ئەجدادلىرىنىڭ ئىسىملىرىغا ئانچىلا ئېتىبار قىلىپ كەتمەيدۇ. يېزىلاردا، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ياشايدىغان كىشىلەر ھەتتا ئۆزىنىڭ چوڭ دادىسىنىڭ ئىسمىنىمۇ بىلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەرەبلەرنىڭ ئۆز ئىسمىنىڭ ئاخىرىدىكى دادىسىنىڭ، چوڭ دادىسىنىڭ ئىسىملىرى پەقەت تەكرارلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈنلا ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئۇ، ھەرگىزمۇ ئۇرۇق ـ قەبىلە نامىنى بىلدۈرىدىغان فامىلە ئەمەس. شۇڭا ئۇلارنى باشقىچە بىر خىل شەكىل بىلەنمۇ ئىپادىلىگىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

ئەبدۇللا بىن مۇسا بىن نەسىر

بۇ ئادەمنىڭ ئۆز ئىسمى ئەبدۇللا، دادىسىنىڭ ئىسمى مۇسا، چوڭ دادىسىنىڭ ئىسمى نەسىر. بۇ ئىسىملارنى بىرلەشتۈرسەك، ئۇنىڭ خەت يۈزىدىكى مەنىسى «ئەبدۇللا ـ نەسىرنىڭ ئوغلى مۇسانىڭ ئوغلى» بولىدۇ. يەنە مەسىلەن:

مۇلەيلە بىنتۇ يەقدۇمە بىن ئەفسا بىن دۇئمىيى

بۇ كىشىنىڭ ئىسمىنىڭ خەت يۈزىدىكى مەنىسى «مۇلەيلە ـ دۇئمىيىنىڭ ئوغلى ئەفسانىڭ ئوغلى يەقدۇمەنىڭ قىزى» بولىدۇ.

بۇ خىل ئەھۋال قەدىمكى دەۋرلەردە نىسبەتەن كۆپ ئىدى، ھازىر ئانچە ئۇچرىمايدۇ.

(3) باشقا ئىسمى

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ، بىر كىشىنىڭ ھەقىقىي ئىسمىدىن باشقا يەنە بىر نامىنى بىلدۈرىدۇ. باشقا ئىسىم ئەرەبلەردە ئۆز ئىسمىنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلغان بولۇپ، ئۇ تولۇق ئىسمىنىڭ بىرقىسمى ھېسابلىنىدۇ. شەكىل جەھەتتىن قارىغاندا باشقا ئىسىم ـ «ئەبۇ، ئۇممۇ»، ياكى «بىن، ئىبن، بىنتۇ»، ۋە ياكى «ئەخۇ، ئۇختۇ»، ياكى «ئەممە، ئەممەتە»، ياكى «خال، خالە» قاتارلىقلارنىڭ يەنە بىر ئىسىم بىلەن بېرىكىشىدىن تەشكىل تاپىدۇ. بۇنىڭدىن ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغىنى

«ئەبۇ، ئىبن» دۇر. بۇلارنى گورۇن جەھەتتىن كۆزەتكەندە، باشقا ئىسىم ئادەتتە ئۆز ئىسمىنىڭ ئاخىرىدا بولىدۇ. باشقا ئىسىملارنىڭ بەزىلىرى «x x x نىڭ دادىسى» ، «x x x نىڭ ئوغلى» دېگەندەك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. ئەبۇ، ئىبن... قاتارلىق سۆزلەر بۇ خىل ئىككى ئىسىملىك بارلىق كىشىلەرنىڭ قانداشلىق مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. باشقا ئىسىملارنىڭ بەزىلىرى پەقەت ئوخشىتىش مەنىسىنى ياكى سىمۋوللۇق مەنىنىلا ئىپادىلەيدۇ. باشقا ئىسىم بىلەن ئۆز ئىسمىنىڭ مۇناسىۋىتى ئىزاھلاش خاراكتېرىدىكى تەڭداش مۇناسىۋەت ـ تەڭداش كېلىش مۇناسىۋىتى بولىدۇ.

قانداشلىق، تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان باشقا ئىسىملار:

مۇھەممەد بىن ئەھمەد (مۇھەممەد ئەھمەدنىڭ ئوغلى)

مۇنىر ئەبۇ ئەيتا (مۇنىر ئەيتانىڭ دادىسى)

هىندۇ بىنتۇ مۇر (هىندۇ مۇرنىڭ قىزى)

ئوخشىتىش ياكى سىمۋوللۇق مەنىنى ئىپادىلەيدىغان باشقا ئىسىملار:

مەھمۇد ئەبۇ ئەييۇب

ئەبدۇلئەزىز بىن سەئۇد

خەدىجە ئۇممۇل مۇئمىنىن

يۇقىرىدىكى باشقا ئىسىملارنى خەت يۈزىدىن كۆزەتكەندە يەنىلا پالانىنىڭ دادىسى، پالانىنىڭ ئوغلى، ياكى پالانىنىڭ ئانىسى دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇنىڭدا بىر خىل يوشۇرۇن سىمۋوللۇق مەنە بار. «ئەبۇ ئەييۇب» تارىخىي شەخس ئەييۇبنىڭ قەيسەر ئىرادىسىگە سىمۋول قىلىنغان بولۇپ، جەسۇر، چىدامىلىق، سەۋرچان بولۇشقا قارىتىلغان. ئەسلىدە ئۇ، قوملۇقتا ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇققا چىداپ، سەپەر مۇشكۇلاتلىرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان هايۋان ـ تۆگىنىڭ باشقىچە ئاتىلىشىدۇر. «بىن سەئۇد» دېگەن باشقا ئىسىم «سەئۇدنىڭ ئوغلى» دېگەنلىك بولىدۇ. چۈنكى بۇ ئىسىمنىڭ ئىگىسى سەئۇدى دۆلىتىنىڭ 19 ـ پادىشاھى ئىدى. «ئۇممۇل مۇئمىنىن» نىڭ مەنىسى «مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ ئىسىم كىشىلەرنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ باشچىسى مۇھەممەدنىڭ ئايالى خەدىجىگە بولغان هۆرمەت هېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەرەب كىشى ئىسىملىرى لۇغىتىدە ئوخشىتىش، ياكى سىمۋوللۇق مەنىنى ئىپادىلەيدىغان باشقا ئىسىملارمۇ ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن، ئەبۇ بەكرى، ئەبۇل ئەبباس، ئىبن خەلىيلە، ئىبن ئەنقەدى، ئۇممۇ كۇلسۇم دېگەنلەرگە ئوخشاش. بۇ خىل ئەھۋال شۇ ئىسىمنى قوللانغان ئادەمنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن، بەدىنىدە مەڭ (خال) بار، ياكى خال چەكتۈرۈۋالغان كىشىلەر «ئەبۇ شامە» دەپ ئاتىلىدۇ؛ ئىت، مۈشۈكلەرنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەملەر «ئەبۇ هۇرەيرە» دەپ ئاتىلىدۇ؛ بەزى ئادەملەرنىڭ دۆت ـ هاماقەتلىكىنى مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن كىشىلەر ئۇلارنى «ئەبۇ جاھىل» دەپ ئاتىشىدۇ. بۇ خىل باشقا ئىسىملار كىشىلەر تەرىپىدىن ئېيتىلىۋېرىش نەتىجىسىدە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، شۇ ئادەمنىڭ ئۆز ئىسمىدەك بولۇپ كېتىدۇ. مەسىلەن، 12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئەرەب تارىخچىسى ئىبن هاشىرنىڭ ئۆز ئىسمى «ئىززۇددىن» ئىدى. ئىبن هاشىر ئۇنىڭ باشقا ئىسمى بولۇپ، مەنىسى «ئوغۇلغا ئامراق» دېگەنلىك بولىدۇ.

قانداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان باشقا ئىسىم بىلەن ئوخشىتىش ياكى سىمۋول مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدىغان باشقا ئىسىملارنى يېزىقتا (خەت يۈزىدە) پەرقلەندۈرۈش ناھايىتى قىيىن. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئىككىسىنى پەرقلەندۈرۈشنىڭمۇ هاجىتى يوق.

(4) لەقەم

لەقەم ـ ئۆز ئىسمى، باشقا ئىسىمدىن سىرت، باشقىلار ياكى شۇ ئادەمنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن ئۇ

كىشىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن قويۇلغان نام بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى شۇ كىشىنىڭ ياكى ئەجدادلىرىنىڭ كەسپىي نامى، يەنە بەزىلىرى شۇ كىشى ياكى ئەجدادلىرىنىڭ يۇرتى، تۇغۇلغان يېرى قاتارلىقلارنىڭ نامى، بەزىلىرى شۇ كىشىنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتى، يامان سۈپەتلىرى ياكى تېرىسىنىڭ رەڭگى، فىزىئولوگىيىلىك كەمتۈكلىكىنىڭ ناملىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. لەقەملەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى يېقىنچىلىق، بىزارلىق ياكى چاخچاق مەنىلىرىگە ئىگە بولۇپ، ئىسمىدىكى ئورنى ئەڭ ئاخىرىدا بولىدۇ. لېكىن، ھەممە ئادەمنىڭ لەقىمى بولۇۋەرمەيدۇ. لەقەم بىلەن ئۆز ئىسمىنىڭ مۇناسىۋىتى ئىزاھلاش - ئىزاھلىنىش - تەڭداش كېلىش مۇناسىۋىتى بولىدۇ. مەسىلەن:

يەھيا بىن غالىب ئەبۇ ئەلى خەييات

بۇ ئادەم 9 - ئەسىردە ئۆتكەن ئەرەب ئاسترونومى بولۇپ، خەييات ئۇنىڭ لەقىمى، مەنىسى «ماشىنىچى» (سەيپۇڭ) دېگەنلىك بولىدۇ.

مۇنىرۇل بۇستانى

بۇ ئادەمنىڭ لەقىمى ئۆزىنىڭ ياكى ئەجدادلىرىنىڭ كەسپىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، مەنىسى «گۈلچى» دېگەنلىك بولىدۇ.

مۇھەممەد بەئلىبەككى

بۇ ئادەمنىڭ لەقىمى ئۇنىڭ يۇرتى ياكى ئۆزىنىڭ ۋە ئەجدادلىرىنىڭ تۇغۇلغان يېرى ئىئوردانىيىنىڭ بەئلىبەك دېگەن جايى ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، ئۇ بەئلىبەكلىك ئادەم دېگەن بولىدۇ.

ئىبراھىم سامرائى

بۇ ئادەمنىڭ لەقىمى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ياكى ئەجدادلىرىنىڭ تۇغۇلغان يېرى (سامرائـ) نى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۇنىڭ سامرائىلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

نەجمۇددىن ئەييۇبۇل ئەھدەب

بۇ ئادەم 13 - ئەسىردە ياشىغان يەمەن يازغۇچىسى ئەھدەبنىڭ لەقىمى بولۇپ، «دۈمچەك» دېگەنلىك بولىدۇ.

ئەبھەلەتۇ بىن كەئبىل ئەسۋەد

بۇ ئادەم 7 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يەمەندە يۈز بەرگەن «توپىلاڭ» نىڭ باشچىسى بولۇپ، ئۇنىڭ لەقىمى بولغان كەئبىل ئەسۋەدنىڭ مەنىسى «قارا ئادەم» دېگەنلىك بولىدۇ.

ئەبدۇللا ئەبۇ بەكرى سىددىق

بۇ كىشى مۇھەممەدتىن كېيىن خەلىپە بولغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ سادىقلىقى بىلەن «سىددىق» دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ مەنىسى «ساداقەتمەن» دېگەنلىك بولىدۇ.

ئەبۇلئەبباس سەفاھ

بۇ ئادەم 8 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى بولۇپ، ئۇ شىئە مەزھىپىدىكىلەرنى قىرغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر تەرىپىدىن «سەفاھ» دەپ ئاتالغان. مەنىسى «جاللات» دېگەنلىك بولىدۇ.

(5) كىچىكلىتىلگەن ئىسىم (يېقىنچىلىقنى بىلدۈرىدىغان ئەركىلەتمە ئىسىم)

كىچىكلىتىلگەن ئىسىم ياكى ئەركىلەتمە ئىسىم ئائىلىدىكىلەر ياكى يېقىن تونۇش كىشىلەرنىڭ يېقىنچىلىقنى ئىپادىلەش ئاتالمىسى بولۇپ، ئۇنىڭ كېلىش مەنبەئى شۇ كىشىنىڭ ئەسلى ئىسمىدۇر. ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشىدە مۇنداق ئۈچ خىل ئۇسۇل بار:

بىرىنچى، ئۆز ئىسمىنىڭ ئاساسىي ھەرپلىرىدىن يەڭگىل ئوقۇلىدىغان خالىغان ھەرپتىن بىرىنى تاللىۋېلىپ، ئۇنى تەكرارلاپ، سوزۇپ ئوقۇشتىن بارلىققا كېلىدۇ. مەسىلەن، «سەمىھە» نى سۈسۈ، سى

سى، ساسا ياكى مى مى دەپ ئاتاش.

ئىككىنچى، ئۆز ئىسمى بىلەن يىلتىزداش، مەنىداش بولغان سۆزنى كىچىكلىتىپ ئىشلىتىش بىلەن بارلىققا كېلىدۇ. مەسىلەن، «سەمىھ» نى «سۇمەييەھ» دەپ ئاتاش.

ئۈچىنچى، ئۆز ئىسمى بىلەن يىلتىزداش، مەنىداش بولغان سۆزنى مۇبالىغىلەشتۈرۈپ قوللىنىش بىلەن بارلىققا كېلىدۇ. مەسىلەن، «سەمىھ» نى «سەمۇھ»، «سەمماھ» دەپ ئاتاش.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك ئەرەبلەرنىڭ تولۇق ئىسمى ـ ئۆز ئىسمى، دادىسىنىڭ ئىسمى، چوڭ دادىسىنىڭ ئىسمى، باشقا ئىسمى ۋە لەقىمى قاتارلىق بىرنەچچە بۆلەكتىن تەركىب تاپىدۇ. بۇلارنى ئەستە ساقلاش، ئاتاش ناھايىتى بىئەپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەرەبلەر كىشىلەرنى ئاتاش ياكى چاقىرىشتا تولۇق ئىسمنى قىسقارتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ. يەنى، ئۇنىڭ تولۇق ئىسمىدىكى بىر بۆلەكنى تولۇق ئىسمىنىڭ ئورنىغا قويىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ بۆلەك كىشىلەر پىششىق بىلىدىغان ئىسمغا ئايلىنىدۇ؛ تولۇق ئىسمنى بولسا ھېچكىم بىلمەيدۇ.

تولۇق ئىسىم ئىچىدىكى قايسى بۆلەكنى تاللاشنىڭ مۇقىم قائىدىسى يوق. بۇ، ئاساسەن شۇ كىشىنىڭ خالىشى ياكى يېقىن تونۇشلىرىنىڭ ئاتاپ ئادەتلىنىشىگە باغلىق بولۇپ، بىۋاستە ئۆز ئىسمنى ئاتىسىمۇ ياكى دادىسىنىڭ، چوڭ دادىسىنىڭ ئىسمنى ئاتىسىمۇ ۋە ياكى باشقا ئىسمى ياكى لەقىمنى ئاتىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. كىچىكلىتىلگەن ئىسىم (يېقىنچىلىقنى بىلدۈرىدىغان ئەركىلەتمە ئىسىم) يېقىنچىلىقنى بىلدۈرىدىغان ۋاقىتتا قوللىنىلىدۇ. ئۇنىڭمۇ مۇقىم شەكلى يوق (يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئۈچ خىل ئۇسۇلنىڭ بىرىنى) خالىغانچە تاللاپ ئالسا بولىدۇ. لېكىن، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى، كىچىكلىتىلگەن ئىسىم ياكى ئەركىلەتمە ئىسمنى ئائىلىدىكىلەر ۋە ئىنتايىن يېقىن كىشىلەر ئارا قوللىنىشقا بولىدۇ. ئادەتتە باشقا كىشىلەر ئۇنى خالىغانچە ئىشلەتسە بولمايدۇ.

2) ئىسىمنىڭ سۆز تىپى ۋە فونېتىكىسى

شەخسنىڭ بەلگىسى بولغان ئىسىم كىشىلەرنىڭ يېزىق ياكى تىل ئارقىلىق كىتاب ياكى ئېغىزدا قوللىنىپ، ئىجتىمائىي ئالاقە قىلغانلىقىنىڭ مەھسۇلى. ئالاقە سورۇنلىرىدا چىرايلىق ھەم جاراڭلىق ئىشلىتىلىدىغان ئىسىم ئاسانلا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسىم پەقەت بىر بەلگە بولسىمۇ، لېكىن، قەدىمكى ۋە ھازىرقى، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى كىشىلەر ئىسىم قويغاندا، كۆڭۈل قويۇپ ئىزدىنىپ، تەكرار ئويلىنىش ئارقىلىق كىشىلەرگە يېقىملىق تۇيغۇسى بېرەلەيدىغان ئىسىملارنى قويىدۇ. ئەرەبلەرمۇ ياخشى بىر ئىسىم ساپ بولۇشى، تاۋۇشلار ماسلاشقان بولۇشى، ئېيتىلغاندا قۇلاققا يېقىشلىق، راۋان بولۇشى كېرەك دەپ ھېسابلايدۇ.

ئىسىمنىڭ جاراڭلىق بولۇش ـ بولماسلىقى، قۇلاققا يېقىملىق، راۋان بولۇش ـ بولماسلىقىدا ئاھاڭ مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئەرەب تىلىدا 28 ئاساسىي تاۋۇش بار. بۇ تاۋۇشلارنىڭ چىقىش ئورنى ئوخشىمايدۇ. بۇنىڭدا ئۇزۇن ـ قىسقىلىق، يۇمشاق ـ قاتتىقلىق، تەكرارلىق قاتارلىق پەرقلەر بار. ئاھاڭى (ئوقۇلۇشى) ئوخشىمايدىغان ھەرپلەر ۋە ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى ئوخشاش بولمىغان سۆز تىپلىرى ئەرەب تىلىدا بىرقەدەر ياخشى فونېتىكىلىق ئاھاڭ ۋە رىتىم ھېسسىياتىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئەرەب تىلىنى ئىنتايىن يۇقىرى ئاھاڭدارلىققا ۋە مۇزىكىچانلىققا ئىگە قىلغان. ئەنە شۇ تىلنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان ئەرەب كىشى ئىسىملىرى ئىككى ياكى بىرنەچچە ھەرپتىن تەركىب تاپقان بولسىمۇ، لېكىن ھەرپ ۋە سۆز تىپلىرىنىڭ ئۇنىڭ ئاھاڭى ۋە رىتىمىنى شەكىللەندۈرۈشتە ئوينايدىغان رولى ناھايىتى زور.

(1) ئەرەب كىشى ئىسىملىرىدىكى ھەرپلەر

ئەرەبلەردە زادى قانچىلىك كىشى ئىسمى بارلىقىنى ھېچكىم ئېنىق دەپ بېرەلمەيدۇ. بېيروت ئاممىۋى كىتابچىلىق ئىدارىسى نەشر قىلغان شەيق ئىبراۋۇتنىڭ «ئەرەب كىشى ئىسىملىرى لۇغىتى» دە 2823

كىشى ئىسمى (سىرتتىن قوبۇل قىلىنغان ئىسىملار بۇنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ) كۆرسىتىلگەن. بۇنىڭدا «الميم (م)، الراء (ر)، العين (ع)، النون» (ن) بىلەن باشلانغان ئىسىملار نىسبەتەن كۆپ، بۇنىڭ ئىچىدە «الميم» بىلەن باشلانغانلىرى جەمئىي 393 بولۇپ، بۇ ئەرەب كىشى ئىسىملىرى ئومۇمىي سانىنىڭ تەخمىنەن 14% نى ئىگىلەپ، ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ؛

«الراء» بىلەن باشلانغان ئىسىملار 226 بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ تەخمىنەن 8% نى ئىگىلەپ، ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ؛

«العين» بىلەن باشلانغان ئىسىملار 220 بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ تەخمىنەن 7.8% نى ئىگىلەپ، ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ؛

«النون» بىلەن باشلانغان ئىسىملار 215 بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ تەخمىنەن 7.6% نى ئىگىلەپ، تۆتىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

«الثاء، الذال، الظاء، الضاد» بىلەن باشلانغان ئىسىملار نىسبەتەن ئاز. بولۇپمۇ، «الظاء» بىلەن باشلانغانلىرى ئەڭ ئاز. بۇ ئىسىملار پەقەت 19 لا بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ تەخمىنەن 0.67% نى ئىگىلەيدۇ.

«الذال» بىلەن باشلىنىدىغان ئىسىملار 21 بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ تەخمىنەن 0.74% نى ئىگىلەيدۇ؛

«الضاد» بىلەن باشلانغان ئىسىملار 27 بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ تەخمىنەن 0.96% نى ئىگىلەيدۇ.

يۇقىرىدىكى بىرنەچچە ھەرپنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىدىغان بولساق «الميم، الراء، العين، النون» قاتارلىق تۆت ھەرپنىڭ ئىنتوناتسىيە جەھەتتە (بەزىلىرىنىڭ يۇمشاق، جاراڭلىق، بەزىلىرىنىڭ ياڭراق، ئېنىق بولۇشتەك) ئالاھىدىلىكلىرى بارلىقىنى بايقايمىز. «الثاء، الذال، الظال» قاتارلىق ئۈچ ھەرپ چىش ئارىلىقى تاۋۇشلىرى، «الضاد» بولسا تىل يېنى تاڭلاي تاۋۇشىدۇر، ئۇلارنىڭ تەلەپپۇز جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى ئارىلاش، چۈكمە بولۇپ، چاقىرىش، ئاتاشتا جاراڭلىق، قولاي ئەمەس.

(2) ئەرەب كىشى ئىسىملىرىنىڭ سۆز تىپلىرى ۋە شەكىللىرى

ئەرەب كىشى ئىسىملىرى يەككە ئىسىم ۋە بىرىكمە ئىسىم دەپ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. بۇنىڭ كۆپ سانلىقى يەككە ئىسىمدۇر، بولۇپمۇ ھازىرقى زامان ئىسىملىرى يەككە ئىسىملارنى ئاساس قىلىدۇ.

يەككە ئىسىم دېگىنىمىز بىر تاق سۆزدىن ھاسىل بولغان ئىسىمنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىسىملارغا سۆز تۈركۈملىرىدىن قارىغاندا مۇنداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. ئەسلى ئىسىملار: مەسىلەن، سعاد (سۇئاد)؛ عمر (ئۆمەر)؛ ئادەتتىكى ئىسىملار: مەسىلەن، ربيع (رەبىئ ـ باھار)، صباح (سەباھ ـ تاڭ سەھەر)، غزال (غەزال ـ بۆكەن)، عصام (ئىسام ـ كەمەر)؛ سۆز تومۇرىدىن تۈزۈلگەن ئىسىملار: مەسىلەن، رضا (رەزا)، بهاء (بەھائ)، اخلاص (ئىخلاس)، ابتسام (ئىبتىسام)، احسان (ئىھسان)؛ ياسالما ئىسىملار: مەسىلەن، خالد (خالىد)، مخلص (مۇخلىس)، مفرح (مۇفرىھ)؛ بۇلار ئىش ـ ھەرىكەتنى ئورۇنلىغۇچىنىڭ نامى. محمود (مەھمۇد)، موفق (مۇۋەپپەق)؛ بۇلار ئىش ـ ھەرىكەت ئوبيېكتى ئىسىملىرى. صديق (سەدىق)، حليم (ھەلىم)؛ بۇلار، مۇبالىغىلەشتۈرۈلگەن ئىسىملار. نبيه (نوبەي)، عبيد (ئۇبەيد)، حسين (ھۇسەين)؛ بۇلار كىچىكلىتىلگەن ئىسىملار. ادهم (ئەدھەم)، ذكى (زەكى)، جميل (جەمىل)، كريم (كەرىم)، حمدان (ھەمدان)؛ بۇلار، سۈپەتلەردۇر. امجد (ئەمجەد)، احمد (ئەھمەد)، اكرم (ئەكرەم)؛ بۇلار، سېلىشتۇرما ئىسىملاردۇر. سكرية (سۇككەرىيە)، حنفى (ھەنەفىي)؛ بۇلار، تەۋەلىكنى بىلدۈرىدىغان

ئىسىملاردۇر. مثقال (مىسقال)، معضاد (مىئداد)؛ بۇلار، سايمانلارنىڭ ئىسىملىرىدۇر. معبد (مەئبەد)، منهل (مەنھەل)؛ بۇلار، ئورۇن - جاي ئىسىملىرىدۇر. پېئىللارمۇ ئىسىم ئورنىدا قوللىنىلغان ئەھۋال ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، جاد (جادە)، شمر (شەممەرە)؛ بۇلار، ئۆتكەن زامان پېئىلى. يزيد (يەزىدۇ)، يشكر (يەشكۇرۇ)؛ بۇلار، ھازىرقى زامان پېئىلى. سالم (سالىم)، سامح (سامىھ)؛ بۇلار بۇيرۇق پېئىلى. ياردەمچى سۆزلەردىن تۈزۈلگەن ئىسىملار: مەسىلەن، رب (رۇببە)، ان (ئىننە) قاتارلىقلار. سىرتتىن قوبۇل قىلىنغان ئىسىملارمۇ بار. مەسىلەن، يوسف (يۇسۇپ)، مسى (مۇسا)، فيروز (فىرۇز)، تيمور (تىمۇر) قاتارلىقلار.

بىرىكمە ئىسىملار ئىككى ئىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭ تۈزۈلۈش شەكلىدىن قارىغاندا، بۇ ئىسىملارنى يەنە ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

بىرىنچى، ياندىش مۇناسىۋەتتە بىرىككەن ئىسىملار، يەنى بۇ خىل ئىسىملار ياندىش مۇناسىۋەت شەكلىدە بىرىكىپ، بىرىكمە ئىسىملارنى شەكىللەندۈرگەن. مەسىلەن، عبد الله (ئەبدۇللا)، عبد المجيد (ئەبدۇلمەجىد)، صلاح الدين (سەلاھۇددىن)، نور الدين (نۇرۇددىن). بۇ تۈردىكى ئىسىملار يەككە ئىسىملاردەك كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن، يەنىلا ئاز ئەمەس. «ئەرەب كىشى ئىسىملىرى لۇغىتى» دە بۇ تۈردىكى ئىسىملاردىن 324 ى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ تەخمىنەن 11.5% نى ئىگىلەيدۇ.

ئىككىنچى، جۈملە شەكلىدە بىرىككەن ئىسىملار، يەنى پېئىل جۈملە ياكى ئىسىم جۈملە شەكلىدە تۈزۈلگەن ئىسىملار. مەسىلەن، فتح الله (فەتھۇللا)، جاد الحق (جادەلھەق)، تابط شرا (تەبەئەتە شەررا)، الخير نازل (ئەل خەيرۇ نازىل)، السيد فاهم (ئەسسەييىد فاھىم). مۇنداق بىرىكمە ئىسىملار ھازىر قوللىنىلمايدۇ.

ئۈچىنچى، ئارىلاش بىرىككەن ئىسىملار، يەنى بىر ئىسىمنىڭ ئاخىرىغا «ويه» (ۋەيھى) قوشۇلۇپ ھاسىل بولغان ئىسىملار. مەسىلەن، سيبويه ـ سيبه + ويه (سىبىۋەيھى)، برزويه ـ برز + ويه (بەرزۇۋەيھى)، نفطويه ـ نفط + ويه (نەفتۇۋەيھى)، خالويه ـ خال + ويه (خالۇۋەيھى). بۇ تۈردىكى بىرىككەن ئىسىملارمۇ ھازىر ئانچە كۆپ ئۇچرىمايدۇ.

ئەرەب كىشى ئىسىملىرىنىڭ كۆپچىلىكى 4～6 ھەرىپتىن تۈزۈلىدۇ. دائىم قوللىنىلىدىغان سۆز تىپلىرى فاعل (پائىل)، فعيل (پەئىل)، فعول (پەئۇل)، فعال (پەئئال)، مفعول (مەپئۇل)، فعلان (پەئلان)، افعل (ئەپئەل)، افعال (ئىپئال)، مفعال (مىپئال)، افتعال (ئىپتىئال) قېلىپلىرىدا ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، سالم (سالىم)، كريم (كەرىم)، قدوس (قۇددۇس)، نزال (نەززال)، محمود (مەھمۇد)، حمدان (ھەمدان)، اكبر (ئەكبەر)، اكرام (ئىكرام)، معضاد (مىئداد)، ابتسام (ئىبتىسام).

بۇ خىل ئىسىملارنىڭ بوغۇملىرى مۇۋاپىق، ئاھاڭلىرى ماسلاشقان بولۇپ، قۇلاققا يېقىملىق ئاڭلىنىدۇ، چاقىرغاندا ياڭراق، رېتىملىرى روشەن، مول مۇزىكىدارلىققا ئىگە بولىدۇ. لېكىن، ئىككى ياكى ئۈچ ھەرىپتىن تۈزۈلگەن طه (تاھا)، خضر (خەدىر)، عبد (ئەبدۇ)، هند (ھىندۇ) دېگەنگە ئوخشاش ئىسىملار چاقىرىشقا قىسقا بولسىمۇ لېكىن، ئۇلارنىڭ رېتىم، تۈراق سەزگۈسى كەمچىل، ئاھاڭدارلىق جەھەتتىكى گۈزەللىكى يېتەرسىزرەك.

(داۋامى بار)

(چەت ئەل تىلى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى نەشرىياتى نەشر قىلغان جۇلىيې، جاڭ چۈنيىڭلارنىڭ «ئەرەب تىلى ۋە ئەرەب مەدەنىيىتى» ناملىق كىتابىدىن ئابدۇلھەمىد مۇھەممەد، مۇتەللىپ سىدىقلار ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلغان).

# دەرسخانا ئوقۇتۇشىدا مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى بىرلەشتۇرۇش مەسىلىسى

ئالىنۇر ئابدۇرەھمان
(ئىنستىتۇتىمىز سىياسىي - تارىخ فاكۇلتېتى)
ئارزۇگۇل ئابدۇرەھمان
(قەشقەر ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى)

مەدەنىيەت بىر خىل ئەنئەنە بولۇش سۈپىتى بىلەن مەلۇم مىللەتنىڭ قېلىپلاشقان تۇرلۇك پىكىر قىلىش ئۇسۇلى، كۆز قاراش شەكلىنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ئاساسەن قىممەت سىستېمىسى، بىلىم تەجرىبىسى، تەپەككۇر قىلىش شەكلى، تىل بەلگىسىدىن ئىبارەت تۆت تەركىبىي قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

## 1. مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ دەرسلىككە بولغان تەسىرى

1) مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ دەرسلىككە بولغان تەسىرى كۆپىنچە ھاللاردا ئۇنىڭ دەرسلىكنىڭ قىممەت يۆنىلىشىنى بەلگىلەيدىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. ھەرقايسى مىللەت ۋە دەۋرنىڭ مەدەنىيىتى ئۆزىنىڭ قىممەت قارىشى ۋە شۇ ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە تورمۇش ئۇسۇلىدىن ئايرىلالمايدۇ. دەۋرنىڭ ئالمىشىشىغا ئەگىشىپ، بۇ خىل قىممەت قارىشى ۋە ئىپادىلىنىش شەكلى تارقىلىش، تەدرىجىي ئۆزگىرىش ۋە يېڭىلىنىشنى باشتىن كۆچۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوخشىمىغان رايوننىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. تارىخ ھەققىدىكى قايتا ئويلىنىش شۇنى كۆرسىتىپ بەردىكى، ئوخشاشمىغان مىللەت ياكى دەۋردە توپلىنىپ شەكىللەنگەن مەدەنىيەت ئەنئەنىسىمۇ تامامەن ئوخشىمايدۇ - دە، ئۇنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن شەكىللەنگەن دەرسلىكمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ.

مائارىپ تەرەققىيات تارىخى شۇنى كۆرسىتىپ بەردىكى، دەرسلىك ئەڭ قەدىمكى پەيدا بولۇش مەزگىلىدىلا ئۇنىڭغا ئۆزىگە خاس مەدەنىيەتنىڭ تامغىسى بېسىلغان. ئۇ، بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت روھى ۋە ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش، تاللاش جەھەتتىكى قىممەت يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. سپارتاك جۇغراپىيىلىك ئورۇن ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالدىكى سەۋەبلەر تۈپەيلى، ئافىنانىڭكىگە پۈتۈنلەي ئوخشاشمايدىغان قىممەت ئۆلچىمىنى يارىتىپ، مىللىي مەدەنىيەت ئاساسىنى بارلىققا كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، ئەينى دەۋردىكى مائارىپ مەزمۇنىنىڭ ئاساسىي روھى بولۇپ قالدى. ئۇ، ئافىناغا خاس ئازادە، جانلىق، ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، ئېستېتىك، مۇلايىملىق قاتارلىق تەرەپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى تەكىتلەيدىغان مائارىپقا ئوخشىمايتتى. سپارتاك مائارىپىنىڭ پۈتكۈل ئالاھىدىلىكى ھەربىي قىسىمنىڭ ئۇنۇمىنى ئۆستۈرۈشنى نىشان قىلغان. ئوتتۇرا ئەسىر مەزگىلىدە رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ھالاك بولۇشى ۋە خرىستىئان دىنىنىڭ بىردىنلا راۋاج تېپىشى بىلەن دىن پۈتۈن ياۋروپانى قاپلاپ، غەرب فېئودال مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي يېتەكچىسى بولۇپ قالدى. خرىستىئان مۇرتلىرى ئاخىرقى زامان توغرىسىدىكى خىيالغا غەرق بولۇپ ۋە خرىستوسنىڭ قايتىدىن تىرىلىشىگە تەقەززا بولۇپ، ئىلاھلارغا چوقۇنۇپ، ئىنسان تەبىئىتىنى كەمسىتتى. بۇ خىل دىنىي قىممەت قارىشىنىڭ تەسىرى بىلەن مەكتەپلەر دەرسلىكىدە دىن

ۋە ئەخلاق تەربىيىسى كۈچەيتىلىپ، ئۆرپ - ئادەت مەزمۇنىدىكى دەرسلەرگە سەل قارالدى ياكى ئۇ پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرىگە كەلگەندە كونا مەدەنىيەتنى تەنقىد قىلىش، يېڭى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىش داۋامىدا، غەرب قىممەت قارىشى چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈردى. ئىلاھقا چوقۇنۇش ئادەمگە ھۆرمەت قىلىشقا ئۆزگەردى. ئىلاھىي ھاكىمىيەت ۋە ئىلاھىي ھېرىسمەنلىككە قارشى تۇرۇش، ئادەم تەبىئىتى ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئاساسىدا «گۇمانىزىزم» دىن ئىبارەت يېڭى دۇنيا قاراش شەكىللەندى. دەل مۇشۇنداق كۆز قاراشنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرى يېتىپ كېلىپ، دەرسلىكلەر پەن دائىرىسى ۋە مەزمۇن جەھەتتە ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان تەرەققىياتقا ئېرىشىپ، گۇمانىتار پەنلەرنى يادرو قىلغان يېڭى سىستېما شەكىللەندى. غەرب دەرسلىكلىرىدە نەچچە ئەسىردىن بۇيان خاراكتېرنىڭ يېتىلىشىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىززىتىنىش روھىنى تەشەببۇس قىلىش ئالاھىدىلىكى ساقلىنىپ كەلدى.

پەن - تېخنىكا ئىنقىلابىدىن كېيىن، پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنىڭ كۆپىيىشى دەرسلىككە يېڭى مەزمۇن قوشتى؛ گۇمانىتار پەنلەرنىڭ مۇھىم ئورنى تەۋرىنىپ قالدى، لېكىن ئىنسانلارنى قەدىرلەش، ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش روھىغا ئەھمىيەت بېرىش ئىدىيىسى ئۆزگەرمىدى. مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ مۇھىم ئامىللىرى بولغان كىشىلىك قەدىر - قىممەتنى يۈكسەك بىلىش ۋە ھۆرمەتلەش ئېڭى تەسىرىنى ھازىرقى زامان غەرب دەرسلىكلىرىدىن ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

2) مەدەنىيەت ئەنئەنىسى كىشىلەرنىڭ دەرسلىك مەزمۇنىنى تاللىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ئوخشاشمىغانلىقتىن ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ تىلى دەرسلىك مەزمۇنىنىڭ بىر تەرىپى قىلىنىدۇ. مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۆرپ - ئادەتلەر، ئەدەبىيات - سەنئەت، مۇزىكا، گۈزەل سەنئەت، ئۇسسۇل، خەتتاتلىق شۇنىڭدەك ھۈنەر - سەنئەت تېخنىكىلىرى دەرسلىك مەزمۇنىدا بىرقەدەر مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئوخشاشمىغان مەدەنىيەتلەرنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ دەرسلىك مەزمۇنىنى تاللاشقا بولغان تەسىرىنى تېخىمۇ ئېنىق ھېس قىلغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، جۇڭگو ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدىن قۇللۇق جەمئىيەتكە ئۆتكەندىن كېيىن ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرى پۈتۈنلەي تازىلانمىدى، ئۇرۇقداشلىق ئاساسىدىكى قانداشلىق ئالاقىسىمۇ ئۈزۈلمىدى. جۇ سۇلالىسىگە كەلگەندە دىنىي تۈزۈم ئورنىتىلدى. دېمەك، جۇڭگولۇقلارنىڭ يوسۇنغا ۋە قارىلىق تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى چوڭقۇر تارىخىي مەنبەگە ئىگە. بۇ خىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ئەينى ۋاقىتتىكى دەرسلىك مەزمۇنلىرىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى. جۇڭگو قۇللۇق جەمئىيەت مەكتەپلىرىدىكى دەرسلىك مەزمۇنىنى مۇنداق ئالتە تەرەپكە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: ئۇلار قائىدە - يوسۇن، مۇزىكا، مەرگەنلىك، مۇداپىئە، خەتتاتلىق، ھېساب قاتارلىقلار. بۇلارنىڭ ئىچىدە قائىدە - يوسۇن مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. جۇڭگو فېئوداللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندىن كېيىن، دەرسلىك مەزمۇنى نومنى ئۆگىنىشنى ئاساس قىلدى. ئوقۇغۇچىلار ئاساسلىقى «تۆت كالام»، «بەش نوم»، «ئۈچ ئەركان»، «بەش ئەھكام» قاتارلىق بىريۈرۈش فېئودال ئەخلاق قائىدىلىرىنى ئۆگەندى. بۇلار دەرسلىك مەزمۇنىدا مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن ئىدى. گەرچە يېقىنقى زاماندىكى داغدۇغىلىق ماگارىپ ئىسلاھاتىدا نومنى تەپسىر قىلىش ۋە قىرائەت قىلىش دەرسلىكنىڭ داۋاملىق باش تېمىسى بولغان بولسىمۇ، ئەخلاقىي تەربىيە ۋە ئېتىكا كۆز قارىشىنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش يەنىلا ھەرقايسى سۇلالىلەر، ھەر بىر مىللەتنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى بولۇپ كەلگەن ئىدى. لېكىن بۇنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈۋەتكەندە، ھەر خىل ناچار خاھىشلارمۇ كېلىپ چىقاتتى. خۇسۇسەن ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ھەددىدىن زىيادە ئەھمىيەت بېرىلىپ، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش ۋە بويسۇندۇرۇش ئارزۇسىغا سەل قارالدى. ئەمما، غەرب جەمئىيىتىدىكى ئەھۋال بۇنىڭغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. گىرېتسىيە، رىم قۇللۇق جەمئىيىتى دەۋرىدە غەرب جەمئىيىتىدە ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرى ئاللىبۇرۇن يوقالغان بولۇپ، دىنىي تۈزۈممۇ يوق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن غەرب مەدەنىيىتىدە ئەدەب - ئەخلاق ۋە ۋاپادارلىق ئەنئەنىسى كەمچىل

ئىدى.

يېقىنقى زاماندا ھەرقايسى دۆلەتلەردە مەدەنىيەت ئەنئەنىسى دەرسلىك مەزمۇنىنى تاللاشقا داۋاملىق تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ. مەسىلەن، فرانسىيىنىڭ ئەقلىچىلىق مەدەنىيەت قىممەت قارىشىنىڭ تەسىرىدىن فرانسىيە دەرسلىكلىرىنىڭ مەزمۇنىدا گۇمانىتار پەنلەرگە ئەھمىيەت بېرىلىپ، ئەمەلىي قوللىنىشچان تېخنىكا تەربىيىسىگە سەل قارالغان. لېكىن، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، پەن ـ تېخنىكا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى، بۇنىڭ تۈرتكىسىدە فرانسىيە دەرسلىك قۇرۇلمىسىنى كېڭەيتىپ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ مەزمۇنىغا نىسبەتەن تەڭشەش ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولدى. 1890 ـ يىلدىن باشلاپ، كلاسسىك مەزمۇن بىلەن ھازىرقى زامان مەزمۇنلىرى بىرلەشتۈرۈلگەن ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكى تەسىس قىلىندى. لېكىن ئەمەلىيەتتە كلاسسىك دەرسلىك يەنىلا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ كەلدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئەقلىچىلىق ئاساسىي يېتەكچى قىلىنغان نوپۇزلۇق دەرسلىكلەر تەۋرىنىپ قالدى. شۇنداقتىمۇ، ھازىرقى زامان تىلى، پەن ـ تېخنىكا ۋە ئەمەلىي قوللىنىشچان پەنلەرگە سەل قارايدىغان ئىدىيىنىڭ تەسىرى يەنىلا مەۋجۇت ئىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا فرانسىيە ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپنى ئىزچىل تۈردە ئىسلاھ قىلدى. بىرىنچى باسقۇچتىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ ئاز ساندىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى نىشاننى بارلىق بالىلارغا ئۇنىۋېرسال تەلىم ـ تەربىيە ئېلىپ بېرىشقا ئۆزگەرتتى. كلاسسىك تىل (لاتىن تىلى ۋە گرېتسىيە تىلى) تاللاپ ئوقۇلىدىغان دەرسلىككە ئۆزگەرتىلدى. ھازىرقى زامان تىلى، ماتېماتىكا ۋە باشقا تەبىئىي پەنلەر دەرسلىكلەر ئىچىدە يادرولۇق ئورۇننى ئىگىلىدى. ھەر خىل ئەمەلىي قوللىنىشچان كەسپىي تېخنىكىلىق مائارىپ مۇنتىزىم ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ دائىرىسىگە كىرىشكە باشلىدى. لېكىن باشقا دۆلەتلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، فرانسىيە دەرسلىكلىرىدە ئوقۇغۇچىلارغا مەدەنىيەت تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىلدى. بۇنىڭ كۆرۈنەرلىك ئىپادىلىرىدىن بىرى ماتېماتىكىنى ئۆلچەم قىلىپ، ئۇنىڭغا قەدىمكى تىلنىڭ ئورنىنى ئىگىلىتىپ، ئۇ، جەمئىيەت سەر خىللىرىنى تاللاشتىكى ۋاسىتە قىلىندى. يۇقىرىدىكى ئەقلىچىلىق قىممەت قارىشىدىن باشقا مىللەتپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك مەدەنىيەت ئەنئەنىسىمۇ فرانسىيە يېقىنقى زامان ۋە ھازىرقى زامان دەرسلىكلىرى مەزمۇنىغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى. فرانسىيە ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدە فرانسۇز تىلى، تارىخ، جۇغراپىيە ئوقۇتۇشىغا ئەھمىيەت بېرىلدى. ئوقۇغۇچىلارغا فرانسىيە مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ماس كېلىدىغان قىممەت قارىشى ۋە ھەرىكەت ئۆلچىمى پۈتۈن كۈچ بىلەن سىستېمىلىق سىڭدۈرۈلۈپ، بۇ دۆلەتنىڭ دۇنيادىكى ئورنى گەۋدىلەندۈرۈلدى. ئوقۇغۇچىلار فرانسىيە جۇمھۇرىيىتىنى قىزغىن سۆيىدىغان گراژدان قىلىپ يېتىشتۈرۈلدى.

مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ دەرسلىككە بولغان تەسىرى يەنە دەرسلىك ۋە دەرسلىك ماتېرىيالىنىڭ تەشكىللىنىشىدە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ جەھەتتە غەرب بىلەن جۇڭگونىڭ پەرقى شۇكى، ئالدىنقىسى جەريانغا، كېيىنكىسى نەتىجىگە ئەھمىيەت بېرىشتە؛ ئالدىنقىسى ئۆگىنىشكە، كېيىنكىسى ئوقۇتۇشقا قولايلىق بولۇشتا؛ ئالدىنقىسى تاللاشقا، كېيىنكىسى يىغىنچاقلاشقا ماھىر بولۇشتا ئىپادىلەندى.

قىسقىسى، يۇقىرىقى تۆرلۈك مەسىلىلەر شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ دەرسلىككە بولغان تەسىرىنى ھەر جەھەتتىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. دەرسلىك مەلۇم بىر خىل مەدەنىيەتنىڭ ئېھتىياجى بولغاچقا، ئۇ، ئۆزىنىڭ سىستېمىسى ۋە رامكىسىنى شۇ بويىچە شەكىللەندۈرىدۇ. بۇنى ئېتىراپ قىلمىغاندا دەرسلىكنى تېخىمۇ چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلغىلى، ئۇنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئاساسىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ھەققىدە ئەتراپلىق چۈشەنچە ھاسىل قىلغىلى بولمايدۇ.

## 2. دەرسلىكنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە بولغان تەسىرى

مەلۇمكى مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ئىرسىيەت شەكلى ئارقىلىق ئەمەس، تارقىتىش شەكلى بىلەن ئىزچىل تەرەققىي قىلىدۇ. مائارىپ مۇشۇ تەلەپنى قاندۇرۇش مەقسىتىدە مەيدانغا كەلگەن. دەرسلىك پەيدا بولغاندىن

كېيىن، ئۇ، ماھارىپ ساھەسىدە كىشىلەرنىڭ تونۇشى ۋە ئەمەلىي نەتىجىلىرىنى، قىممەت قارىشى، گۈزەللىك تۇيغۇسى ۋە ئەخلاق ئۆلچىمى قاتارلىق مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى تارقىتىشتىكى مۇھىم ۋاستە بولۇپ قالدى. شۇڭا، دەرسلىك مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇنى تىزگىنلەيدۇ.

1) دەرسلىك مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى ساقلاش، تارقىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە. تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ھەم ئەجدادلار ۋە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەھسۇلى، ھەم يېڭى بىر ئەۋلادنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىش ۋە تۇرمۇش كۆچۈرۈشىنىڭ ئاساسى ۋە زۆرۈر شەرتى. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىنى مەسىلەن، قىممەت قارىشى، گۈزەللىك تۇيغۇسى، ئەخلاق ئۆلچىمى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئۆرپ - ئادەت قاتارلىقلارنى بىئولوگىيىلىك ئىرسىيەت قالدۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ساقلاپ قېلىش ياكى تارقىتىش مۇمكىن ئەمەس. ۋاھالەنكى ئىنسانلار توپلىغان مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ناھايىتى كۆپ، ئەكسىچە ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپتە ئۆگىنىدىغان ۋاقتى چەكلىك بولغاچقا، بۇ زىددىيەتنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، دەرسلىككە مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ جەۋھىرىنى يەنى كىشىلەر ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش جەريانىدا چوقۇم ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئاساسىي مەدەنىيەتنى تاللاپ كىرگۈزۈش كېرەك. ئەڭ كېرەكلىك، ئەڭ ئاساسىي مەدەنىيەت دېگىنىمىز بىر تەرەپتىن ئومۇمىيلىققا ياكى ئورتاقلىققا ئىگە بولغان، يەنە بىر تەرەپتىن باش - ئايىغى بولغان، كەڭ ماكان، ئۇزۇن زامانغا ۋە ھەر خىل شەيئىلەرگە ماس كېلىدىغان، ئەۋلادلارنىڭ كېيىنكى ئۆگىنىشى ياكى ھەر خىل كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان مەدەنىيەت تەجرىبىلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

2) دەرسلىك مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىغا ئىگە. بۇ ئارقىلىق ئۇ مەدەنىيەتنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. دەرسلىك مەدەنىيەتنى تارقىتىش داۋامىدا ئەزەلدىن ئۇنى ئاددىي ھالدا كۆچۈرۈپ قويغان ئەمەس. بەلكى، جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى، تەربىيىلەنگۈچىلەرنىڭ ئوخشاشمىغان جىسمانىي ۋە روھىي ھالىتى، شۇنداقلا دەرسلىك تۈزگۈچىنىڭ ئۆز قىممەت قارىشىدىكى پەرق مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە يېڭى مەزمۇن ئاتا قىلىدۇ، ياكى ئىجتىمائىي ئامىللارنىڭ قايتا تەشكىللىنىشى، رەتلىنىشى، بىرىكىشى مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ خاراكتېرى، ئىقتىدارى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، يېڭى مەدەنىيەت ئامىللىرىنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. مەدەنىيەتنىڭ بۇ خىل كۆپىيىش ھادىسىسى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ مەلۇم بىر خىل ئۆزگىرىشتىن كېيىنكى قايتا پەيدا بولۇش جەريانى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، دەرسلىك مەدەنىيەتنى تارقىتىدىغان بىر خىل ۋاستە بولۇپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى مەدەنىيەتنىڭ كۆپىيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىغا ئىگە. ئەگەر دەرسلىكنىڭ مەدەنىيەت تارقىتىشى كونكرېت كىتاب ياكى يېزىقىلا مەركەزلىشىپ قالسا، ئۇ، ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىيالمايدۇ. پەقەت، ئۇ دەرسلىك ئەمەلىيىتى ئارقىلىقلا ئاندىن مەدەنىيەتنى ئۆگەنگۈچىگە يەتكۈزۈپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا قاتنىشىشىدىكى مۇھىم تەجرىبىسى ۋە ۋاسىتىسى بولالايدۇ؛ مۇشۇنداق قىلغاندىلا بۇ خىل مەدەنىيەت ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە قىممىتىنى نامايەن قىلالايدۇ.

3) دەرسلىك يەنە تاللاش، رەتلەش ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى بېيىتىش رولىغا ئىگە. مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى دەرسلىك ئارقىلىق تارقىتىش، ساقلاش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش ئۆز ئەينى كۆچۈرۈش بولماستىن، بەلكى ئۆگەنگۈچى بىلەن ئۆگەتكۈچىنىڭ بىر خىل قوش قاتلاملىق تاللىشىنى، رەتلىشىنى ۋە بېيىتىشىنى باشتىن كۆچۈرىدىغان جەريان. بۇنىڭ سەۋەبى بىرىنچىدىن، دەرسلىك تەلىم - تەربىيە مەزمۇنىنى بەلگىلەش ۋە ئۆگىنىشتىن ئايرىلالمايدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە تەربىيىلىگۈچى بىلەن تەربىيىلەنگۈچىنىڭ ئىجتىمائىي ئېھتىياجىغا، شۇنداقلا، شەخسنىڭ پسىخىك مايىللىقى، قىزىقىشى ۋە تەجرىبىسىگە ئاساسلىنىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان تاللاش جەريانىدۇر. ئىككىنچىدىن، دەرس دەرسلىك ماتېرىيال تۈزۈشتىن ئايرىلالمايدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى رەتلەش جەريانى بولۇپ، ئۇ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ ھەر خىل ئالاھىدىلىكلىرىنى سىستېمىلاشتۇرۇپ، ياش ئەۋلادلارنىڭ قوبۇل

قىلىشىغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ. ئۈچىنچىدىن، دەرسلىك ئارقىلىق مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى بېيىتىدۇ. مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ يوللىرى ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭ ئىچىدە دەرسلىك يەنىلا ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋاسىتىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بىر تەرەپتىن دەرسلىك ئېنىق مائارىپ نىشانى بويىچە مەدەنىيەتكە نىسبەتەن ياخشىسىنى تاللاپ، ناچىرىنى شاللاش ئېلىپ بارىدۇ، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆز مىللەت مەدەنىيەت سىستېمىسىنىڭ يادروسىغا كىرگۈزەلەيدۇ، سىرتتىن كىرگەن مەدەنىيەتنى قارىغۇلارچە قوبۇل قىلىشتىن ساقلىنالايدۇ. يەنە بىرتەرەپتىن، دەرسلىك ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھىرىنى تارقىتىش رولىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ. ھەر خىل تىپتىكى مەدەنىيەت يەنى ئىلمىي، ئىجتىمائىي خاراكتېردىكى، ماھارەت خاراكتېرىدىكى مەدەنىيەتلەر دەرسلىككە پىلانلىق ھالدا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، پەن - تېخنىكا دەرسلىكى، پائالىيەت دەرسلىكى، ئاشكارا دەرسلىك، يوشۇرۇن دەرسلىك قاتارلىق كۆپ خىل شەكىل ۋە يوللار بىلەن ئۆگەنگۈچىلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىلىدۇ. ھەر خىل مەدەنىيەتنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىشى، ئالماشتۇرۇلۇشى، قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىلغار مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى قوبۇل قىلىشقا پايدىلىق شارائىت ھازىرلىنىپ، مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى زور دەرىجىدە بېيىتىلىدۇ.

مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە تەرەققىياتىدىن قارىغاندا، ھەر بىر مىللەتتە ئۆز مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ساقلاش خاھىشى كۈچلۈك بولىدۇ. بۇ، شۇ مىللەت ياشىغان زېمىن دائىرىسىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئۇسۇلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى خاس مەدەنىيەت ئوخشاش مىللەتنىڭ ئۆزئارا چىقىشىش، ئۆزئارا ياردەم قىلىشىدىكى مۇھىم بەلگىسى. ئۇ، بىر مىللەتنىڭ مىللىي غۇرۇرى، ئىپتىخار تۇيغۇسىنى بارلىققا كەلتۈرۈشتىكى روھىي كۈچ بولالايدۇ ھەم شۇ مىللەتنىڭ ئالاھىدە مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە سىڭىپ كەتكەن پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەش ئۇسۇلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. پسىخولوگلارنىڭ تەتقىق قىلىپ ئىسپاتلىشىچە، ئىنسانلار ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە ئېرىشكەن دەسلەپكى تەجرىبىلەرنى ئۆمۈر بويى ئەستە ساقلىيالايدىكەن. شۇڭا، ھەرقايسى مىللەتلەر بالىلارنى تەربىيىلەش جەريانىدا ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا ئۆز مىللىتىنىڭ قىممەت قارىشى، تەپەككۇر قىلىش ئادىتى، تىلى، ئۆرپ - ئادىتىنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇرىدىكەن.

دەرسلىكنىڭ ئەنئەنىنى توپلاش، تارقىتىش، تاللىشىدىكى مەقسەت ئەنئەنە ئارقىلىق تارىخنى تونۇش، ھازىرنى چۈشىنىش، بۇ ئارقىلىق كەلگۈسى نىشانغا يېتىشتىن ئىبارەت. ھازىرقى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ئېتىبار بېرىشتە بىز ئۇنى ساقلاش، تارقىتىشقىلا ئەھمىيەت بېرىپ قالماستىن، بەلكى قايتا ئويلىنىپ، ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كۆڭۈل بۆلۈشىمىز لازىم. ھازىرقى ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى مەلۇم مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بىلەن باغلىنىشلىق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقايسى دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى شۇ مىللەتنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولىدۇ. بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئوخشاشمىغان مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى مەنبە قىلىدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، مائارىپتا ئىنسانلار يارىتقان ئورتاق مەدەنىيەتكە ئەھمىيەت بېرىپلا قالماستىن، بەلكى دەرسلىك ئارقىلىق مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىشىمىز، ئۇنى ساقلاش بىلەنلا قالماي، بەلكى شۇ مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىگىلەپ، مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئۆگىنىشنى شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت قىممەت قارىشى ۋە تەرەققىياتى بىلەن ئۈنۈملۈك ماسلاشتۇرۇشىمىز كېرەك.

# ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردە پسىخىكىدىن مەسلىھەت بېرىش ئورۇنلىرىنى تەسىس قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا

رەھمىتاي ئابدۇۋەلى
(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى مائارىپ فاكۇلتېتى لېكتورى)

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، بارغانسېرى كۆپلىگەن كىشىلەر ياش - ئۆسمۈرلەر ۋە بالىلارنىڭ پسىخىك ساغلاملىق مەسىلىسىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭ يېڭى بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ساپاسى ۋە مىللەتنىڭ كەلگۈسىگە تاقىلىدىغان مۇھىم ئىش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتمەكتە. يېقىندا يۈز بەرگەن تۆۋەندىكى ئىككى ۋەقە بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ:

بىرسى، جېجياڭ ئۆلكىسى جىڭخۇا شەھىرى 4 - ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 - يىللىق ئوقۇغۇچىسى xx ئۆگىنىش نەتىجىسىنىڭ سىنىپتىكى رەت تەرتىپىگە ۋە ئاتا - ئانىسىنىڭ بېسىمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي بولقا بىلەن ئۆز ئانىسىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

يەنە بىرسى: خېنەن ئۆلكىسى ئەنياڭ شەھىرىدىكى مەلۇم بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئائىلە باشلىقلىرى ئۆزىنىڭ بالىسىنىڭ «ئۇچىتە ياخشى ئوقۇغۇچى» ۋە پىئونېرلار ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى بولۇپ سايلانمىغانلىقى ئۈچۈن، ئادەم باشلاپ كېلىپ سىنىپ تەربىيىچىسىنى ئۇرغان (ئەلۋەتتە، ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس پسىخىكىسى بولغىنىدەك ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ۋە بالىلارنىڭ ئائىلىگە، جەمئىيەتكە ۋە مەكتەپكە بولغان قارشىلىقىنى ئىپادىلەش ئۇسۇلىدا ۋە دەرىجىسىدە مۇئەييەن پەرق بولىدۇ).

ھازىرقى يالغۇز پەرزەنتلىك ئائىلىلەر بالىلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئىقتىسادىي كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، ئەۋزەل ئۆگىنىش شارائىتى يارىتىپ بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئاتا - ئانىلار ھېس قىلالمايدىغان، پەرزەنتلەر ئۈچۈن يەڭگىلى بولمايدىغان رىقابەتلەر، توسالغۇلار، بېسىملارنىمۇ پەيدا قىلماقتا. شۇڭا، ياش - ئۆسمۈرلەر ۋە بالىلار تۈرلۈك - تۈمەن رىقابەتلەر تۈپەيلىدىن پسىخىكا جەھەتتىكى بېسىملارنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، تۇرمۇشتا يېڭى مۇھىتقا قانداق ماسلىشىش، ئۆگىنىش ئۇسۇلى ۋە كەسپىنى قانداق تاللاش، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش، غايە ۋە رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش، مۇھەببەتلىشىش داۋامىدىكى زىددىيەتلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەردە گاڭگىراپ قالماقتا. مانا بۇ جەھەتلەردە ئۆز ۋاقتىدا توغرا، ئەتراپلىق ۋە سەممىي يېتەكلەشكە ئېرىشەلمەسلىك سەۋەبىدىن ئۇلاردا ئۆزىنى كەمسىتىش، ئۆزىنى يېگانە ھېس قىلىش، ئاسان ئاچچىقلىنىش، ئاسان جىلى بولۇش، قورقۇش ۋە قورۇنۇش، ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشتىن رايى قايتىش، دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرەلمەسلىك، خاتىرىسى چېكىنىش، مەكتەپتىن قېچىش، ھەتتا ئېغىر بولغاندا ئۆزىنى مېيىپ قىلىۋېلىش ياكى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلۈپ، بۇ، ئەۋلادلارنى ئەتراپلىق تەربىيىلەپ، ساپا مائارىپىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇشقا نىسبەتەن نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كەلمەكتە.

ئەگەر بىزنىڭ كۆزىمىز بالىلارنىڭ يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇشى، ئىشقا ئورۇنلىشىشى، تۇرمۇشلۇق

بولۇشى، ئۆي مەسىلىسى قاتارلىقلارغىلا تىكىلىپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ پسىخىك ساغلاملىقىغا، يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى بايقاشقا، ئېچىشقا سەل قارايدىغان بولساق، ئۇلارغا بەرگەن بۇ خىل مۇھەببىتىمىز تازا ئاقىلانە بولماي قالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سانسىزلىغان تالانت مەنبەلىرى ئاستا ـ ئاستا نابۇت بولۇپ، بىرقاتار قورقۇنچلۇق ئاقىۋەتلەر يۈز بەرمەيدۇ دېگىلى بولمايدۇ.

شۇڭا، ياش ـ ئۆسمۈرلەر ۋە بالىلارنى ساغلام يېتىلدۈرۈش ۋە ئەتراپلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ياخشى مەكتەپ شارائىتى، ئىلمىي ئوقۇتۇش تۈزۈمى، قابىل مەكتەپ رەھبەرلىك بەنزىسى، سەرخىل ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى ۋە كەڭ دائىرىلىك ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى بولۇشى، ئۇلارنى ياخشى ئەخلاقىي پەزىلەتكە ئىگە قىلىپ تەربىيىلەش ئۈچۈن ئائىلە، جەمئىيەت، مەكتەپ تەڭ سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، ھەرقايسىسى ئۆز بۇرچىنى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئادا قىلىشى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ پسىخىك ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، خەلقىمىزنىڭ پسىخىك ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەردە مەخسۇس پسىخىكىدىن مەسلىھەت بېرىش ئورۇنلىرىنى تەسىس قىلىپ، پسىخىكىدىن مەسلىھەت بېرىش مەخسۇس خادىملىرىنى ئىشقا قويۇشى كېرەك.

چەت ئەللەردە، شۇنخەدەك، شياڭگاڭ، ئاۋمېن ۋە تەيۋەن قاتارلىق رايونلاردا ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانىغا قاراپ مەكتەپلەردە پسىخىكىدىن مەسلىھەت بەرگۈچى خادىملار ئىشقا قويۇلىدۇ. جۇڭگونىڭ ئىچكى جايلىرىنىڭ ئەھۋالىنى چەت ئەللەرگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ ناچار، ھەتتا ئۇنى بىر «بوش ساھە» دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالغا نىسبەتەن بىز يەنىلا قول قوۋۇشتۇرۇپ ئولتۇرىدىغان بولساق، ئەۋلادلارغا قانداق يۈز كېلەلەيدىغانلىقىمىزنى ھەر بىر مائارىپ خىزمەتچىسى ئويدانراق ئويلىشىپ باقساق بولىدۇ.

بەختكە يارىشا بۇ ئىش دۆلەتنىڭ ئالاقىدار ئورۇنلىرى ۋە كۆپلىگەن بىلىملىك زاتلارنىڭ يۈكسەك دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغاپ، بۇ «بوشلۇق» نى تولدۇرۇش قىزغىنلىقى مەيدانغا كەلدى. شۇڭا، بىزمۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، بۇ ئىش ئۈچۈن باش قاتۇرۇشىمىز ۋە ئەمەلىي ئىش قىلىشىمىز زۆرۈر.

## 1. پسىخىكىدىن مەسلىھەت بېرىش دېگەن نېمە؟

پسىخىكىدىن مەسلىھەت بېرىش ـ كىشىلەر ئارا مۇناسىۋەت يولى ئارقىلىق، پسىخولوگىيىلىك ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ، مەسلىھەت بېرىش ئوبيېكتلىرىغا ياردەم بېرىش ۋە يول كۆرسىتىش جەريانىدۇر.

ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاساسلىقى مەكتەپلەردە تەسىس قىلىنغان پسىخىكىدىن مەسلىھەت بېرىش ئورۇنلىرىدىكى مەسلىھەت بەرگۈچىلەرنىڭ پسىخولوگىيىلىك قائىدە ۋە ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشى، مۇھىتقا ماسلىشىشى، كەسپ تاللىشى قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا بىۋاسىتە ۋە ۋاستىلىق ھالدا يېتەكچىلىك قىلىشى ۋە ياردەم بېرىشى ھەمدە بەزى پسىخىك جەھەتتىكى توسالغۇلار ۋە يېنىك تىپتىكى روھى كېسەللىكلەرگە نىسبەتەن دىئاگنوز قويۇشى ۋە داۋالاش ئېلىپ بېرىشى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

## 2. پسىخىكىدىن مەسلىھەت بېرىش ئورنىنى تەسىس قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى

پسىخىكىدىن مەسلىھەت بېرىش يالغۇز كىشىلەرنىڭ جىسمانىي ۋە پسىخىكىلىق ساغلاملىقىنى ئاسراش ئۈچۈنلا زۆرۈر بولۇپ قالماي، بەلكى ئۇ، يەنە ساغلام تەبىئەتنى يارىتىش، كىشىلەرنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى ئېچىشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ، خاراكتېرنىڭ پىشىپ يېتىلىشىگە پايدىلىق بولۇپ، كىشىلەرنى قەيسەرلىك بىلەن مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغۇزۇپ، ئۆزىنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۈمىدۋار ۋە كۆتۈرەڭگۈ روھىي قىياپەت بىلەن كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ تۈرلۈك

قىيىنچىلىقلىرىغا تاقابىل تۇرىدىغان قىلىدۇ.

ياش - ئۆسمۈرلەرگە ۋە بالىلارغا پسىخىكىدىن مەسلىھەت بېرىش يەنە، ھازىرقى زامان مائارىپ ئەندىزىسىدىكى مۇھىم بىر ھالقىدۇر. ھازىرقى زامان مائارىپ ئەندىزىسىدە مائارىپ پەقەت بىلىم بېرىش ۋە قابىلىيەتنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈنلا بولۇپ قالماي، يەنىمۇ مۇھىمى ياخشى پسىخىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ساغلام خاراكتېرنى يارىتىش ئۈچۈن بولۇشى كېرەك دەپ قارىلىدۇ. مەكتەپلەردىكى پسىخىكىدىن مەسلىھەت بەرگۈچىلەر يالغۇز ئوقۇغۇچىلارغا بىۋاسىتە مۇلازىمەت .قىلىپلا قالماي، بەلكى يەنە ئوقۇتقۇچىلارغا مەسلىھەتچى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ۋە ئوقۇغۇچىلار بىلەن بولغا مۇناسىۋەتلەرنى كونترول قىلىشىغا ياردەم بېرىدۇ؛ ئائىلە باشلىقلىرى ئۈچۈن پسىخىك گىگىنا ۋە ئائىلە تەربىيىسى مەسلىھەتچىسى بولىدۇ. زۇرۇر تېپىلغاندا يەنە ئائىلە باشلىقلىرىنى ئائىلىنى قانداق ساقلاپ قېلىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

مەكتەپلەردە پسىخىكىدىن مەسلىھەت بېرىش ئورنىنى تەسىس قىلىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى شۇ يەردىكى، پسىخىكىسى ساغلام بولمىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيىسىدىكى زىددىيەتلىك مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق بىرتەرەپ قىلىشىغا ۋە چىگىش مەسىلىلەرنى يېشىشكە ياردەم بېرىش جەھەتلەردە مەخسۇس سەپلەنگەن پسىخىكىدىن مەسلىھەت بەرگۈچى خادىملار ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىنىپ تەربىيىچىسى، دەرس ئوقۇتقۇچىلىرى، مەكتەپ رەھبەرلىرى ۋە ئائىلە باشلىقلىرىغا قارىغاندا ئورغۇن ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە. چۈنكى ئۇلار پسىخولوگىيىلىك قائىدە ۋە ئۇسۇللاردىن خەۋەردار بولغاچقا ھەم ئوخشاش بولمىغان ياش باسقۇچىدىكى ۋە ئوخشاش بولمىغان مىجەز - خاراكتېردىكى كىشىلەر بىلەن قانداق مۇئامىلىدە بولۇش جەھەتلەردە مەخسۇس تەربىيىلەنگەچكە ئوقۇغۇچىلار بىلەن دوستانە، سەممىمىي، باراۋەرلىك ۋە دېموكراتىك ئاساستا ئەھۋاللىشالايدۇ. ئوقۇغۇچىلارمۇ سىنىپ تەربىيىچىسى، دەرس ئوقۇتقۇچىلىرى، مەكتەپ رەھبەرلىرى ۋە ئاتا - ئانىسى بىلەن مۇئامىلە قىلغاندىكى ئەيمىنىش، قورۇنۇش ۋە قورقۇش ھېسسىياتلىرىدىن خالىي ھالدا ئىدىيىسىدىكى تۈرلۈك توقۇنۇشلار ۋە مەسىلىلەرنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشلىرى توغرىسىدىكى باشقىلارغا ئاشكارىلاشنى خالىمايدىغان ۋە ياكى ئاشكارىلاشقا پېتىنالمايدىغان ئەھۋاللىرىنى ئىختىيارى ياكى ئىختىيارسىز ھالدا ئاشكارىلايدۇ - دە، ھېسسىيات جەھەتتە ئورتاقلىشىشتەك ئىللىق مۇھىت بارلىققا كېلىپ، مەسلىھەت بەرگۈچى تەرەپ ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىشنىڭ، مەسلىھەت ئالغۇچى تەرەپ بولسا ئۆزىدىكى مەسىلىلەرنى بىرتەرەپ قىلىشنىڭ يولىنى تاپىدۇ.

## 3. مەكتەپلەردىكى پسىخىكىدىن مەسلىھەت بېرىشنىڭ ئوبيېكتلىرى

مەكتەپلەردىكى پسىخىكىدىن مەسلىھەت بېرىشنىڭ ئوبيېكتلىرى (مەسلىھەت ئالغۇچىلار) ئادەتتە ئۈچ خىل بولىدۇ:

1) مەكتەپتىكى بارلىق نورمال ئوقۇغۇچىلار. ئۇلار ئۆگىنىش، تۇرمۇش، تەرەققىي قىلىش ۋە كەسپ تاللاش قاتارلىق جەھەتلەردە مەسىلىگە يولۇققاندا، مەكتەپتىكى پسىخىكىدىن مەسلىھەت بەرگۈچى خادىملارنى ئىزدەپ، ئۇلاردىن ياردەم تەلەپ قىلىدۇ.

2) پسىخىكىسى بىنورمال ئوقۇغۇچىلار. ئۇلارنىڭ سەزگۈ ۋە ئىدرىكى، كەيپىيات - ھېسسىياتى ۋە ئىرادە - ھەرىكىتى قاتارلىق جەھەتلىرىدە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە مەسىلە بولغان بولىدۇ ياكى بەلگىلىك دەرىجىدە پسىخىك كېسەللىك ساقلانغان بولىدۇ.

3) مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلار، مەمۇرىي خادىملار ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئائىلە باشلىقلىرى. مەكتەپنىڭ پسىخىكىدىن مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتى ئۇلارنى پسىخولوگىيىلىك بىلىملەر ۋە مەسلىھەتلەر بىلەن تەمىنلەپلا قالماي يەنە ئۇلارنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ جىسمانىي، پسىخىك ئالاھىدىلىكلىرىنى توغرا تونۇشىغا ياردەم بېرىدۇ.

## 4. مەكتەپلەردىكى پسىخىكىدىن مەسلىھەت بېرىشنىڭ مەزمۇنى

مەكتەپلەردىكى پسىخىكىدىن مەسلىھەت بېرىشنىڭ مەزمۇنىمۇ ئۈچ تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1) تەلىم ـ تەربىيە ۋە تەرەققىياتنى مەركەز قىلغان مەسلىھەت بېرىش مەزمۇنى. مەسىلەن، ئوخشاش بولمىغان ياش باسقۇچىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ جىسمانىي، پسىخىكىلىق ئالاھىدىلىكى ۋە تەرەققىيات قانۇنىيىتى، ھەرقايسى باسقۇچلارنىڭ تەرەققىيات نىشانى ۋە ئۇنىڭغا تەسىر قىلىدىغان ئامىللار، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەڭ ئەۋزەل تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرىدىغان تەلىم ـ تەربىيە، ئوقۇتۇش ۋاستىلىرى ۋە يوللىرى قاتارلىقلار.

2. مەكتەپنىڭ يېتەكچىلىكىنى ئاساس قىلغان مەسلىھەت بېرىش مەزمۇنى. مەسىلەن، ئۆگىنىش جەھەتتىكى پسىخىك مەسىلىلەر، ياخشى ئۆگىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش ۋە ناچار ئۆگىنىش ئادىتىنى تۈزىتىش، ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى ئىگىلەش ۋە تەرتىپكە سېلىش، ئىمتىھانغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، كىشىلەر ئارا مۇناسىۋەتلەرنى بىرتەرەپ قىلىش ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈش، يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇش ۋە كەسىپ تاللاش قاتارلىقلار.

3) پسىخىكىلىق كېسەلگە گىرىپتار بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاشنى ئاساس قىلغان مەسلىھەت بېرىش مەزمۇنى.

3) پسىخىكىلىق كىگىنا (ئاكتىپ ۋە ئۇنۇملۇك پسىخىك پائالىيەت، تەڭپۇڭ ۋە نورمال پسىخىك ھالەت بىلەن نۆۋەتتىكى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي مۇھىتقا نىسبەتەن ياخشى ماسلىشىشنى كۆرسىتىدىغان، كىشىلەرنىڭ پسىخىك ساغلاملىقىنى قوغدايدىغان ۋە ئاشۇرىدىغان پسىخولوگىيىلىك پرىنسىپ، ئۇسۇل ۋە تەدبىرلەر) نى ئاساس قىلغان مەسلىھەت مەزمۇنى. ئۇ، ئاساسلىقى دائىم كۆرۈلىدىغان پسىخىك كېسەللىكلەرگە دىئاگنوز قويۇش، ئۇنى داۋالاش ۋە قوغداش مەسىلىلىرىدۇر. مەسىلەن، بالىلاردىكى دۇدۇقلاش، سىيىپ يېتىش، جىم تۇرالماسلىق، ياشلىق مەزگىلىدىكى نېرۋا ئاجىزلىق، سەۋدالىق، نېرۋا فۇنكسىيىسى بۇزۇلۇش كېسەللىكلىرى قاتارلىقلار.

ئاخىرىدا تەكىتلەيدىغان يەنە بىر مەسىلە ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەردە پسىخىكىدىن مەسلىھەت بېرىش ئورۇنلىرىنى تەسىس قىلىشتا، نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پسىخولوگىيە فاكۇلتېتىنى، پېداگوگىكا خاراكتېرلىك ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مائارىپ فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ھەم پسىخولوگىيە ۋە پسىخىكىدىن مەسلىھەت بېرىش كەسپلىرىنى سىرتتىن ئوقۇپ ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشكۈچىلەرنى ئىشقا قويۇپ، ئۇلارنىڭ نەزەرىيىۋى بىلىملىرىنى ئەمەلىيەتكە تەدبىقلاپ، ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا ئۇچرىغان تۈرلۈك مەسىلىلەرنى بىرتەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ۋە قىممەتلىك ئەمەلىي تەجرىبىلەرنى توپلىشى ئۈچۈن ئۇلارغا دادىل خىزمەت ئىشلەش شارائىتىنى يارىتىپ بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى سەمىمىي قوللاش كېرەك.

مەكتەپ رەھبەرلىرى، مائارىپ تارماقلىرى ۋە مائارىپ خىزمەتچىلىرى بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەيدىغانلا بولسا مائارىپ ئىسلاھاتىدىكى يېڭى بىر يۈزلىنىشنى مەيدانغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. ئىشىنىمەنكى، مائارىپ ئىسلاھاتىدىكى بۇ خىل يۈزلىنىش يېقىن كەلگۈسىدە بىزنىڭ مىللىي مائارىپ ساھەمىزدە جۈملىدىن مەكتەپلىرىمىزدە ئىشقا ئاشىدۇ ۋە ئومۇملىشىدۇ.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار


① «خەلق» گېزىتىنىڭ 2000 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىكى سانىغا بېسىلغان «مائارىپ مەسلىسى توغرىسىدا سۆھبەت» سەرلەۋھىلىك ماقالە.

② لوشاۋلىن تۈزگەن «ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە پسىخىكىدىن مەسلىھەت بېرىش قامۇسى»، بېيجىڭ يېڭى دۇنيا نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى.

③ چېن مىڭيى تۈزگەن «پسىخىكىدىن مەسلىھەت بېرىش ۋە پسىخىكىلىق داۋالاش»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1994 ـ يىل 1 ـ ئاي خەنزۇچە نەشرى.

ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئوقۇتۇش تەتقىقاتى

# نىشانلىق ئوقۇتۇشنىڭ دەرسخانا سىرتىدىكى مۇناسىۋەتلىك مەشغۇلاتلىرىغا سەل قارىماسلىق كېرەك

نىجات سوپى
(ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى)

نىشانلىق ئوقۇتۇش مەشغۇلات سىستېمىسى دەرسخانا ئىچى - سىرتىدىكى بىر قاتار پائالىيەتلەرنىڭ بىرلىشىشىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، يالغۇز دەرسخانىدىكى نىشانلىق ئوقۇتۇش تەرتىپىگە رىئايە قىلىش بىلەنلا ئۇنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرىنىڭ ئوقۇتۇش نىشانلىرىغا يېتىش، شۇنىڭدەك ساپا مائارىپىنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقىش قىيىن. دەرسخانا ئىچىدىكى نىشانلىق ئوقۇتۇش مەشغۇلاتلىرىنى دەرسخانا سىرتىدىكى بىرقاتار زۆرۈر پائالىيەتلەر بىلەن تولۇقلىغاندىلا ئاندىن ئوقۇتۇش نىشانىغا كەڭ كۆلەمدە يېتىشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى، ساپا مائارىپىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشقىلى بولىدۇ.

يېقىندا بىز ئىلى رايونىدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇر ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ نىشانلىق ئوقۇتۇش ئەھۋالى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇق. بۇ جەرياندا، مەلۇم بولدىكى رايونىمىز ئۇيغۇر ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ نىشانلىق ئوقۇتۇش پائالىيىتىدە بەزى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈش بىلەن بىرگە يەنە بىر قىسىم كەمچىلىكلەرمۇ ساقلانغان، ئۇلارنىڭ ئىچىدە گەۋدىلىك بىر مەسىلە دەرسخانا نىشانلىق ئوقۇتۇشقىلا ئېتىبار بېرىلىپ، ئۇنىڭ دەرسخانا سىرتىدىكى پائالىيەتلىرىگە سەل قارالغانلىقتىن، ئوقۇتۇش نىشانىنى كەڭ كۆلەمدە ئىشقا ئاشۇرۇش تەلىپىگە يېتەلمىگەن، نەتىجىدە نۇرغۇن ئوقۇتقۇچىلاردا نىشانلىق ئوقۇتۇشنىڭ ئۈنۈمىگە قارىتا گۇمان پەيدا بولغان.

بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب نەدە؟ ئۇ بولسىمۇ، دەرسخانا سىرتىدىكى مۇناسىۋەتلىك مەشغۇلات تەرتىپلىرىنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشنىڭ يېتەرسىزلىكى، مەشغۇلات جەريانىنىڭ ئۆلچەمگە لايىق ئەمەسلىكى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىز تۆۋەندە نىشانلىق ئوقۇتۇشنىڭ دەرسخانا سىرتىدىكى بىر قىسىم مەشغۇلات تەرتىپلىرى ۋە ئۇلارنى قانداق ئېلىپ بېرىش مەسىلىسى ئۈستىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىشنى لايىق تاپتۇق.

نىشانلىق ئوقۇتۇشنىڭ دەرسخانا سىرتىدىكى مەشغۇلاتلىرى ئاساسەن ناچار ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا ئايرىم يېتەكلەش ئېلىپ بېرىش، يۇقىرى قاتلاملىق ئوقۇتۇش ئارقىلىق ئالدىنقى قاتاردىكى ئوقۇغۇچىلارنى يېتەكلەش، ئائىلە ئۆگىنىش مۇھىتىنى ياخشىلاش، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا كىچىك گۇرۇپپا پائالىيىتىنى يولغا قويۇش، ئەمەلىي مەشغۇلات پراكتىكىسى ئېلىپ بېرىش، ئاڭلىتىش - كۆرسىتىش ئۈسكۈنىلىرىدىن پايدىلىنىش، شەكىللەندۈرۈش سىنىقى ۋە خۇلاسە خاراكتېرلىك سىناقنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ ئېلىپ بېرىلىش ئۇسۇللىرى تۆۋەندىكىچە:

1) ناچار ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا سىستېمىلىق، پىلانلىق تۈردە ئايرىم يېتەكلەش ئېلىپ بېرىش.

ئۆگىنىشتە ناچار ئوقۇغۇچى بىلىش ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئاساسلىقى ھەربىر ئوقۇتۇش بۆلىكىدىكى يېتەرسىزلىكلەرنىڭ ۋاقتىدا تۈزىتىلمەي يىغىلىپ قېلىشىدىن پەيدا بولىدۇ. ئەگەر ئوقۇتقۇچى ھەربىر ئوقۇتۇش بۆلىكىدىن كېيىن «بىلىش ئىقتىدارى» نىسبەتەن تۆۋەن، ئۆگىنىش سۈرئىتى ئاستا بولغان ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا ۋاقتىدا تۈزىتىپ تولۇقلاش تەدبىرىنى قوللانسا، ئۇلار ئېھتىياجلىق ئۆگىنىش ۋاقتىغا ۋە مۇۋاپىق ئۇسۇلدىكى ياردەمگە كاپالەتلىك قىلسا بۇ ئوقۇغۇچىلار باشقىلار يەتكەن يۇقىرى دەرىجىدىكى بىلىش سەۋىيىسىگە ھامان يېتەلەيدۇ، ناچار ئوقۇغۇچى بولۇشتىن قۇتۇلۇپ قالالايدۇ.

دېمەك، ئايرىم يېتەكچىلىك قىلىش ناچار ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا ئىنتايىن مۇھىم. ئۇ كوللېكتىپ ئوقۇتۇشنىڭ سەۋەنلىكلىرىنى تولۇقلايدۇ، ھەربىر ئوقۇتۇش بۆلىكىدىكى يېتەرسىزلىكلەر (ئوقۇغۇچى بىلەلمىگەن نۇقتىلار) نىڭ سادىر بولۇشى ۋە يىغىلىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ياخشى بولۇشتەك كەيپىياتنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بىز ھەربىر ئوقۇتۇش بۆلىكىدىكى (ھەربىر ئوقۇتۇش سائىتى ياكى ھەربىر تېكىست) شەكىللەندۈرۈش تەكشۈرۈشىدىن كەلگەن ئىنكاس ئاساسىدا قايسى ئوقۇغۇچىغا، قايسى نۇقتىغا قارىتا، قانداق ئۇسۇلدا ياردەم بېرىش كېرەكلىكىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ، كېيىنكى ئوقۇتۇش بۆلىكى باشلىنىشچە بولغان ئارىلىقتا ئۇلارغا قارىتا ياردەم ۋە يېتەكلەشنى كۈچەيتىپ، ئۇنىڭ كېيىنكى باسقۇچقا قارىتا يامان تەسىر كۆرسىتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز لازىم.

تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە قارىغاندا 67.4% ئوقۇتقۇچى ناچار ئوقۇغۇچىلارغا بەلگىلىك دەرىجىدە نورمىدىن سىرت ياردەم بەرگەن. 90% ئوقۇغۇچى ئۆزىنىڭ دەرستىدىن سىرت ياردەمگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. 72.7% ئوقۇغۇچى ئوقۇتقۇچى ۋە باشقا شەخسلەرنىڭ بەلگىلىك دەرىجىدىكى ئايرىم يېتەكلىشىگە ئېرىشكەن. 27.3% ئوقۇغۇچى ھېچقانداق ئايرىم يېتەكلەشكە ئېرىشەلمىگەن. بۇ بىزگە نىشانلىق ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىدە ئوقۇغۇچىلارغا بېرىلىدىغان ئايرىم يېتەكلەشنىڭ بەلگىلىك دەرىجىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىنى، لېكىن ئۇنىڭ يەنىلا تولۇق، سىستېمىلىق ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەگەر بۇ تەرەپتىكى يېتەرسىزلىكلەر ۋاقتىدا تۈزىتىلمىسە، يەنىلا بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ناچار ئوقۇغۇچى بولۇپ قېلىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، بىز بۇ جەھەتتە ئوقۇتقۇچىلارغا قويۇلىدىغان تەلەپنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنى ئايرىم بېرىلىدىغان ياردەمنى نىشانلىق تۈردە پىلانلىق ھەم سىستېمىلىق ھالدا ئېلىپ بېرىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، ناچار ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىنىڭ تىرىشىپ ئالدىنى ئېلىشىمىز لازىم.

2) يۇقىرى قاتلاملىق ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق بىلىش ئىقتىدارى نىسبەتەن يۇقىرى بولغان ئالدىنقى قاتاردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئېھتىياجىنى مۇۋاپىق قاندۇرۇش.

ئۆگىنىش نەزەرىيىسىنىڭ بىلىش ئىقتىدارى قارىشى بويىچە ئېيتقاندا، ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ 90% دىن كۆپرەكىنىڭ بىلىش ئىقتىدارى ئاساسەن ئوخشاش بولىدۇ، قالغان ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە 5%~1 ئەتراپىدىكى ئوقۇغۇچىنىڭ باشقا ئوقۇغۇچىلارغا قارىغاندا ئالاھىدە يۇقىرى بولۇشى مۇمكىن. ئەكسىچە يەنە ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، قالغان 5%~1 كىچە بولغان ئوقۇغۇچىنىڭ بىلىش ئىقتىدارى باشقىلارغا نىسبەتەن تۆۋەن بولۇشى مۇمكىن. بىز بىلىش ئىقتىدارى نىسبەتەن تۆۋەن ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا ئايرىم يېتەكلەش ئېلىپ بېرىش بىلەن بىللە يەنە بىلىش ئىقتىدارى ئالاھىدە يۇقىرى بولغان ئالدىنقى قاتاردىكى 5%~1 ئەتراپىدىكى ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆزىگە خاس تەلىپىنىمۇ مۇۋاپىق قاندۇرۇشىمىز لازىم.

بۇ خىل ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەلۇم ساھەدە تەبىئىي تالانتى بولۇشى ياكى ئىلگىرىكى تەربىيىلىنىشى ئالاھىدە بولۇشى مۇمكىن. ئۇلارغا نىسبەتەن كوللېكتىپ ئوقۇتۇشتا بىر قىسىم مەزمۇنلار بەك ئاددىي تۇيۇلۇشى، ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قاندۇرالماسلىقى، ئۇلارنى زېرىكتۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدا

ئۇلارغا قارىتا يۇقىرى قاتلاملىق ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىلمىسا ئۇلاردا ئوقۇشتىن ئاسانلا سوۋۇپ كېتىش، دەرس ئىنتىزامىغا تەسىر يەتكۈزۈش، بىلەرمەنلىك قىلىپ باشقىلارنى كۆزگە ئىلماسلىقتەك يامان پسىخىك ھالەتنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ.

يۇقىرى قاتلاملىق ئوقۇتۇش ـ مەلۇم پەننىڭ مەلۇم تۈرىدە بەلگىلىك ئالاھىدە ئىقتىدارى بار ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن باشقا ئوقۇغۇچىلاردىن يۇقىرى ئوقۇتۇش نىشانى ئارقىلىق ئۇلارنى ئايرىم يېتەكلەش بولۇپ، ئۇ، بۇ خىل ئوقۇغۇچىلار ئېھتىياجلىق بولغان چاغدىلا ئېلىپ بېرىلىدۇ. مەسىلەن، ئوتتۇرا مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىيات دەرسىنىڭ ماقالە يېزىش تۈرىدە بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېزىقچىلىق ئىقتىدارى باشقىلارغا قارىغاندا يۇقىرى بولسا، بۇ خىل ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا ئادەتتىكىدىن يۇقىرى تەلەپ قويۇپ، ئۇلارنى ماقالە ـ ئەسەرلىرىنى مەزمۇن ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىن يەنىمۇ ياخشى يېزىشقا يېتەكلەش لازىم. بۇ خىل ئوقۇتۇش ئۇلارنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش، كەسپىي قابىلىيىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش رولىنى ئويناپ، كەلگۈسىدە تېخىمۇ يارامىلىق ئىختىساسلىق خادىم بولۇپ چىقىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

بىز ئىلگىرى يولغا قويۇپ كېلىۋاتقان 2 ـ دەرسخانا پائالىيىتى نىشانلىق ئوقۇتۇشنىڭ يۇقىرى قاتلاملىق ئوقۇتۇش تەلىپى ۋە ساپا مائارىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىنى جارى قىلدۇرۇش، يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى ئېچىش تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. مەسىلەن، يېزىقچىلىق، ھۆسنخەت كۇرژۇكلىرى، ھەرخىل توپ كوماندىلىرى، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى رېمونتچىلىق كۇرژۇكى ۋە باشقىلار. بۇ خىل گۇرۇپپىلارغا كۆپىنچە شۇ ساھەدە بەلگىلىك ماھارىتى بار، قىزغىنلىقى يۇقىرى ئوقۇغۇچىلار قاتنىشىدۇ ھەمدە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ توغرا يېتەكچىلىكىدە ئۇلار تېز ئىلگىرىلەپ كەلگۈسى ئۈچۈن ياخشى ئاساس سالالايدۇ.

تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە قارىغاندا، %24 ئوقۇغۇچىغا بەلگىلىك دەرىجىدە يۇقىرى قاتلاملىق ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىلغان. لېكىن كۆپىنچە ئوقۇتقۇچىلار دەرسخانىدا نىشاننى چوڭقۇرلاشتۇرۇش سوئاللىرىنى قالدۇرۇش بىلەن چەكلەنگەن، ئۇلارغا دەرسخانا سىرتىدا ۋاقىت ئاجرىتىپ سىستېمىلىق ياردەم بەرمىگەن. %10.4 ئوقۇغۇچى ئۆزىگە نىسبەتەن كوللېكتىپ ئوقۇتۇش مەزمۇنلىرىنىڭ بىر ئاز يەڭگىل ئىكەنلىكى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مەلۇم جەھەتتە ئالاھىدە يېتەكلىشىگە مۇھتاج ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ %35.8 ى مەلۇم دائىرىدە 2 ـ دەرسخانا پائالىيىتىنى يولغا قويغان. بۇنىڭ ئىچىدە %21.4 ئوقۇتقۇچىنىڭ بۇ جەھەتتىكى خىزمىتى بەلگىلىك دەرىجىدە رول ئوينىغان، قالغان كۆپ قىسىم ئوقۇتقۇچىلار بۇ جەھەتتە ھېچقانداق ئەمەلىي خىزمەت ئىشلىمىگەن. بۇنىڭ سەۋەبى بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپىي ساپاسى تۆۋەن. شۇڭا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەلىپىنى قاندۇرۇش نۇرغۇن مەكتەپلەردە مۇمكىن بولمىغان. %93.5 ئوقۇتقۇچى 2 ـ دەرسخانا پائالىيىتىگە كېرەكلىك ئورۇن ۋە ئۈسكۈنىلەرنىڭ كەم ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. بۇمۇ 2 ـ دەرسخانا پائالىيىتىنىڭ قانات يايالماسلىقىنىڭ بىر ئاساسىي سەۋەبى بولۇپ قالغان، يەنە بىر جەھەتتىن بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى كەمچىل بولغاچقا، ئۇلار ئاۋارىچىلىقتىن قېچىپ 2 ـ دەرسخانا پائالىيىتى ئېلىپ بارمىغان. بۇ نۇقتا بىزگە بىر تەرەپتىن كەسپىي خادىملارنىڭ ساپاسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش، ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرىنى تولۇقلاش ۋە يېڭىلاش لازىملىقى، يەنە بىر تەرەپتىن 2 ـ دەرسخانا پائالىيىتىنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خىزمەت مەسئۇلىيەتچانلىقىنى كۈچەيتىپ، ئۆزىدە بار قابىلىيەتنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش لازىملىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

3) ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئائىلە ئۆگىنىش مۇھىتىنى ياخشىلاپ، مەكتەپ بىلەن ئائىلىنىڭ زىچ ھەمكارلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش.

ئائىلە مۇھىتىنىڭ قانداق بولۇشى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشىگە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆگىنىشىگە ئىزچىل كۆڭۈل بۆلسە، تىنچ، بەختلىك، خاتىرجەم، گۈزەل ئائىلە بەرپا قىلالىسا ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشىدىكى پىسخىك توسالغۇلار سۈپۈرۈپ تاشلىنىپ، مەكتەپتىكى ئۆگىنىش دەل ۋاقتىدا تولۇقلىنىپ ۋە پىششىقلىنىپ، ئۇلارنىڭ ياخشى ئوقۇغۇچى بولۇپ چىقىشىغا ئاساس سېلىنىدۇ. ئەكسىچە پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆگىنىشى بىلەن كارى بولمايدىغان، نادانلىق، ئۇرۇش ـ ماجىرا بىلەن تولغان ئائىلە مۇھىتى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشتىكى پىسخىك توسالغۇلىرىنى كۆپەيتىپ، ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى سوۋۇتۇپ، نەتىجىسىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئائىلە ئۆگىنىش مۇھىتىنى ياخشىلاشقا قانداق قىلغاندا ياردەم بېرەلەيدۇ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن سىنىپ مەسئۇلى ۋە ھەرقايسى پەن ئوقۇتقۇچىلىرى ئائىلە باشلىقلىرى بىلەن كۆپرەك ئۇچرىشىپ، ئۇلارغا ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقى، ئۆگىنىش نەتىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ئائىلە باشلىقلىرىنىڭمۇ مەسئۇلىيىتى ۋە رولىنىڭ چوڭلۇقى، پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆگىنىشىگە قىزغىنلىق بىلەن ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ لازىملىقىنى چۈشەندۈرۈش كېرەك. ئەڭ ياخشىسى ھەربىر ئائىلىدە ئوقۇغۇچىلار ئۆگىنىش قىلىدىغان ئايرىم خانە بولۇش، كېرەكلىك ئوقۇش ماتېرىياللىرى تولۇق بولۇش ۋە ئائىلە ئۆگىنىش يېتەكچىسى بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئاتا ـ ئانىسى، قېرىنداشلىرى، قولۇم ـ قوشنىلىرىدىن بىر كىشىنى تاللاپ، شۇ ئوقۇغۇچىنىڭ دائىملىق ئۆگىنىش يېتەكچىسى قىلىپ تەكلەش، شارائىتى يار بەرسە ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى تەكلىپ قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك. قارىغاندا، ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنىڭ پەقەت %4.1 ىلا بۇ خىزمەتنى كونكرېت ئىشلىگەن. قالغان مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئوقۇتقۇچىنىڭ بۇ ئىش بىلەن كارى بولمىغان. دېمىسىمۇ بىر قىسىم ئاتا ـ ئانىلار بولۇپمۇ يېزىلاردىكى نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار ئىلگىرى تولۇق ئوقۇمىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ياردەم بېرىش ئىقتىدارى كەمچىل. شۇڭا، بەزى ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆگىنىش يۈكىنى پۈتۈنلەي مەكتەپلەرگە ياكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۈزىگىلا ئارتىپ قويىدۇ. لېكىن، ئاتا ـ ئانىلاردا پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆگىنىشىگە كۆڭۈل بۆلۈش مەسئۇلىيىتى بار. بۇنىڭدىكى ئاچقۇچ يەنىلا ئوقۇتقۇچىلاردا. ئۇلار ئاتا ـ ئانىلارغا بولغان تەربىيىنى بوشاشتۇرماي ئىشلىسە، قەدەممۇ قەدەم ئۇلارنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىلار بىلەن كۆپ ئۇچرىشىش، كۆپ سۆھبەتلىشىش، بۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا كۆڭۈلدىكىدەك ئائىلە ئۆگىنىش مۇھىتى يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن ياردەم بېرىش كېرەك.

4) ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا كىچىك گۇرۇپپا پائالىيىتىنى يولغا قويۇپ، ئۇلارنىڭ ئوقۇتۇشتىكى پائالىيەتچانلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش.

نىشانلىق ئوقۇتۇش ماتارىپ قارىشى بويىچە ئېيتقاندا، ئوقۇتۇش ـ ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچىلار بىرلىكتە ئېلىپ بارىدىغان ھەمكارلىق پائالىيىتى. ئوقۇتقۇچى دەرسنى قويۇپ قويۇش شەكلى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىش شەكلى ئارقىلىق ئۆتىدۇ. بۇنىڭدىن بىز نىشانلىق ئوقۇتۇشتا ئوقۇغۇچىلارنىڭ پائالىيىتىنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى كۆرەلەيمىز. ئۇنداقتا، قانداق قىلغاندا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش پائالىيىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىدىغان پائالىيەتچانلىقىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ؟ بۇ جەھەتتىكى بىر ياخشى ئۇسۇل ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا كىچىك گۇرۇپپا پائالىيىتىنى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت. كىچىك گۇرۇپپىنى ئوقۇتقۇچى مەۋسۇم بېشىدا سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ئەھۋالىغا ئاساسەن تەشكىللەيدۇ. ھەربىر گۇرۇپپا 2 ـ 3 ئەتراپىدىكى ئوقۇغۇچىدىن تەركىب تاپىدۇ. گۇرۇپپائەزالىرى ئۆتىلىدىغان دەرس مەزمۇنلىرىنى گۇرۇپپا ئىچىدە ئالدىن مۇزاكىرە قىلىپ، ئۆزئارا پىكىرلىشىدۇ، بۇ جەھەتتە ئۆز چۈشەنچىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، يولۇققان مەسىلىلەرنى ئاشكارىلاپ، ئۇنى باشقا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياردىمىدە مەلۇم دەرىجىدە ھەل قىلىدۇ؛ ھەربىر ئوقۇتۇش

بۆلىكىدىكى ئۆزى يېتىدىغان نىشانلارنى شۇ ئارقىلىق ئورۇندايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۆتۈلۈپ بولغان مەزمۇنلارغا قارىتا پىششىقلاش ئېلىپ بېرىپ، بىلىم ۋە قابىلىيىتىنى مۇستەھكەملەيدۇ. بۇ جەرياندا ئۆگىنىشتە ناچار ئوقۇغۇچىلار ياخشى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياردىمىدە ئوقۇتقۇچىدىن ئالالمىغان مەنپەئەتكە ئېرىشىدۇ. ئۆگىنىشتە ياخشى ئوقۇغۇچىلارمۇ ناچار ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم بېرىش داۋامىدا ئۆز بىلىمىنى كۈچەيتىدۇ. ئەنگلىيەلىك ئۆگىنىش نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسچىسى B.S بلۇم كىچىك گۇرۇپپىنىڭ رولى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ خىل ئۇسۇل رىقابەت تۈسىدىكى ئالدىنقى ئورۇننى تالىشىش كەيپىياتىنى يوقىتىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزئارا ياردەملىشىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. نۇرغۇن مەسىلىلەر كىچىك گۇرۇپپىدىكى ھەربىر ئەزا تەمىنلىگەن پۇرسەتتە يېشىلىپ ماڭىدۇ. ھەربىر ئەزا ئۆزىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىرلىكتە تۈزىتىپ تولۇقلايدۇ.» بىز بۇنىڭدىن كىچىك گۇرۇپپا پائالىيىتىنىڭ رولىنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى كۆرەلەيمىز.

تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، 37.2% ئوقۇتقۇچى بىر قىسىم ئۆگىنىش گۇرۇپپىلىرىنى تەشكىللىگەن، لېكىن بۇلار دەرستىن كېيىن بىرلىكتە تەكرار قىلىدىغان گۇرۇپپىلاردىنلا ئىبارەت بولۇپ، دەرسنى ئالدىن كۆرۈش، كەڭ - كۇشادە مۇزاكىرە قىلىپ، بىر قىسىم ئوقۇتۇش نىشانلىرىنى ئالدىن ئورۇنداش تەلىپى ئەمەلگە ئاشمىغان. بۇ بىزنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنىڭ كىچىك گۇرۇپپا پائالىيىتىگە بولغان تونۇشىنىڭ چوڭقۇر ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا، بۇنىڭدىن كېيىنكى نىشانلىق ئوقۇتۇش داۋامىدا ئوقۇتقۇچىلارغا قارىتا كىچىك گۇرۇپپا مەشغۇلات تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، بىر يۈرۈش ئۈنۈملۈك گۇرۇپپىلارنى قۇرۇپ چىقىش بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇشتىكى پائالىيەتچانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم.

5) ئوقۇغۇچىلارنى ئەمەلىي مەشغۇلات بىلەن شۇغۇللىنىشقا يېتەكلەپ، بىلىمنى تىرشىپ قابىلىيەتكە ئايلاندۇرۇش.

نۆۋەتتە، ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىغا سۇنىدىغىنى كۆپ، لېكىن ئوقۇغۇچىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئالىدىغان نەرسىسى ئاز بولۇشتەك غەيرىي ئەھۋال ساقلانماقتا. يەنى ئوقۇتقۇچىلار كېچە - كۈندۈز ئىزدىنىپ، ئوقۇغۇچىلارغا نۇرغۇن بىلىم بېرىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئوقۇغۇچىلارغا ئۆزلەشكىنى ناھايىتى ئاز بولماقتا. بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب، بىلىم بېرىش بىلەنلا بولۇپ، قابىلىيەت يېتىلدۈرۈشكە سەل قارالغانلىقتا. ئۇنداقتا، قانداق قىلغاندا ئوقۇغۇچىلارغا بېرىلىۋاتقان بىلىمنىڭ ئۆزلىشىش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى، ھەقىقىي قابىلىيەت يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭ بىر ئۈنۈملۈك يولى ئوقۇغۇچىلارغا ئەمەلىي مەشغۇلات - پراكتىكا پۇرسىتى يارىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكى ۋە بىلىش ئىقتىدارىغا ئاساسەن، ئۆگەنگەن بىلىملەرگە مۇناسىۋەتلىك ئۇلار قىلالايدىغانلىكى ئىشلارنى قىلدۇرۇش كېرەك. مەسىلەن، گېئومېتىرىيە بىلىملىرىگە بىرلەشتۈرۈپ ئەتراپتىكى ئېتىز، ئۆستەڭلەرنىڭ قورۇلمىسىنى ئۆلچىتىش؛ ماقالە يېزىقچىلىقىدا مەنزىرىلىك جايلارنى ساياھەت قىلدۇرۇپ، نەسر قاتارلىق تەسۋىرىي ئەسەرلەرنى يازدۇرۇش؛ خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىدا ئوقۇغۇچىلارنى خەنزۇلار بىلەن سۆھبەتلەشتۈرۈش؛ تەبىئەت دەرسىدە ئۇلارنى تەبىئەتنىڭ قوينىغا ئېلىپ چىقىپ، ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋاناتلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەمەلىي تونۇتۇش ۋە باشقىلار. بۇ خىل ئۇسۇلنى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ماس كەلمەيدۇ دەيدىغان كونا قاراشنى تۈگىتىپ، ھەربىر قەدەمدە بىلىمنى ئەمەلىيەتكە تەدبىقلاپ، ئۇنىڭ چوڭقۇر ئۆزلىشىشى ۋە ئاستا - ئاستا قابىلىيەتكە ئايلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

تەكشۈرۈشىمىزچە، پەقەت باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ بىر قىسىم تەبىئەت ئوقۇتقۇچىلىرىلا ئوقۇغۇچىلارنى دالا پراكتىكىسىغا ئۇيۇشتۇرغان. قالغان ئوقۇتقۇچىلار ئومۇمەن بۇ ئىشقا ئانچە ئېتىبار

قىلمىغان. بىز بۇنىڭدىن ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ ئەمەلىي مەشغۇلات ئىقتىدارىنىڭ ئاجىز بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرەلەيمىز، يەنى بىزنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنىڭ ئەمەلىي مەشغۇلات ئېڭىنىڭ كەمچىللىكى، بىلىم بېرىش بىلەنلا بولۇپ، قابىلىيەت يېتىلدۈرۈشكە سەل قارىغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز. بۇنداق ئەھۋالدا ئوقۇغۇچىلاردا ھەقىقىي پەن ـ مەدەنىيەت ساپاسىنى يېتىلدۈرۈش قىيىن. شۇڭا، بۇنىڭدىن كېيىنكى نىشانلىق ئوقۇتۇش داۋامىدا ئەمەلىي قابىلىيەت يېتىلدۈرۈشنى چوقۇم ئوقۇتۇش نىشانى دائىرىسىگە كىرگۈزۈشىمىز، بىلىم بېرىش بىلەن ماھارەت يېتىلدۈرۈشكە تەڭ ئېتىبار بېرىشىمىز، ئەمەلىي مەشغۇلاتنىڭ قابىلىيەت يېتىلدۈرۈشتىكى رولىنى تولۇق تونۇپ، ئەۋلادلىرىمىزنى تەبىئەتكە، تۇرمۇشقا يېقىن، ئۆگەنگىنىنى ئەمەلىيەتتە قوللىنالايدىغان تېخىمۇ ياراملىق كىشىلەردىن قىلىپ يېتىلدۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز لازىم.

6) ھەرخىل ئاڭلىتىش، كۆرسىتىش ئۈسكۈنىلىرى ۋە ئىلمىي ئويۇنلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش.

ئوقۇتقۇچىنىڭ ھەركۈنى توختىماي سۆزلەۋېرىشى ئانچە ئۈنۈم بەرمەيدۇ، ئەكسىچە بۇ خىل ئۇسۇل بەزى ئوقۇغۇچىلارنى ئۆگىنىشتىن زېرىكتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن. شۇڭا، ھەر كۈنى ئېغىزنىلا ئىشقا سېلىۋەرمەستىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىغا ئاساسەن ھەرخىل ئۇسۇللار ئارقىلىق ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىش كېرەك. بۇ ھەقتە بىلىم مۇنداق دەيدۇ: «بەزى ئوقۇغۇچىلار كونكرېت چۈشەندۈرۈش ۋە جانلىق كۆرسەتمىلىك يوللار ئارقىلىق ئالاھىدە بىر ئۇقۇمنى ناھايىتى ياخشى ئىگىلىۋېلىشى مۇمكىن. بۇ خىل ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا پروئېكسىيە ئاپپاراتى ياكى فىلىم كۆرۈنۈشلىرى ئۈنۈملۈك بولۇشى مۇمكىن.» ئومۇمەن، بەزىلەر كونكرېت تەجرىبە ئېلىپ بېرىش جەريانىغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. يەنە بەزىلەر باللار ئويۇنچۇقلىرى، ئىلمىي خاراكتېرلىك ئويۇنغا ئېھتىياجلىق بولۇشى مۇمكىن. بەزىلەرگە نىسبەتەن تېپىشماق، قىزىقارلىق ھېكايىلەر ئۈنۈملۈك رول ئوينايدۇ. مەيلى قايسى ئۇسۇل قوللىنىلمىسۇن، گەپ ئۆگىنىش ۋەزىپىسىنى مۇۋاپىق چۈشەندۈرۈشتە. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى دەرسخانا ئىچىدە ياكى سىرتىدا ئېلىپ بارسىمۇ بولىۋېرىدۇ. ئاڭلىتىش ـ كۆرسىتىش ئۈسكۈنىلىرى دېگەندە كۆپىنچە رادىئو، ئۈنئالغۇ، تېلېۋىزور، سىنئالغۇ، پروئېكسىيە ئاپپاراتى، كىنو، كومپيۇتېر قاتارلىق ئۈسكۈنىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى دەرسخانا ئوقۇتۇشىدىكى ئېغىز ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشنىڭ كەمچىلىكلىرىنى تولۇقلاپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزغىنلىقىنى ئاشۇرۇپ، ئۆگىنىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، %92.6 ئوقۇتقۇچى مەكتەپلەردە تەجرىبە ئۈسكۈنىلىرى ۋە باشقا ئاڭلىتىش، كۆرسىتىش ئۈسكۈنىلىرى كەمچىل دەپ ئېيتقان. %3.7 ئوقۇتقۇچى «ئېلېكترونلۇق ئوقۇتۇش» نى يولغا قويغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ پەقەت پروئېكسىيە ئاپپاراتىدىن مەلۇم دەرىجىدە پايدىلىنىشتىنلا ئىبارەت بولغان. ھەرخىل ئىلمىي ئويۇنلارغا ئۇيۇشتۇرغان ئوقۇتقۇچى پەقەت %13.5 بولغان. كۆرۈشكە بولىدۇكى، مەكتەپلىرىمىزنىڭ ناچار ئوقۇتۇش شارائىتى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەرخىل زامانىۋى ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرىدىن پايدىلىنىپ، دەرسنى ھەرخىل يوللار بىلەن جانلىق ئۆتۈشىگە توسالغۇ بولۇپ قالغان. يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىمىزدە بار ئىمكانىيەتتىن تولۇق پايدىلانماسلىق، بولۇپمۇ ئوقۇغۇچىلارنى ھەرخىل ئىلمىي ئويۇنلارغا ئاكتىپ ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى كۈچەيتىشكە ئېتىبار بەرمەسلىكتەك كەمچىلىكلەر بىزدە سادىر بولۇپ تۇرماقتا. بۇ ئەلۋەتتە مىللىي مائارىپىمىزنى دۇنياغا، كەلگۈسىگە، زامانىۋىلاشتۇرۇشقا يۈزلەندۈرۈشكە پايدىسىز، 21 ـ ئەسىرنىڭ تەلىپىگە لايىق ئۇنىۋېرسال ساپاغا ئىگە ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشكە پايدىسىز. شۇڭا، بىز نىشانلىق ئوقۇتۇش داۋامىدا مەكتەپلەرنىڭ شارائىتىنى تىرىشىپ ياخشىلاپ، ھەرخىل زامانىۋى ئۈسكۈنىلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئوقۇتۇش پائالىيىتىنىڭ جانلىق، قىزىقارلىق بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز لازىم.

7) شەكىللەندۈرۈش سىنىقى ۋە خۇلاسە خاراكتېرلىك سىناقنىڭ مەشغۇلات تەرتىپىنى توغرا ئېلىپ بېرىش بىلەن ئۇنىڭ رولىنى كۈچەيتىپ، نىشانلىق ئوقۇتۇشنىڭ باھالاش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش.

نىشانلىق ئوقۇتۇشنىڭ باھالاش سىستېمىسى بىر يۈرۈش تەرتىپلىك مەشغۇلات ھالقىلىرىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، دەرسخانا ئىچىدىكى شەكىللەندۈرۈش تەكشۈرۈشىدىن باشقا، يەنە دەرسخانا سىرتىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان شەكىللەندۈرۈش سىنىقى ۋە خۇلاسە خاراكتېرلىك سىناق قاتارلىق ھالقىلار بار. بۇلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ رولى مۇناسىپ تۈردە جارى قىلدۇرۇلغاندىلا ئاندىن ئومۇمىي ئوقۇتۇش نىشانلىرىنى تولۇق، كەڭ تۈردە ئىشقا ئاشۇرۇش مۇمكىن.

شەكىللەندۈرۈش سىنىقى ئادەتتە ئىككى ھەپتە ياكى 5 ـ 8 سائەت دەرس ئۆتۈلگەندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدىغان باسقۇچ خاراكتېرلىك سىناقتىن ئىبارەت بولۇپ، شۇ بىر مەزگىللىك ئوقۇتۇش نىشانلىرىنىڭ ئورۇندىلىشىنى كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ. ھەر قېتىملىق سىناق ئىككى يۈرۈش سىناق سوئاللىرى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ، يەنى 1 ـ يۈرۈش ئىمتىھاندا لاياقەتسىز بولغان ئوقۇغۇچىلار ئوخشاش سالماقتىكى 2 ـ يۈرۈش سىناققا قاتناشتۇرۇلىدۇ. 2 ـ قېتىملىق سىناق ئالدىدا بۇ ئوقۇغۇچىلار ئايرىم يېتەكلىنىدۇ. 2 ـ قېتىملىق سىناقتا ھەربىر ئوقۇغۇچى 1 ـ قېتىملىق سىناقتا جاۋاب بېرەلمىگەن نۇقتىلارغىلا جاۋاب بېرىدۇ. ئىككى قېتىملىق نەتىجىنىڭ يىغىندىسى شۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ئەمەلىي نەتىجىسى ھېسابلىنىدۇ. 1 ـ قېتىملىق سىناق بىلەن 2 ـ قېتىملىق سىناقنىڭ ئارىلىقى 1 ـ 2 كۈن بولسا بولىدۇ.

خۇلاسە خاراكتېرلىك سىناق ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر مەۋسۇملۇق ئومۇمىي ئوقۇتۇش نىشانلىرىغا يېتىش دەرىجىسىنى ئۆلچەپ كۆرۈش ۋە شۇ ئاساستا تۈزىتىپ تولۇقلاشقا ئاساس بولىدىغان سىناقتىن ئىبارەت بولۇپ، ھەربىر مەۋسۇمنىڭ ئاخىرىدا بىر قېتىم ئېلىنىدۇ. خۇلاسە خاراكتېرلىك سىناقتىن كېيىن ئۇلارنىڭ نەتىجىسىگە ئاساسەن تۈزىتىپ تولۇقلاش ئېلىپ بېرىلمىسا، ئۇ ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇشتىكى مەۋسۇملۇق ئىمتىھاندىن ھېچقانداق پەرقلەنمەستىن، يەنىلا تاللاش ۋە شاللاش ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىپ قالىدۇ، شۇڭا بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراشقا توغرا كېلىدۇ.

ئىگىلىشىمىزچە %73 ئوقۇتقۇچى بەلگىلىك دەرىجىدە شەكىللەندۈرۈش سىنىقى ئېلىپ بارغان. لېكىن، ئۇنىڭ مەشغۇلات تەرتىپىگە تولۇق رىئايە قىلىنمىغان. پەقەت %14 ئوقۇتقۇچىلا ئىككى يۈرۈش سىناق سوئالى ئىشلەتكەن. خۇلاسە خاراكتېرلىك سىناق نەتىجىسى ئىنچىكە ئانالىز قىلىنىغان، لېكىن سىناقتىن كېيىن دەل ۋاقتىدا تۈزىتىپ تولۇقلاش ئېلىپ بېرىلمىغان. بۇ بىزنىڭ نىشانلىق ئوقۇتۇش باھالاش سىستېمىمىزنىڭ تازا ئۆلچەملىك بولمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، بۇنىڭدىن كېيىنكى نىشانلىق ئوقۇتۇش داۋامىدا ئوقۇتقۇچىلارغا شەكىللەندۈرۈش سىنىقى ۋە خۇلاسە خاراكتېرلىك سىناقنىڭ مەشغۇلات تەرتىپىنى ئېنىق تونۇتۇش كېرەك. شۇنىڭدەك دەرس...ىدىكى تەكشۈرۈش ـ تولۇقلاش بىلەن يۇقىرىقى ئىككى خىل سىناقنىڭ مۇستەھكەم بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مۇكەممەل باھالاش سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقىش لازىم.

قىسقىسى، نىشانلىق ئوقۇتۇش ئەندىزىسى دەرسخانا ئىچى ۋە سىرتىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۆزئارا باغلىنىشلىق بىر قاتار مەشغۇلات ھالقىلىرىنىڭ مۇستەھكەم بىرلىكىدىن ئىبارەت. بىز نىشانلىق ئوقۇتۇشنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى ساپا مائارىپىنىڭ ھەقىقىي «جەڭ ئېتى» غا ئايلاندۇرىمىز دەيدىكەنمىز، چوقۇم ئۇنىڭ ئاساسىي مەشغۇلات تەرتىپلىرىگە رىئايە قىلىشىمىز، دەرسخانا ئىچىدىكى مەشغۇلات تەرتىپلىرىگىلا ئېتىبار بېرىپ قالماستىن، بەلكى دەرسخانا سىرتىدىكى مۇناسىۋەتلىك مەشغۇلات تۈرلىرىگىمۇ ئېتىبار بېرىشىمىز، ئۇلارنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

# ئوقۇتۇش ئوبيېكتىنى ئەتراپلىق تونۇش – ئالىي پېداگوگىكا مەكتەپلىرىدە ئومۇمىي پسىخولوگىيە دەرسى ئوقۇتۇشىدىكى مۇھىم ھالقا

تۇردىگۈل ساماخۇن
(ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى سىياسىي - مائارىپ فاكۇلتېتى)

ئالىي پېداگوگىكا مەكتەپلىرىدە ئومۇمىي پسىخولوگىيە دەرسى ئوقۇغۇچىلار پراكتىكىغا چىقىشتىن بىر يىل بۇرۇن پۈتۈن مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئومۇمىي پەن قاتارىدا ئۆتىلىدۇ. بۇ ئالىي پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنىڭ پېداگوگىكىلىق خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان پەنلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىدە مەۋجۇت بولۇۋاتقان ئارتۇقچىلىقلارنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكلەرنى تۈزىتىش، كەلگۈسىدىكى خىزمەت ئورنىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ئۈچۈن يېتەكچىلىك قىلىدىغان، قايىل قىلارلىق پاكىتلار ئارقىلىق ئادەم پسىخىكىسىنىڭ پەيدا بولۇش، ئۆزگىرىش، تەرەققىي قىلىش قانۇنىيەتلىرىنى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلاردا دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمچە دۇنيا قاراشنى تىكلەش ئۈچۈن ياردەم بېرىدىغان ئارىلىق پەندۇر.

بىز نۆۋەتتە كۆپلىگەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھازىرقى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەلگۈسىدە ئوقۇتقۇچى بولىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتقان بولساقمۇ، يەنە بىرقىسىم ئوقۇتقۇچىلار ئومۇمىي پسىخولوگىيە ئوقۇتۇشىدا تەربىيىلەش ئوبيېكتى پەقەت «ئوقۇغۇچى» دەپلا قاراپ ئوقۇتۇش ئېلىپ بارماقتا. ئومۇمىي پسىخولوگىيە ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ بەزىلىرى تەربىيە ئوبيېكتىنىڭ «ئوقۇغۇچى» لا بولۇپ قالماستىن، بەلكى «كەلگۈسىدىكى ئوقۇتقۇچىلار» «جەمئىيەت ئەزاسى» ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماقتا. شۇڭا، بىزدە تەربىيىلىنىپ چىقىپ، ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئىشلەۋاتقان بەزى ئوقۇتقۇچىلاردا كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە پسىخولوگىيە جەھەتتىكى مەغلۇبىيەت كۆرۈلمەكتە. بىز تەربىيە ئوبيېكتىنىڭ ھازىرقى ئوقۇغۇچىلار، كەلگۈسىدىكى ئوقۇتقۇچىلار ۋە جەمئىيەت ئەزاسى ئىكەنلىكىنى تولۇق تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، بۇ دەرس ئوقۇتۇشى قاراتمىلىققا ئىگە بولىدۇ، تېخىمۇ ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ، پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇتۇش نىشانى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلغىلى بولىدۇ.

## 1. ئوقۇتۇش ئوبيېكتىنى ئەتراپلىق، توغرا تونۇش كېرەك

1) ئالىي پېداگوگىكا مەكتەپلىرى پسىخولوگىيە ئوقۇتۇشىنىڭ ئوبيېكتى - ئوقۇغۇچىلار.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى - ئۆگىنىشنى ئاساس قىلىشتىن ئىبارەت. پسىخولوگىيە دەرسى ئۆتۈلۈش بىلەنلا ئوقۇغۇچىلاردا بۇ پەننى ئۆگىنىش ھەم ئۇنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە ئىشلىتىپ بېقىش ئارزۇسى پەيدا بولىدۇ. ئۇلار بۇ ئارزۇسىنى بىرتەرەپتىن ئۆزىنىڭ قولىدىكى پسىخولوگىيە كىتابىغا باغلىسا، يەنە بىرتەرەپتىن دەرس ئوقۇتقۇچىسىغا باغلايدۇ. بۇ دەرسنى ئۆتكەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارزۇ ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قىلىشىدىكى بىردىنبىر سەۋەب، ئۇلارنىڭ پسىخولوگىيە بىلىملىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىش جەريانىدا يېتەكچىلىك رول ئوينايدىغانلىقىدا. پسىخولوگىيە ئوقۇتقۇچىسىنىڭ بىلىم سەۋىيىسى، كەسپىي قىزغىنلىقى، كەيپىياتى، ئۆزىنى تۇتۇش ئىقتىدارى، ئەخلاقىي - پەزىلىتى، ساغلام خاراكتېرى، ئۆزىنى تەلىم - تەربىيە ئىشلىرىغا بېغىشلاش روھى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى قاتارلىقلار بىۋاستە ھالدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇشۇ دەرسنى ياخشى ئۆگىنىش - ئۆگەنمەسلىكىگە، ياقتۇرۇش - ياقتۇرماسلىقىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۆزىنىڭ پسىخىكىلىق ساغلاملىقى تولۇق پىشىپ - يېتىلمىگەن ئوقۇتقۇچىنىڭ ياخشى بىر پسىخولوگىيە ئوقۇتقۇچىسى بولالىشى ناتايىن. مەسىلەن، ئوقۇتقۇچى بىر پۈتۈن ئوقۇتۇش جەريانىدا دەرس تەييارلاش، دەرس ئۆتۈش، ئۆزىنى تۇتۇش جەھەتلەردە ئوقۇغۇچىلارنى ئىزچىل قايىل قىلىپ كېلىۋاتقان بولسا، ئۇ «ئىرادە» دېگەن بابنى سۆزلىگەندە، يۈرەكلىك ھالدا ئىرادىلىك كىشىلەرنىڭ قانداق ساپالارغا ئىگە بولىدىغانلىقىنى ئۆز ھېسسىياتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارغا جانلىق سۆزلەپ بېرەلەيدۇ. بۇنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە تەسىرى ناھايىتى زور بولىدۇ. لېكىن، ھورۇن، تىرىشمايدىغان، ئىزدەنمەيدىغان، «كۈن ئۇياقتا، پۇل بۇياقتا» دەيدىغان ئوقۇتقۇچىلار بۇ بابنى بىر قېتىم ئەمەس، ئىككى قېتىم سۆزلىسىمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىدا تۇرغىنى «تىلى بىلەن ئەمەلىيىتى ماسلاشمايدىغان» ئۈلگە بولغاچقا، ئۇ ئۆتكەن دەرسنىڭ تەسىرلەندۈرۈش ئۈنۈمى ئىنتايىن تۆۋەن بولىدۇ.

ئومۇمىي پسىخولوگىيە ئوقۇتۇشىنىڭ ئوبيېكتى بولغان ئوقۇغۇچىلار دەل جىسمانىي ۋە پسىخىك تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان بولغاچقا، ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئۆزلىرىدىكى كۈچلۈك ئارزۇ، يېڭى شەيئىلەرگە بولغان ھەۋەس، مەسىلىلەر توغرىسىدىكى ئىزدىنىش ئاكتىپچانلىقى ۋە ئۇرغۇپ تۇرغان كۆتۈرەڭگۈ روھنى كۆرۈشنى ھەم ئۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

شۈبھىسىزكى، ئوقۇغۇچىلار بىلىشكە ئالدىرايدىغان ئەڭ جەلپ قىلارلىق نۇقتا - پسىخولوگىيە دەرسىنىڭ دەسلەپكى يېشىلمىلىرىدىن ئىبارەت. بىز بۇ سېھىرلىك پەننىڭ زادى نېمىنى تەتقىق قىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىشلىك، قايىل قىلارلىق سۆزلەش ئۈچۈن، ئەتراپىمىزدا ھەر مىنۇت، ھەر سېكۇنت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان پسىخىكىلىق ھادىسىلەرنى مىسال قىلىپ كۆرسەتسەك، ئوقۇغۇچىلاردا بۇ پەنگە قارىتا دەسلەپكى قەدەمدە ھېسسىي چۈشەنچە پەيدا بولىدۇ. لېكىن، سىستېمىلاشقان بىر پەننى ئىگىلەش ئۈچۈن ئازراقلا ھېسسىي چۈشەنچىنىڭ بولۇشى كۇپايە قىلمايدۇ. شۇڭا، ئوقۇتقۇچى نۇرغۇن پسىخىكىلىق ھادىسىلەر ئىچىدىكى ئېھتىياج، مەقسەت، قىزىقىش، دىققەت، سەزگۈ - ئىدراك، خاتىرە، تەپەككۇر، خىيال، كەيپىيات، ئىرادە، مىجەز، خاراكتېر، قابىلىيەت قاتارلىقلارنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى، ئومۇمىي پسىخولوگىيە مانا مۇشۇ مەزمۇنلارنى ئاساسلىق تونۇشتۇرۇپ ئۆتىدىغانلىقىنى ئوقۇغۇچىلارغا ئەتراپلىق چۈشەندۈرۈشى لازىم. شۇ چاغدىلا ئوقۇغۇچىلاردا بۇ پەنگە بولغان قىزىقىش قوزغىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە قۇرۇلما ۋە سىستېما چۈشەنچىسى، قانداق ئۆگىنىش پىلانى مەيدانغا كېلىدۇ. بۇ مەزمۇنلارنى سۆزلىگەندە يەنە پسىخولوگىيىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى قوشۇپ سۆزلىسەك ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېڭىدا بۇ دەرسنىڭ بىر پۈتۈن بىلىم تورىنى شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ.

2) ئالىي پېداگوگىكا مەكتەپلىرى پسىخولوگىيە ئوقۇتۇشىنىڭ ئوبيېكتى - «كەلگۈسىدىكى ئوقۇتقۇچى» لار.

كەلگۈسىدىكى ئوقۇتقۇچىلار - ئالىي پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنىڭ تەربىيىلەش نىشانى. پسىخولوگىيە ئوقۇتۇشىنىڭ بىۋاستە مەقسىتى ئەشۇ «ئوقۇتقۇچى» لارغا تەلىم - تەربىيە قائىدە - پرىنسىپلىرى ھەم ئوقۇتۇش دىداكتىكىسىنى ئىگىلىتىپ، ئۇلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىگە ماسلىشىشى ئۈچۈن ئاساس سېلىشتىن ئىبارەت. ئېسىمدە قېلىشىچە، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا بىر ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىم

بار ئىدى. ئۇ دەرسنى ناھايىتى ئەستايىدىل ئۆتەتتى. بولۇپمۇ سىنىپتا ئالدىنقى قاتاردا كېتىۋاتقان بەش - ئالتىمىزنى ئالاھىدە ياخشى كۆرەتتى. ھەر قېتىم دەرسكە كىرگەندىلا «سەن، سەن، سەن، سەن ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلەيسەن، سەن، سەن، سەن، سەن ئۆتەلمەيسەن، چۈنكى سەنلەر دۆت، كاللاڭ ئىشلىمەيدىغان زاترۇشكا...» دەۋېتىپ ئاندىن دەرسنى باشلايتتى. ماختاپ قويغانلار ۋاقىراپ - جاقىراپ، قەدەممۇ قەدەم ئوقۇتقۇچىنىڭ ئاغزىغا لوقما سېلىپ سىنىپنى بېشىمىزغا كىيەتتۇق. دەككىسىنى يېگەنلەر روھى چۈشكۈن ھالەتتە سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇرۇشۇپ كېتەتتى. سىياسەت ئوقۇتقۇچىمىز بولسا دائىم «قىز بالا دېگەن چوڭ بولغانسېرى دۆتلىشىپ كېتىدۇ، ئەكسىچە، ئوغۇل بالا چوڭ بولغانسېرى سەگەكلىشىدۇ. قىز بالىدىن ياخشى ئوقۇپ، نەتىجىگە ئېرىشىدۇ دېگەن ئۈمىدنى كۆتكىلى بولمايدۇ...» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ يۈرەتتى. مەن بۇ سۆز ئوقۇتقۇچۇمنىڭ ئاغزىدىن چىققانلىقى ئۈچۈن، خۇدانىڭ ناھەقچىلىق قىلىپ ئوغۇللارنى چوڭ بولغانسېرى ئەقىللىق بولىدىغان، قىزلارنى چوڭ بولغانسېرى دۆتلىشىپ كېتىدىغان ياراتقانلىقىدىن ئاغرىنىپ كېتەتتىم. كېيىن مەن پسىخولوگىيە كەسپىنى ئوقۇپ، پسىخولوگىيە ئوقۇتقۇچىسى بولغاندىن بېرى، تەربىيە ئوبيېكتىغا بولغان بۇ خىل ناتوغرا قىلمىش ۋە كۆز قاراشلارنى پەقەت پسىخولوگىيە ئوقۇتۇشىمىزنىڭ مەغلۇبىيىتى دەپلا قارايدىغان بولدۇم.

پسىخولوگىيە ئوقۇتۇشىدا بىز ماسلوۋنىڭ ئېھتىياج قاتلىمى تەلىماتىنى سۆزلەپ ئۆتىمىز. بۇ قاتلامدا فىزىئولوگىيىلىك ئېھتىياج، بىخەتەرلىك ئېھتىياجى، مۇھەببەت ئېھتىياجى، ھۆرمەت ئېھتىياجى ۋە ئۆزىنى كۆچەيتىش ئېھتىياجلىرىنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرىمىز. بىراق، ئوقۇتۇش جەريانىدا ئوقۇغۇچىلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىنىڭ نېمىلىكىنى ھېس قىلدۇرۇشتا قىينىلىپ قالىمىز. شۇڭا، ئالىي پېداگوگىكا مەكتەپلىرىدە ئومۇمىي پسىخولوگىيىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، يەنە ئۆگىنىش پسىخىكىسى، ئوقۇغۇچىلار پسىخىكىسى، ئوقۇتقۇچىلار پسىخىكىسى قاتارلىق مەزمۇنلارنى مۇۋاپىق دەرىجىدە قوشۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا يەتكۈزۈپ بېرىش لازىم. ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلار پسىخىكىسىنى سۆزلەپلا قالماي، يەنە پېداگوگىكا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ساپا قۇرۇلمىسى توغرىسىدىمۇ سىستېمىلىق تەربىيە ئېلىپ بېرىشى كېرەك. بۇنىڭدىكى مەقسەت پېداگوگىكا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئومۇمىي پسىخولوگىيە بىلىملىرىدىن خەۋەرلەندۇرۇپ، ئۇنىڭ ئوقۇتۇش پائالىيىتىدە قانداق ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئارقىلىق، كەلگۈسىدىكى ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىگە ماسلىشىشقا ياخشى ئاساس سېلىش ئۈچۈندۇر.

3) ئالىي پېداگوگىكا مەكتەپلىرى ئومۇمىي پسىخولوگىيە ئوقۇتۇشىنىڭ ئوبيېكتى - «جەمئىيەت ئەزاسى».

جەمئىيەتكە ماسلىشىش، جەمئىيەت ئۈچۈن يارامىلىق ئادەم بولۇش - بىزنىڭ تەربىيىلەش نىشانىمىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتى. پسىخولوگىيە پېنىنىڭ ھەر بىر مەزمۇنىنىڭ ھەر بىرىمىزنىڭ پۈتكۈل ھاياتىمىز ھەم ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىز بىلەن زىچ باغلىنىشى بار. شۇڭا، ئۇ، ھەر بىر ئادەم ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم بىر مەزمۇندۇر. بىزنىڭ تەربىيىلەۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرىمىز كەلگۈسىدىكى ئوقۇتقۇچىلار، شۇنداقلا جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى. ئۇلارنىڭ ھاياتى پەقەت مەلۇم بىر مەكتەپ ياكى سىنىپ بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھازىرقى ئوقۇغۇچىلىق، كەلگۈسىدىكى ئوقۇتقۇچىلىق رولىنى ئۆتەپلا قالماي، يەنە ئۆزگىرىپ، تەرەققىي قىلىپ تۇرۇۋاتقان مۇرەككەپ جەمئىيەت تۇرمۇشىغا ماسلىشالايدىغان ئىقتىدارنىمۇ يېتىلدۈرۈشى كېرەك. بىزنىڭ باشقا فاكۇلتېتلارغا ئۆتۈۋاتقان دەرسلىرىمىز ئىچىدە پسىخولوگىيىگە ئائىت دەرسلەردىن پەقەت مۇشۇ ئومۇمىي پسىخولوگىيىلا بار. ئوقۇغۇچىلار بۇ جەھەتتىكى بىلىملەردىن تېخىمۇ كۆپرەك خەۋەردار بولۇشنى ھەم بالدۇرراق خەۋەردار بولۇشنى ئىنتايىن ئارزۇ قىلىدۇ. شۇڭا، بىز ئومۇمىي پسىخولوگىيە ئوقۇتقۇچىلىرى

ئۆزىمىزنىڭ دەرس ۋاقىتلىرىمىزدىن پايدىلىنىپ، مۇۋاپىق پەيتتە ئوقۇغۇچىلارغا جەمئىيەت پسىخولوگىيىسىدىكى بىلىملەرنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇلاردىكى پسىخىكىلىق تەشنالىقنى قاندۇرساق، شۇ ئارقىلىق بەزى ئىجتىمائىي ھادىسىلەردىكى پسىخىكىلىق سەۋەبلەرنى ئوقۇغۇچىلارغا تونۇتۇپ، ئۇلارنى جەمئىيەت تۇرمۇشىغا ماسلاشتۇرۇش مەقسىتىگە يېتەلەيمىز. بىز دەرسىمىزدە پسىخىكىلىق ھادىسىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى فىزىئولوگىيىلىك ئاساسلارنى سۆزلەش بىلەن بىرگە، يەنە مۇشۇ خىل پسىخىكىلىق ھادىسىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى مۇھىت ئاساسىنىمۇ تولۇقلاپ چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشىمىز كېرەك.
مەسىلەن، ئادەملەرنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشى، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، جامائەت پىكرى، ئۆرپ - ئادەت، دەۋر قاتارلىقلارنىڭ پسىخىكىلىق تەرەققىياتتىكى رولىنى چۈشەندۈرۈشىمىز، يەككىلەر پسىخىكىسىنى چۈشەندۈرۈش بىلەن بىرگە كوللېكتىپ پسىخىكىسىنىمۇ سۆزلەپ ئۆتۈشىمىز كېرەك. بولۇپمۇ ئوقۇغۇچىلارغا كوللېكتىپ ئارىسىدىكى كىشىلىك مۇناسىۋەت، كىشىلىك ئالاقە، باشقىلارغا بېرىدىغان تەسىر، كوللېكتىپ ئارىسىدىكى پىكىر ئالماشتۇرۇش، باشقىلارغا پايدىلىق ھەرىكەتلەر دېگەن مەزمۇنلارنى چۈشەندۈرۈش - ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ئەمەلىي يېتەكچىلىك قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ھازىر بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىزمەت تاللاش پۇرسەتلىرى كۆپىيىۋاتىدۇ. كەسىپلەر بۇرۇنقىدەك مۇقىملىشىپ قالغان، تار دائىرىدە بولماستىن، بەلكى بارغانسېرى كېڭىيىۋاتىدۇ، رىقابەتمۇ كەسكىنلىشىۋاتىدۇ. جەمئىيەتنىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال قابىلىيىتىگە، بولۇپمۇ پسىخىكىلىق قابىلىيىتىگە قويىدىغان تەلىپىمۇ كۈنسايىن يۇقىرى بولماقتا. شۇڭا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخولوگىيە دەرسىنى ئۆگىنىشى ھەرگىزمۇ 60 نومۇر ئېلىپ لاياقەتلىك بولۇۋېلىش ئۈچۈنلا بولماستىن، بەلكى ئۆگەنگەن پسىخولوگىيىلىك بىلىملەرنى ئاڭلىقلىق بىلەن ئۆز ئەمەلىيىتىدە ئىشلىتىپ، كەلگۈسىدىكى خىزمەت ئورنىدا، رېئال تۇرمۇشتا ئەركىن - ئازادە، خۇشال - خورام ياشاپ، مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى بولۇشى ئۈچۈندۇر.

ئالىي مەكتەپ باسقۇچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىشىپ يېتىلىشكە قاراپ يۈزلىنىۋاتقان مەزگىلى بولغاچقا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساغلام پسىخىكىلىق ساپاسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، كەيپىيات، ئىرادە، خاراكتېر قاتارلىق بابلارنى سۆزلىگەندە، غەيرى نورمال ھالەت پسىخولوگىيىسىدىكى دائىم كۆرۈلىدىغان كەيپىيات توسالغۇلىرى، خاراكتېر توسالغۇلىرى، بوشاڭلىق، ھورۇنلۇق، ئىرادىسى ئاجىزلىق قاتارلىق مەزمۇنلارنى كىرگۈزۈپ سۆزلەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت ئوقۇغۇچىلارغا نورمال بولمىغان پسىخىكىلىق پائالىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ھەم ھەرىكەت ئىپادىلىرىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىكى پسىخىكىلىق نۇقسانلارنى ئاڭلىقلىق بىلەن تۈزۈتۈشكە ياردەم بېرىش ھەمدە ئادەملەر توپى ئارىسىدىكى غەيرى نورمال ھالەت پسىخىكىسى ھەم ھەرىكىتىنى بايقاپ، ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش؛ كەلگۈسىدىكى خىزمەت ئورنىدىمۇ ئوقۇغۇچىلارنى توغرا يولغا باشلايدىغان قىلىشتىن ئىبارەت. ھازىر ئوقۇغۇچىلىرىمىزدا ئاز بولمىغان غەيرى نورمال ھالەتلەر مەۋجۇت، پسىخىكىلىق توسالغۇلارمۇ ئېغىر. ئۇلارنىڭ ئىرادىسى كۈچلۈك ئەمەس. ئۇلار كەيپىياتتا ئاسان ھاياجانلىنىدۇ، خاراكتېر جەھەتتىن پاسسىپراق. ئۇلار نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي، ھەر خىل يامان يوللارغىمۇ مېڭىپ كېتىۋاتىدۇ. ھەتتا بەزىلەر ئازراقىنە پسىخىكىلىق توسالغۇلار تۈپەيلىدىن مەكتەپتىن ئۆزلىكىدىن چېكىنىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەكتەپلىرىمىزدە مەخسۇس پسىخىكىلىق مەسلىھەت بېرىش ئورۇنلىرى يوق. ئوقۇتۇشتا ئائىت دەرسلەر ئاز، نەزەرىيە كۆپ، ئەمەلىيەت ئاز، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي ئىقتىدارى، مەشغۇلات قابىلىيىتى كەمچىل. شۇڭا، ئۇلاردا ئۆزىنى چۈشەنمەسلىك ھەم ئۆزىگە ئىشەنمەسلىك ئېغىر. بىز ئومۇمىي پسىخولوگىيە ئوقۇتقۇچىلىرى بىر ھەپتىدە ئۆتىدىغان ئۈچ سائەتلىك دەرستىن پايدىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارغا يۇقىرىقىدەك پسىخىكىلىق توسالغۇلارنى، بەزى غەيرى نورمال ھالەت پسىخىكىلىرىنى قانداق يېڭىش

توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك. بۇ مەيلى ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا ماسلىشىش جەھەتتىن بولسۇن ياكى ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىگە ماسلىشىشتا بولسۇن تولىمۇ مۇھىم.

## 2. ئوقۇتۇش ئوبيېكتىنى تولۇق تونۇشنىڭ ئوقۇتۇشتىكى رولى

ئوقۇتۇش – تەلىم - تەربىيە مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ئاساسلىق يوللارنىڭ بىرى. ئۇ، ئوقۇتۇش مەقسىتىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى، ئوقۇتۇش مەزمۇنىنىڭ تاللىنىشى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنىڭ ئىشلىتىلىشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ خىل ئامىللار ئوقۇتۇش ئوبيېكتىنى تولۇق تونۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ.

1) ئوقۇتۇش ئوبيېكتىنى تونۇش – ئوقۇتۇش مەقسىتىنى تۇرغۇزۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى.

ئوقۇتۇش – مەقسەتچانلىقى كۈچلۈك بىر خىل پائالىيەت. ئوقۇتۇش مەقسىتى ئوقۇتۇش ئوبيېكتىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. ئوخشاش بولمىغان ئوقۇتۇش ئوبيېكتىغا قارىتا ئوقۇتۇش مەقسىتىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. كىشىلەر بۇ نۇقتىنى ئاسانلىقچە ئويلاپ كەتمەيدۇ. ئەگەر بىز ئومۇمىي پسىخولوگىيە ئوبيېكتىنى پەقەت «ئوقۇغۇچى» دەپلا قاراپ، ئۇنىڭ «كەلگۈسىدىكى ئوقۇتقۇچى» لىقىغا سەل قارىساق، ئوقۇتۇشىمىز كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلمەي قالىدۇ. مەسىلەن، «دىققەت» دېگەن بابنى سۆزلەش پەقەت مۇشۇ خىل پسىخىكىلىق ھادىسىنىڭ ئادەملەردە بولىدىغانلىقىنى ھەم ئۇنىڭ قانداق قانۇنىيەتلىرىنىڭ بارلىقىنى ئوقۇغۇچىلارغا ئىگىلىتىشلا بولۇپ قالىدۇ. ئەمما، ئوقۇ - ئوقۇتۇش جەريانىدا قانداق قىلغاندا دىققەت قانۇنىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئوقۇتۇشنى تەشكىللەش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا چوڭقۇر، قايىل قىلارلىق چۈشەنچە بەرگىلى بولمايدۇ. بەزى ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارغا بىلىم ئىگىلىتىشنىلا ئاساس قىلىپ، ئۇلاردىكى ھېسسىيات ئامىلىنىڭ يېتىلىشىگە ھەم ئۇنىڭ ھەرىكەتكە ئۆزگىرىشىگە سەل قارايدۇ. شۇڭا، خىزمەتكە چىققاندا ئوقۇغۇچىلار ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلالماي قىينىلىدۇ. ئوقۇغۇچىلار بۇ پەننى ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلاردا بىلىشلا بولۇپ، ھېسسىيات بولمىسا ھەم ئۇنى ئەمەلىي ھەرىكىتىگە تەدبىقلىيالمىسا، ئۇلار بۇ پەننى ئۆگەنمىگەنگە تەڭ بولىدۇ. شۇڭا، بىز ئوقۇتۇش ئوبيېكتىنى چۈشىنىش - ئوقۇتۇش مەقسىتىنى تۇرغۇزۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى دەيمىز.

2) ئوقۇتۇش ئوبيېكتىنى ئەتراپلىق تونۇش – ئوقۇتۇش مەزمۇنىنى تاللاشنىڭ ئالدىنقى شەرتى.

ئوقۇتۇش پائالىيىتىدە ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇتۇشى يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ. ئۇلار ماتېرىيالغا تايىنىپ تۇرۇپ، مەقسەتلىك ھالدا تونۇش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يېتەكچىلىك رولىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەربىيىلەش ئوبيېكتىنى «ھازىرقى ئوقۇغۇچى، كەلگۈسىدىكى ئوقۇتقۇچى، جەمئىيەت ئەزاسى» دەپ قارىغاندىلا ئاندىن ئۇلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، ئوقۇتۇش مەزمۇنىنى تاللىيالايدۇ. ئۇلارنى ھازىرقى ئوقۇغۇچى دەپ قارىغاندا، ئوقۇتقۇچىلار ئەڭ زور تىرىشچانلىق بىلەن تەربىيە ئوبيېكتىنىڭ پسىخىكىلىق بىلىملەرگە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرالايدۇ؛ كەلگۈسىدىكى ئوقۇتقۇچىلار دەپ قارىغاندا، ھەر خىل ئامىللار بىلەن، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرگەن ھالدا پسىخولوگىيىلىك بىلىملەرنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش جەريانىدا ئىشلىتىلىشىنى چۈشەندۈرۈش ھەم تەربىيە ئوبيېكتىنى كەلگۈسىدىكى ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىگە ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىدۇ؛ تەربىيە ئوبيېكتىنى جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى دەپ قارىغاندا، ئۇلارغا ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا پسىخولوگىيە بىلىملىرىنى ئاڭلىقلىق بىلەن ئىشلىتىشنى ئۆگىتىپ، جەمئىيەتنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىش ئۈچۈن ئىمكانىيەت ھازىرلاپ بېرىشكە تىرىشىدۇ.

3) ئوقۇتۇش ئوبيېكتىنى تولۇق تونۇش ـ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى تاللاپ ئىشلىتىشتىمۇ ئىنتايىن مۇھىم.

ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇتۇشى بىلەن ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆگىنىشىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنىڭ قانداق بولۇشى بىۋاسىتە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ئۇسۇلىنىڭ قانداق بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ. مەسىلەن، «قۇيۇپ قويۇش ئۇسۇلى» ئوقۇغۇچىلارغا بىلىمنى پاسسىپلىق بىلەن قوبۇل قىلدۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ تەپەككۇرىنى بوغۇپ قويىدۇ. بىز بۇ خىل ئۇسۇلنى ئىشلىتىپ، پېداگوگىكا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى تەربىيىلىسەك، «كەلگۈسىدىكى ئوقۇتقۇچىلار» مۇ مۇشۇ خىل ئۇسۇل بىلەنلا كەلگۈسىدىكى ئەۋلادلارنى تەربىيىلىشى مۇمكىن. ئەگەر بىز تەلىم ـ تەربىيە ئوبيېكتىمىزنىڭ سوبيېكتىپچانلىقتا ئىگە جانلىق مەۋجۇداتلىقىنى تونۇپ يېتەلىسەك، ئاندىن ئىلھاملاندۇرۇش ئۇسۇلىنى يېتەكچى قىلىپ تۇرۇپ، مۇۋاپىق ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى تاللىيالايمىز.

ئۇزاق ۋاقىتلىق تەلىم ـ تەربىيە ئەمەلىيىتى جەريانىدا، بىز ئىشلىتىپ كۆرۈشكە تېگىشلىك نۇرغۇن ئۇسۇللار مەيدانغا كەلدى. مەسىلەن، تەجرىبە قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىكىلىق بىلىملەرگە بولغان چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئوقۇتۇش مەزمۇنىنىڭ ئىلمىيلىكىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. ئوقۇتۇشتا ئەمەلىي مىساللارنى تەھلىل قىلدۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق، كەلگۈسىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنى ئۆگەنگەن پسىخولوگىيە بىلىملىرىگە تايىنىپ، ئوقۇتۇش جەريانىدا كۆرۈلىدىغان ھەر خىل مەسىلىلەرنى بىرتەرەپ قىلالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. رول ئېلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا مەلۇم تۇرمۇش شارائىتىدا پەيدا بولىدىغان ھەر خىل پسىخىك پائالىيەتلەرنى ھېس قىلدۇرغىلى بولىدۇ. ئوقۇتقۇچىلار مەيلى قايسى ئۇسۇلنى تاللىسۇن، مۇھىمى شۇ ئۇسۇلنى قانداق ئىشلىتىشنى بىلىشى كېرەك. جۈملىدىن تاللىغان ئۇسۇل چوقۇم ئوقۇتۇش مەقسىتى، ۋەزىپىسى ۋە مەزمۇنى ئۈچۈن خىزمەت قىلالايدىغان بولۇشى، ئوقۇتۇش ئوبيېكتىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە مۇۋاپىق كېلىشى كېرەك.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئومۇمىي پسىخولوگىيىنىڭ ئوقۇتۇش ئوبيېكتىنى «ھازىرقى ئوقۇغۇچىلار، كەلگۈسىدىكى ئوقۇتقۇچىلار، جەمئىيەت ئەزاسى» دەپ قاراش كېرەك. ئوقۇتۇش ئوبيېكتىنى تولۇق تونۇش ئومۇمىي پسىخولوگىيە ئوقۇتۇشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ئۇ بىزنىڭ ئوقۇتۇش مەقسىتىنى تىكلىشىمىزگە، ئوقۇتۇش مەزمۇنىنى تاللىشىمىزغا، ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى مۇۋاپىق ئىشلىتىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ ھەمدە پسىخولوگىيە بىلىملىرىنى تولۇق، سىستېمىلىق يەتكۈزۈپ بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ بىلىملەرنى ئوقۇتۇش، تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە ئىشلىتىپ، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشى ئۈچۈن پايدىلىق، شۇنداقلا ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىگە، جەمئىيەت تۇرمۇشىغا ماسلىشىشتىن ئىبارەت ئومۇمىي ساپا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئوقۇتۇش تەتقىقاتى

# ئۇيغۇر تىلى دەرسلىكلىرىدىكى ئاددىي سان ۋە مۇرەككەپ سانلارنىڭ تەبىرلىرى توغرىسىدا

خەلىل غوپۇر
(قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە بارىن يېزا 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ)

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان «ئۇيغۇر تىلى» دەرسلىكى مەزمۇنى، قۇرۇلمىسى ۋە ئۆزئارا باغلىنىشى قاتارلىق جەھەتلەردىن ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭىلىنىپ، ساپا مائارىپىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇلماقتا. يېڭى تۈزۈلگەن دەرسلىكلەر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، قانۇنىيەتلەرنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشىنى، مۇھىم، قىيىن نۇقتىلارنى توغرا تونۇپ، تەلەپلەرنى ياخشى ئىگىلەپ، ئوقۇغۇچىلارغا ئىنچىكە، مېغىزلىق، چۈشىنىشلىك بىلىم بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. باشقا دەرسلىكلەرگە ئوخشاشلا ئۇيغۇر تىلى دەرسلىكىمۇ ئوقۇتقۇچىلاردىن يۇقىرى ماھارەت، ئىقتىدار بولۇشنى تەلەپ قىلماقتا.

دەرسلىك تۈزۈش ـ مەسئۇلىيەتچانلىقى بىرقەدەر كۈچلۈك، مۇرەككەپ ئىلمىي خىزمەت بولۇپ، ئىنتايىن كۆپ ئەجىر سىڭدۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، بەزى يېتەرسىزلىكلەردىن ساقلىنىش قىيىن. شۇڭا، كونا، يېڭى دەرسلىكلەردىكى بىر قىسىم مەسىلىلەر، ئوقۇتۇش جەريانىدا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلار توغرىسىدا بەزىبىر كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

1) ئابدۇلئەھەد قاسىم، ھاكىمجان مەسۇملار تۈزگەن، 2000 ـ يىل 6 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان باشلانغۇچ مەكتەپ ئۇيغۇر تىلى دەرسلىكى 2 ـ قىسىمدا ئاددىي سان ۋە مۇرەككەپ سان توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك تەبىر بېرىلگەن:

بىرلا سۆز بىلەن ئايرىم ئىپادىلەنگەن سانلار ئاددىي سان دەپ ئاتىلىدۇ. ئاددىي سانلار بىردىن ئونغىچە بولغان سانلار ھەم ھەربىر ئونلۇق سانلارنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، بىر، بەش، يەتتە، توققۇز، ئون، يىگىرمە، ئوتتۇز، ئەللىك، سەكسەن، يۈز، مىڭ، مىليون، مىليارد.

ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سانلاردىن قوشۇلۇپ ئىپادىلەنگەن سانلار مۇرەككەپ سان دەپ ئاتىلىدۇ. مۇرەككەپ سانلار ھەربىر ئونلۇق، يۈزلۈك، مىڭلىق، مىليونلۇق، مىلياردلىق ئىچىدىكى سانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، ئون بىر، يىگىرمە ئۈچ، ئەللىك بەش، بەش يۈز سەكسەن يەتتە، بىر مىڭ توققۇز يۈز ئون ئىككى…

2) ئابدۇللەتىپ تاشپولات تۈزگەن، 2000 ـ يىلى 6 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئۇيغۇر تىلى دەرسلىكى 2 ـ قىسىمدا ئاددىي سان ۋە مۇرەككەپ سان توغرىسىدا مۇنداق دېيىلگەن:

بىرلا تۈپ سان بىلەن ئىپادىلىنىدىغان سانلار ئاددىي سان دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، بىر، ئون، يۈز، مىڭ، مىليون…

ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئاددىي ساننىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن سانلار مۇرەككەپ سان دەپ

ئاتىلىدۇ. مۇرەككەپ سانلار تۆۋەندىكى مۇناسىۋەت بويىچە بىرىكىدۇ: (1) قوشۇلۇش مۇناسىۋىتى؛ (2) ھەسسىلەش - ھەسسىلىنىش مۇناسىۋىتى؛ مەسىلەن، ئون بىر، يىگىرمە ئۈچ، ئوتتۇز بەش؛ بەش يۈز، ئالتە مىڭ، يەتتە مىڭ ئۈچ يۈز...

3) ئابدۇرەشىد سابىت تۈزگەن، 1993 - يىلى 6 - ئايدا نەشر قىلىنىپ، 1999 - يىلى 6 - ئايدا 7 - قېتىم بېسىلغان تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئۇيغۇر تىلى دەرسلىكى 2 - قىسىمدا ئاددىي سان ۋە مۇرەككەپ سان توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك تەبىر بېرىلگەن:

بىرلا تۈپ سان بىلەن ئىپادىلىنىدىغان سانلار ئاددىي سان دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، بىر، ئىككى، بەش، ئون، ئەللىك، سەكسەن، يۈز، مىڭ، مىليون، مىليارد.

ئاددىي سانلار ئاساسەن بىرلىك، ئونلۇق، يۈزلۈك، مىڭلىق ۋە مىليون، مىليارد سۆزلىرىنى، يەنى ھەممىسى 22 سۆزنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ (بۇنىڭدىن يۇقىرىلار مەخسۇس ساھەدە قوللىنىلىدۇ). بۇ ئاساستا ناھايىتى چوڭ، ھەتتا چەكسىز سانلارنى ياساش مۇمكىن.

ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئاددىي سانلارنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن سانلار مۇرەككەپ سان دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، ئون بەش، بىر يۈز يىگىرمە ئالتە، بەش يۈز ئاتمىش تۆت، بىر مىڭ ئىككى يۈز ئەللىك سەككىز...

4) ئادىل ئەزىز، غەنى ئابدۇگۇللەر تۈزگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىن لېكسىيىلەر» دېگەن كىتابتا ئاددىي سان ۋە مۇرەككەپ سانلارغا مۇنداق ئېنىقلىما بېرىلگەن:

بىرلا سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدىغان سانلار ئاددىي سان دېيىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاددىي سانلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: بىر، ئىككى، ئۈچ، تۆت، بەش، ئالتە، يەتتە، سەككىز، توققۇز، ئون، يىگىرمە، ئوتتۇز، قىرىق، ئەللىك، ئاتمىش، يەتمىش، سەكسەن، توقسان، يۈز، مىڭ مىليون، مىليارد.

يۈز، مىڭ، مىليون، مىليارد سانلىرىنىڭ ئالدىغا بەزىدە «بىر» سۆزى قوشۇلۇپ كېلىدۇ، لېكىن بۇ سانلارنىڭ مەنىسىگە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار يەنىلا ئاددىي سان ھېسابلىنىدۇ.

ئاددىي سانلارنىڭ ئۆزئارا بىرىكىشىدىن ياكى ئاددىي سان بىلەن مۇرەككەپ سانلارنىڭ مەلۇم مۇناسىۋەتتە بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان سانلار مۇرەككەپ سان دېيىلىدۇ. مۇرەككەپ سانلار قوشۇلۇش مۇناسىۋىتى، ھەسسىلەش - ھەسسىلىنىش مۇناسىۋىتىدە بىرىكىدۇ. مەسىلەن، ئون بەش، مىڭ بىر، يۈز ئالتە؛ بەش يۈز، ئون مىڭ، بىر يۈز ئەللىك مىڭ...

5) ئەنسەرىدىن مۇسا، تۇردى ئەھمەد، نەسرۇللا يولبولدى قاتارلىقلار تۈزۈپ، 1985 - يىلى نەشرى قىلىنغان ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» دا ئاددىي سان ۋە مۇرەككەپ سانلار توغرىسىدا مۇنداق چۈشەنچە بېرىلگەن:

بىرلا تۈپ ساندىن تۈزۈلگەن ساناق ساننى ئاددىي سان دەيمىز. مەسىلەن، بىر، ئىككى، بەش، يەتتە، ئون، يىگىرمە، يۈز، مىليون، مىليارد.

بىر نەچچە تۈپ ساندىن تۈزۈلگەن ساناق ساننى قوشما سان دەيمىز. مەسىلەن، بىر يۈز ئەللىك بەش، يىگىرمە توققۇز، بىر مىليارد، ئەللىك مىڭ...

يۇقىرىدا بىر قىسىم «ئۇيغۇر تىلى» دەرسلىكلىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاددىي سان ۋە مۇرەككەپ سان ھەققىدىكى ئوخشىمايدىغان قاراشلارنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. ئەمدى ئۇلارنى بىر - بىرلەپ مۇلاھىزە قىلىپ كۆرىمىز.

1) 2000 - يىلى 6 - ئايدا نەشر قىلىنغان باشلانغۇچ مەكتەپ «ئۇيغۇر تىلى» 2 - قىسىم دەرسلىكىدىكى ئاددىي سان چۈشەنچىسى بىرقەدەر توغرا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، تىل دەرسلىكىگە ئۇيغۇن بولۇپ قالماستىن، ماتېماتىكا دەرسلىكىدىكى سان چۈشەنچىلىرى بىلەنمۇ قارىمۇ قارشى كەلمەيدۇ.

2) 2000 - يىلى 6 - ئايدا نەشر قىلىنغان تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئۇيغۇر تىلى 2 - قىسىم

دەرسلىكتىكى ئاددىي سان ھەم مۇرەككەپ سانغا بېرىلگەن تەبىر مۇۋاپىق ئەمەس. بولۇپمۇ، ئاددىي سان توغرىسىدىكى ئېنىقلىما توغرا بولمىغان. ئۇنىڭدا بىرلا تۈپ سان بىلەن ئىپادىلىنىدىغان سان ئاددىي سان دەپ ئاتىلىدۇ، دېيىلگەن. دېمەك، بىرلا تۈپ ساننىڭ ئۆزى ئاددىي سان بولسا، ئۇ ھالدا ئۇيغۇر تىلىدىكى تۈپ سان چۈشەنچىسى بىلەن ماتېماتىكىدىكى تۈپ سان چۈشەنچىسى بىر ـ بىرىگە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ.

3) 1993 ـ يىلى 6 ـ ئايدا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغان تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئۇيغۇر تىلى 2 ـ قىسىم دەرسلىكتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان چۈشەنچىلەر 2000 ـ يىلى 6 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان كىتابتىكى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش.

4) «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىن لېكسىيىلەر» دېگەن كىتابتىكى چۈشەنچىدە سانلار يەنىلا ئاددىي سان، مۇرەككەپ سان دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئاددىي سان چۈشەنچىسىدە، يۈز، مىڭ، مىليون، مىليارد دېگەن سۆزلەرنىڭ ئالدىغا «بىر» قوشۇلۇپ كەلسىمۇ مەنىسى ئۆزگەرمىگەنلىكتىن، بۇلار يەنىلا ئاددىي سان بولىدۇ، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇنىڭدا، ماتېماتىكىدىكى تەڭلىك مۇناسىۋىتى نەزەرگە ئېلىنىپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئېيتىلىش مۇناسىۋىتى نەزەرگە ئېلىنمىغان. ئاخىرىدا يەنە مۇرەككەپ سان چۈشەنچىسى يۇقىرىقىلارغا ئوخشاش ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

5) 1985 ـ يىلى نەشر قىلىنغان ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» دا، سانلار ئىپادىلەيدىغان مەنىلىرىگە قاراپ بۆلۈنگەندە ساناق سان ئاددىي ھەم مۇرەككەپ دەپ ئىككى خىل بولىدۇ دېيىلگەن. بىراق بۇ يەردە سانلارنىڭ تۈزۈلۈشىگە دىققەت قىلىنمىغان. ئەمما يەنە بۇ كىتابتا، بىرلا تۈپ ساننى ئاددىي سان دەيمىز، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ مىسال كەلتۈرۈلگەن ھەمدە بىرنەچچە تۈپ ساندىن تۈزۈلگەن ساناق ساننى قوشما سان دەيمىز، دەپ ئېنىقلىما بېرىلىپ، قوشما سان چۈشەنچىسى ياخشى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

دېمەك، يۇقىرىقى ماتېرىياللاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھەرقانداق بىلىم ئۆز تەرەققىياتى جەريانىدا مۇشەققەتلىك ۋە ئەگرى ـ توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتىدۇ. ياخشىلىرى تاللىنىپ، ناچارلىرى شاللىنىپ، بارغانسېرى مۇكەممەللىشىدۇ. «ئۇيغۇر تىلى» دەرسلىكىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئۆتكەنكىلەرگە تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش ئارقىلىق مۇكەممەل دەرسلىك بولۇپ شەكىللىنىدۇ.

بۇ يەردە شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، ماتېماتىكا ئىلمىدىكى سانلارنى تۈپ سان ۋە مۇرەككەپ سان دەپ بۆلۈش بىلەن «ئۇيغۇر تىلى» دەرسلىكىدىكى ئاددىي سان ۋە مۇرەككەپ (قوشما) سان دەپ بۆلۈشنىڭ ئۆلچىمى، ئۇسۇلى ئوخشىمايدۇ. شۇڭا بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك.

شۇنىڭ بىلەن بىللە يۇقىرىقى مەزمۇنلارنى تۆۋەندىكىدەك ئۆزگەرتىپ ئوقۇتۇش ئەقىلگە بىرقەدەر مۇۋاپىق دەپ قارايمەن.

سانلار تۈزۈلۈشىگە قاراپ ئاددىي سان ۋە قوشما سان دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. بىرلا سۆز بىلەن ئايرىم ئېيتىلىدىغان سانلار ئاددىي سان دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، بىر، ئىككى، ئۈچ، تۆت، بەش، ئالتە، يەتتە، سەككىز، توققۇز، ئون، يىگىرمە، ئوتتۇز، قىرىق، ئەللىك، ئاتمىش، يەتمىش، سەكسەن، توقسان، يۈز، مىڭ، مىليون، مىليارد قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلار كۆپ قوللىنىلىدىغان 22 ئاددىي ساندۇر.

بىرقانچە ئاددىي سانلارنىڭ مەلۇم مۇناسىۋەتتە بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان سانلار قوشما سان دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار قوشۇلۇش مۇناسىۋىتى ۋە ھەسسىلەش ـ ھەسسىلىنىش مۇناسىۋىتىدە بىرىكىپ كېلىدۇ. قوشۇلۇش مۇناسىۋىتى بىلەن بىرىكىپ كەلگەن قوشما سانلاردا، چوڭراق ئاددىي ساننىڭ ئارقىسىغا كىچىكرەك ئاددىي سان قوشۇلۇپ ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن، ئون بىر، يىگىرمە بەش، مىڭ بىر، يۈز ئالتە...

ھەسسىلەش ـ ھەسسىلىنىش مۇناسىۋىتىدە بىرىكىپ كەلگەن قوشما سانلاردا كىچىكرەك ئاددىي سان چوڭراق ئاددىي ساننىڭ ئالدىغا قوشۇلۇپ ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن، بەش يۈز، ئالتە مىڭ، يەتتە مىڭ ئۈچ يۈز، بىر مىڭ...

# ئېنگلىز تىلى كەسپىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا ئوقۇشلۇق دەرسىنى ئۆتۈشتە ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك بەزى مەسىلىلەر

ماھىنۇر ئابدۇغوپۇر
(ئىنستىتۇتىمىز تىل فاكۇلتېتى)

ئوقۇشلۇق دەرسى ـ ئالىي مەكتەپلەردىكى ئېنگلىز تىلى كەسپىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاساسلىق كەسپىي دەرسى بولۇپ، بۇنىڭدا ئوقۇش ئارقىلىق چۈشىنىش ئاساس قىلىنغان. بۇ دەرستە ئوقۇغۇچىلاردىن ئېنگلىزچە ماقالە، ھېكايە، چۆچەك، فىلىيەتون قاتارلىقلارنى كەڭ دائىرىدە ئوقۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئوقۇغۇچىلارغا سۆزلۈكلەرنى كۆپ ئىگىلىتىش، ئۇلارنىڭ ئوقۇش سۈرئىتىنى تېزلىتىش ۋە چۈشىنىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش مەقسەت قىلىنىدۇ. مەن ئۆزۈمنىڭ بۇ دەرسنى ئۆتۈش جەريانىدىكى تەسىراتىمغا بىرلەشتۈرۈپ، تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كەسپداشلار بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

**1. ئوقۇشلۇق دەرسىنىڭ ئېنگلىز تىلى ئۆگىنىشتىكى مۇھىملىقىنى توغرا تونۇش كېرەك**

ئېنگلىز تىلىمۇ باشقا تىللارغا ئوخشاش ئىجتىمائىي ئالاقە ۋاسىتىسى بولۇپ، ئوخشاشلا ئوقۇغۇچىلارغا ئاڭلاش، سۆزلەش، ئوقۇش، يېزىش، تەرجىمە قىلىشتىن ئىبارەت بەش ئاساسىي ماھارەتنى ئىگىلەش تەلىپى قويۇلىدۇ. خېلى كۆپ ساندىكى ئۆگەنگۈچىلەر ئوقۇش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ ئۇلارنىڭ باشقا جەھەتلەردىكى يۈكسىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىشتا چوڭ رولى بار دەپ قارايدۇ. مەنمۇ ئېنگلىز تىلىنى ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش جەريانىدا بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. ئامېرىكىلىق پسىخىكاشۇناس گۇدمان «ئوقۇشلۇق ـ پسىخىكىلىق تىلشۇناسلىقتىكى تېپىشماق تاپىدىغان ئويۇنغا ئوخشايدۇ. بۇ ئويۇن ئىدىيە ۋە تىلنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش جەريانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» دېگەن ئىدى. ئوقۇشلۇق ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارنىڭ ئىپادىلىنىشى بولۇپ، بىرقەدەر يۇقىرى ئوقۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن خېلى پۇختا ئاساسىي بىلىمنى ۋە بەلگىلىك مىقداردىكى سۆزلۈكلەرنى ئىگىلەش زۆرۈر. سۆزلۈكلەرنى كۆپ ئىگىلەش ـ ئېنگلىزچە ماتېرىياللارنى كۆپ كۆرۈش ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ، ئوقۇشلۇق دەرسى دەل مۇشۇ ئېھتىياجغا ماسلىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ دەرسنىڭ مۇھىملىقىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ.

**2. مۇۋاپىق ماتېرىيال تاللاش كېرەك**

ئوقۇتقۇچىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى ئوقۇغۇچىلارغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ئوقۇشلۇق ماتېرىياللىرىنى تاللاشتىن ئىبارەت. ئوقۇتقۇچىنىڭ مەسئۇلىيىتى ئوقۇغۇچىلار قىزىقىدىغان، ئۇلارنىڭ سەۋىيىسىگە ماس كېلىدىغان دەرسلىكنى تاللاش، ئۇلارنىڭ قوشۇمچە پائالىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش ۋە پىلانلاش ئارقىلىق ئۇلارنى ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش بولۇشى كېرەك. ئوقۇغۇچىلارنى كۆپ مىقداردىكى ئېنگلىزچە ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەش كېرەك. دەرسخانىدا ئىشلىتىدىغان دەرسلىكلەردىن خەن جېڭشەن، خې خۇيشىڭ قاتارلىقلار تۈزگەن «ئېنگلىزچە ئوقۇشلۇق دەرسلىكى» دىن سىرت باشقا بىرنەچچە ئېنگلىزچە گېزىت ـ ژۇرناللارنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا كۆرۈپ تۇرۇشى ئۈچۈن

تەييارلاپ بېرىش كېرەك. مەسىلەن، ئوقۇغۇچىلارغا «ئىنگلىزچە ئۆگىنىشتىكى ئارقا كۆرۈنۈش بىلىملىرى» قاتارلىق كىتابلارنى تاپتۇرۇش، «ئىنگلىزچىنى تەكرارلاش گېزىتى»، «ئالىي مەكتەپ ئىنگلىز تىلى»، «ئىنگلىزچە ئۆگىنىش» قاتارلىق گېزىت ـ ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك.

**3. قاتتىق ۋە ئېھتىياتچان ئوقۇتۇش پوزىتسىيىسىنى تۇرغۇزۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشلۇق دەرسىنى ياخشى ئۆگىنىشىگە توغرا يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك**

ئېگىلىشىمىزچە، بىرقىسىم ئوقۇتقۇچىلار بۇ دەرسنى ئۆتۈشتە ئوقۇغۇچىلار ئاۋۋال ئۆزى كۆرىدىغان، سوئال بولسا ئوقۇتقۇچىدىن سورايدىغان، سوئال بولمىسا مەشىق ئىشلەپلا بولدى قىلىدىغان ئۇسۇلنى قوللىنىدىكەن. مەن بۇ خىل ئۇسۇل ئوقۇغۇچىلاردا بوشۇشۇپ قېلىش پىسخىكىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، كۆزلىگەن ئوقۇتۇش ئۈنۈمىگە يەتكىلى بولمايدۇ دەپ قارايمەن. ئوقۇشلۇق دەرسىنىڭ مەزمۇنى كۆپ، ھەپتىلىك دەرس سائىتى ئاز. بۇ ئۇسۇل ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەستايىدىل دەرس تەييارلاپ، دەرس پىلانىنى ئىنچىكىلىك بىلەن لايىھىلەپ، ئوقۇغۇچىلارنى ھەر بىر دەرسنى ياخشى ئۆگىنىشكە، دەرسلىك مەزمۇنىنى تولۇق چۈشىنىشكە يېتەكلەش تەلەپ قىلىنىدۇ.

تىلشۇناس فرانك سىمىس: «ئوقۇش جەريانى مەسىلىنى ئاكتىپلىق بىلەن ھەل قىلىش جەريانى، بۇنىڭدا ئوقۇغۇچى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئۇچۇر تېپىشى، جاۋاب ئىزدىشى كېرەك» دەپ قارايدۇ. بۇ جەرياننى ئوقۇتقۇچى ئۆزى ئوقۇغۇچىنىڭ ئورنىدا ئەمەلگە ئاشۇرسا بولمايدۇ. ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىنىڭ ئۈنۈملۈك ئوقۇشى ئۈچۈن يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك. ئوقۇش سۈرئىتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تېكىستنى ئالدىن ئۆگىنىپ كېلىشىنى تۆۋەندىكىدەك ئىككى باسقۇچقا بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك:

1) تېز سۈرئەتتە ئوقۇش. بۇنىڭدا، تېكىستتە ئۇچرىغان يېڭى سۆزلەرنى لۇغەتتىن ئىزدىمەي تېكىستنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى ئىگىلەشلا تەلەپ قىلىنىدۇ.

2) نورمال سۈرئەتتە ئوقۇش. بۇنىڭدا، يېڭى سۆزلەر ۋە قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. دەرسخانىدا ئوقۇتقۇچى تېكىست بىلەن مۇناسىۋەتلىك سوئاللارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئوقۇغۇچىلاردىن جاۋاب ئېلىش ياكى ئوقۇغۇچىلارغا تېكىست مەزمۇنىنى بايان قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئالدىن ئۆگىنىپ كېلىش ئەھۋالىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنى ئەستايىدىل تەييارلىق قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ھەر قېتىم ئالدىن ئۆگىنىپ كېلىش ئەھۋالىنى باھالاپ نومۇر قويۇش كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا، ئوقۇتقۇچى تېكىستتىكى ئارقا كۆرۈنۈش بىلىملىرىنى ئوقۇغۇچىلارغا تونۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىشى، ئاندىن كېيىن قىيىن نۇقتىلارنى بىرتەرەپ قىلىشى، ئاخىرىدا مەشىق ئىشلەشنى باشلىشى كېرەك.

دەرسخانىدا ئوقۇتۇشنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرستىن كېيىنكى ئوقۇشىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئۇلارنىڭ دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ ئىنگلىزچە بىرىشۇرلارنى، گېزىت ـ ژۇرناللارنى كۆپرەك كۆرۈشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىش ۋە بۇ جەھەتتە ئۇلارغا ئېنىق ۋەزىپە ئورۇنلاشتۇرۇپ تەكشۈرۈپ تۇرۇش كېرەك. مەسىلەن، ئوقۇغۇچىلارغا ھەر ئىككى ھەپتىدە بىر پارچە بىرىشۇر كىتابنى ئوقۇش ۋە ئۇنىڭدىن تەسىرات يېزىش ياكى ئاساسىي مەزمۇنىنى يېزىپ كېلىش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشتۇرسىمۇ بولىدۇ. ئوخشاش بولمىغان ئوقۇشلۇق ماتېرىياللىرىغا قارىتا تاپشۇرۇقنى ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇلدا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆز ۋاقتىدا تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ، تاپشۇرۇقنى تەكشۈرگەندىن كېيىن نەتىجىنى خاتىرىلەش، خۇلاسە چىقىرىش، تەقدىرلەش ۋە تەنقىدلەپ تۇرۇش كېرەك.

قىسقىسى، ئىنگلىزچە ئوقۇشلۇق دەرسىنى ياخشى ئۆتۈش ئانچە ئاسان ئەمەس. ئوقۇتقۇچى ئەستايىدىل دەرس تەييارلاپ، دەرس ئۆتۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشىگە توغرا يېتەكچىلىك قىلسىلا چوقۇم ياخشى ئوقۇتۇش ئۈنۈمىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

# «جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى كۇتۇپخانىلىرىنىڭ كىتابلارنى تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى» دىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تۈرى توغرىسىدا

سىدىق ئىسمائىل، ھۆرنىسا ئابدۇللا
(ئىنستىتۇتىمىز كۇتۇپخانىسى)

ھەرقايسى كۇتۇپخانىلار ئۆزلىرىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىك كۆلىمىگە ئاساسەن كىتابلار جۇغلانمىسىنى تەشكىل قىلىدۇ ھەمدە ئۆزلىرى تەشكىل قىلغان شۇ كىتابلار جۇغلانمىسىنى پەن تۈرى بويىچە ئايرىپ ساقلايدۇ ۋە شۇ ئاساستا باشقۇرىدۇ. لېكىن ھەرقايسى كۇتۇپخانىلارنىڭ كىتابلارنى تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى ئوخشاش ئەمەس. جۇڭگودا ھازىر قوللىنىلىۋاتقان تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلىدىن ئاساسلىقى «جۇڭگو كۇتۇپخانىلىرىنىڭ كىتابلارنى تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى»، «جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى كۇتۇپخانىلىرىنىڭ كىتابلارنى تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى»، «جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كىتابلارنى تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى» قاتارلىقلار بار. ھەرقايسى كۇتۇپخانىلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن ئۆزلىرىگە خاس تۈرگە ئايرىش ئۇسۇللىرىنى ئىشلىتىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە «جۇڭگو كۇتۇپخانىلىرىنىڭ كىتابلارنى تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى» بىرقەدەر ئومۇملاشقان بولۇپ، ئۇنى ئىشلىتىۋاتقان كۇتۇپخانىلار كۆپرەك، قالغان ئىككى خىل ئۇسۇلنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى ئالدىنقىغا قارىغاندا نىسبەتەن ئازراق. بىزنىڭ كۇتۇپخانىمىز مۇشۇ ئۇسۇللار ئىچىدە «جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى كۇتۇپخانىلىرىنىڭ كىتابلارنى تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى» نى قوللىنىپ كېلىۋاتىدۇ. شۇڭا بىز بۇ يەردە مۇشۇ «ئۇسۇل» ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

«جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى كۇتۇپخانىلىرىنىڭ كىتابلارنى تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى» نىڭ 2 ـ نەشرى 1974 ـ يىلى، 3 ـ نەشرى 1994 ـ يىلى تارقىتىلدى. ئالدىنقى نەشرىگە قارىغاندا كېيىنكى نەشرى زور دەرىجىدە مۇكەممەل بولغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللىنىپ كېلىۋاتقان كۇتۇپخانىلار ئىنتايىن رازى. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى كۇتۇپخانىلىرىنىڭ كىتابلارنى تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلىنىڭ 3 ـ نەشرى 2 ـ نەشرىنىڭ سىستېما قۇرۇلمىسىغا ئەمەل قىلىش ئاساسىدا تولۇقلاندى ۋە مۇكەممەللەشتى، ئايرىم بەلگىلەردە ئۆزگىرىشلەر بولدى.

«جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى كۇتۇپخانىلىرىنىڭ كىتابلارنى تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى» ـ تۈزۈلۈش پرىنسىپى، تۈرگە ئايرىش سىستېمىسى، قايتا تۈرگە ئايرىش جەدۋىلى، ئىنزاھات، تۈرگە ئايرىش نومۇرى ۋە كۆرسەتكۈچ قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە بەش سىستېما بار. ئۇلار 25 چوڭ تۈرگە ئايرىلىدۇ.

قايتا تۈرگە ئايرىش جەدۋىلى ئىككى خىل خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى، مەخسۇس تۈرلەردە ئىشلىتىلىدىغان قايتا تۈرگە ئايرىش جەدۋىلى، بۇ، ئاساسەن «سىياسەت»، «ئەدەبىيات» «تارىخ» قاتارلىق تۈرلەردە كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. يەنى كىتابلارنى تۈرگە ئايرىش ئېھتىياجىغا ئاساسەن قايتا تۈرگە ئايرىش جەدۋىلىنىڭ نومۇرى رايون ۋە مەملىكەت بەلگىلىرىنىڭ كەينىگە قوشۇپ بېرىلىپ، «قوشۇمچە قايتا تۈرگە ئايرىلىدۇ» دېيىلىدۇ. مەسىلەن، «ئامېرىكا جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تارىخى» دېگەن كىتابقا 56309. 25 دېگەن نومۇر بېرىلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە «25» قىتئەگە بېرىلگەن، «563» رايون نومۇرى، «09» جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تارىخىغا بېرىلگەن. قايتا تۈرگە ئايرىش جەدۋىلىنىڭ يەنە بىرى: «قوشۇمچە تۈرگە ئايرىش جەدۋىلى» بولۇپ، بۇنىڭدا تۈرگە ئايرىش جەدۋىلىنىڭ كەينىگە پۈتۈن جەدۋەلنىڭ ھەممىسىگە

قوللىنىش ئۇچۇن قوشۇلغان قوشۇمچە تۈرگە ئايرىش جەدۋىلىدىن يەتتىسى بار. ئۇلار:

(1) ئومۇمىي نەزەرىيە بويىچە قايتا تۈرگە ئايرىش جەدۋىلى؛
(2) جۇڭگو دەۋر جەدۋىلى؛
(3) جۇڭگو رايونلار جەدۋىلى؛
(4) جۇڭگو مىللەتلەر جەدۋىلى؛
(5) خەلقئارا دەۋر جەدۋىلى؛
(6) دۇنيا رايونلار جەدۋىلى؛
(7) دۇنيا مىللەتلىرى جەدۋىلى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

بۇنىڭ ئىچىدە «جۇڭگو رايونلار جەدۋىلى» نى مىسالغا ئالساق، ئۆلكە، ئۇنىڭدا، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارغا ئايرىم ـ ئايرىم نومۇر تەسىس قىلىنغان. مەسىلەن، شاڭخەي شەھىرىگە «57»؛ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا «35»؛ تيەنجىن شەھىرىگە «29» بېرىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، «جۇڭگو مىللەتلىرى جەدۋىلى» دىمۇ ئوخشاشلا ھەرقايسى مىللەتكە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا نومۇر تەسىس قىلىنغان. مەسىلەن، مۇشۇ جەدۋەل ئىچىدە موڭغۇلغا «12»؛ ئۇيغۇرغا «16»؛ قازاققا «31»؛ قىرغىزغا «32»؛ ئۆزبېككە «33»؛ تاجىكقا «34» دېگەن نومۇر بېرىلگەن. يەنە «جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى كۇتۇپخانىلىرىنىڭ كىتابلارنى تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى» نىڭ تۈر جەدۋىلىدىكى خېلى كۆپ تۈرلەرنىڭ ئاستىدا «... گە قاراپ تەپسىلىي ئايرىسىڭىز بولىدۇ» دېگەن ئىزاھات بېرىلگەن. بۇ مەخسۇس تۈرلەردە ئىشلىتىلىدىغان قايتا تۈرگە ئايرىش جەدۋىلى بولۇپ، بۇلار:

(10 ـ 19) «پەلسەپە» تۈرىدە بىر ئورۇندا؛
(22 ـ 26) «تارىخ» تۈرىدە ئىككى ئورۇندا؛
(27 ـ 29) «سىياسىي ـ ئىقتىساد» تۈرىدە بىر ئورۇندا؛
(31 ـ 33) «سىياسىي، ئىجتىمائىي تۇرمۇش» تۈرىدە ئۈچ ئورۇندا؛
(34) «قانۇن» تۈرىدە بىر ئورۇندا؛
(37 ـ 39) «مەدەنىي ـ مائارىپ، ئىلىم ـ پەن، تەنتەربىيە» تۈرىدە ئىككى ئورۇندا؛
(41) «تىل، تىل ـ يېزىق» تۈرىدە بىر ئورۇندا؛
(42 ـ 47) «ئەدەبىيات» تۈرىدە ئىككى ئورۇندا؛
(65 ـ 69) «يېزا ئىگىلىك» تۈرىدە ئىككى ئورۇندا؛
(71 ـ 74) «سانائەت تېخنىكىسى» تۈرىدە بىر ئورۇندا؛
(81 ـ 82) «خىمىيە سانائىتى» تۈرىدە بىر ئورۇندا، جەمئىي 17 ئورۇندا ئىزاھات بېرىلگەن.

بۇنى «جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى كۇتۇپخانىلىرىنىڭ كىتابلارنى تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى» غا تەدبىقلاشتا كىتابلارنىڭ تۈرىنى تەپسىلىيلەشتۈرۈش، كىتابلار جۇغلانمىسىغا بولغان ئىلمىي باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش مەقسەت قىلىنىدۇ.

«جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى كۇتۇپخانىلىرىنىڭ كىتابلارنى تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى» نىڭ 2 ـ نەشرىگە قارىغاندا 3 ـ نەشرى يۇقىرىدا بىز بايان قىلىپ ئۆتكەندەك خېلى مۇكەممەل بولسىمۇ ئەمما پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنى ئۈزلۈكسىز ھالدا تولۇقلاشقا ۋە تۈرلۈك مەزمۇنلارنى تېخىمۇ بېيىتىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ مەسىلىنى توغرا ھەل قىلىش ئۈچۈن تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشتىكى قەدەم ـ باسقۇچ ۋە ئۇسۇللارنى يەنىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، مۇۋاپىق دەپ قارالغان بەزى تۈرلەرگە تۈزۈتۈش كىرگۈزۈش كېرەك. بۇ يەردە ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ يېزىقىدىكى كىتابلار ئۈستىدە ئازراق توختىلىپ ئۆتىمىز: بۇ خىل كىتابلارنىڭ بۇرۇنقىغا قارىغاندا شەكلى ھەرخىل، مەزمۇنى مول بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلىنى تولۇق ئىپادىلەپ بەرگىدەك تەپسىلىي تۈرگە ئايرىپ چىقىش كېرەك. بىراق، «جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى كۇتۇپخانىلىرىنىڭ كىتابلارنى تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى» دا «ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى» غا بېرىلگەن نومۇر چەكلىك بولۇشتەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مەزمۇن جەھەتتە ئوخشمايدىغان خېلى بىر قىسىم كىتابلار بىر خىل تۈر ئىچىگە كىرىپ قېلىش ئەھۋاللىرى يۈز بېرىپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالنى بىز مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشتىن ئىلگىرى ئالدى بىلەن «جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى كۇتۇپخانىلىرىنىڭ كىتابلارنى تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى» دىكى «43.1 ـ 43.7 بولغان جۇڭگو ئەدەبىياتى» تۈرى بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ چىقىمىز («جۇڭگو پەنلەر

ئاكادېمىيىسى كىتابلارنى تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى» 1994 ـ يىلى 3 ـ نەشرى 199 ـ 200 ـ بەت).

43. جۇڭگو ئەدەبىياتى

(1) فاڭجېن، سىياسەت، قانۇن؛

(2) ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ۋە تەنقىد (ئەدەبىي باھا)؛

(204) ئەدەبىي تەنقىد تارىخى، ئەدەبىيات ئىدىئولوگىيىسى تارىخى؛

(23) شېئىر، نەزمىي ئەسەرلەر؛

(24) تىياتىر؛

(243) يەرلىك دراما؛

(246) ئوپېرا، ئۇسۇللۇق ئوپېرا؛

(248) كىنو، تېلېۋىزور، رادىئو سىنارىيىلىرى؛

(43.25) ھېكايە؛

(43.253) قولىيازما؛

(257) يېڭى تىپتىكى ھېكايىلەر (رومان، پوۋېست، ھېكايە قاتارلىقلار)؛

(26) نەسر، ئەدەبىي ئاخبارات، خەت ـ چەكلەر، خاتىرە؛

(27) ئېغىز ئەدەبىياتى؛

(28) بالىلار ئەدەبىياتى؛

(291) ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى؛

(292) دىنىي ئەدەبىيات؛

(299) باشقىلار.

(3) ئەدەبىياتچىلار، ئىجادىيەت ئۇسۇلى؛

(31) ئەدەبىياتچىلار؛

(33) ئەدەبىي ئىجادىيەت ئۇسۇلى ۋە تەجرىبىلىرى؛

(4) ئەدەبىيات تارىخى؛

(49) ھەرخىل تىپتىكى ئەدەبىيات تارىخى؛

(493) شېئىر، نەزمىي ئەسەرلەر؛

(494) دراما ئەدەبىياتى؛

(43.495) ھېكايە؛

(496) نەسر، ئەدەبىي ئاخبارات؛

(497) خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى؛

(498) بالىلار ئەدەبىياتى؛

(4991) ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى؛

قوشۇمچە 4 ـ جەدۋەل: جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر جەدۋىلىگە قاراپ ئايرىلسۇن.

(4992) دىنىي ئەدەبىيات؛

(4995) يەرلىك ئەدەبىيات؛

(4999) باشقىلار.

(6) لۇشۈن ئەسەرلىرى ۋە ئۇنىڭ تەتقىقاتى؛

(61) دىۋان؛

(62) توپلام؛

(63) ئايرىم ئەسەرلەر؛

(64) مەخسۇس توپلام؛

(65) ئەسەرلەر تەتقىقاتى؛

(43.67) تەزكىرە؛

(68) مۇندەرىجە؛

(69) باشقىلار.

يۇقىرىدا بىز كۆرۈپ ئۆتكەن «جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى كىتابلارنى تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى» دىكى

«43.291» - جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىغا بېرىلگەن بىردىنبىر نومۇر. بۇ، جۇڭگودىكى 55 ئاز سانلىق مىللەتكە تەڭ بولۇپ، كىتابلارنى مۇشۇ بويىچە تۈرگە ئايرىغىنىمىزدا:

(1) ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئاساسلىرى؛
(2) گۈللىنىشتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى؛
(3) ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا؛
(4) ئۇيغۇر رومانچىلىقى توغرىسىدا؛
(5) ئۇيغۇر كىنو سىنارىيىسى توغرىسىدا؛
(6) ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى؛
(7) ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتى؛
(8) قىرغىز ئەدەبىياتى؛
(9) قازاق ئەدەبىياتى؛
(10) تاتار ئەدەبىياتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا «43.291» تۈرگە ئايرىلىپ قېلىشتەك ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز «43.291» جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى (قوشۇمچە 4 - جەدۋەل) بويىچە تەپسىلىي ئايرىش جەدۋىلىدىن پايدىلانساق، ئۇنداقتا:
(1) فاكجىن، سىياسەت، قانۇن؛
(2) ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ۋە تەنقىد (ئەدەبىي باھا)؛
(23) شېئىر، نەزمىي ئەسەرلەر؛
(24) تىياتىر، ئوپېرا، ئۇسۇللۇق ئوپېرا؛
(248) كىنو، تېلېۋىزور، رادىئو سىنارىيىلىرى؛
(25) ھېكايە، پوۋېست، رومان؛
(26) نەسر، ئەدەبىي ئاخبارات، خەت - چەك، خاتىرە؛
(27) خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى؛
(28) بالىلار ئەدەبىياتى؛
(3) ئەدەبىياتچىلار، ئىجادىيەتچىلەر، ئىجادىيەت ئۇسۇلى؛
(4) ئەدەبىيات تارىخى بولىدۇ. مۇشۇ بويىچە تۈۋەندىكى كىتابلارنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا
(1) ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئاساسلىرى 43.2912؛
(2) گۈللىنىشتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى 43.29116؛
(3) ئۇيغۇر رومانچىلىقى توغرىسىدا 43.2911625؛
(4) ئۇيغۇر كىنو سىنارىيىسى توغرىسىدا 43.29116248؛
(5) ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى 43.291164؛
(6) ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتى تارىخى 43.2911628؛
(7) قىرغىز ئەدەبىياتى 43.29132؛
(8) قىرغىز پوئېزىيىسى 43.2913223 دېگەندەك بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان نومۇرلار بىلەن پەرقلەندۈرۈپ ئايرىغىلى بولىدۇ.

بۇ ماقالىدە ئاساسلىق كۆزدە تۇتۇلغىنى جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلىرى تىل - يېزىقىدىكى ئەدەبىيات تۈرىگە ياتىدىغان كىتابلارنى «جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى كۇتۇپخانىلىرىنىڭ كىتابلارنى تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى» بويىچە ئايرىغاندا، بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان كىتابلارنى ئايرىم - ئايرىم نومۇر بىلەن پەرقلەندۈرۈشتىن ئىبارەت. كىتابلارنى تۈرگە ئايرىشتىن مەقسەت بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ ۋە ئىلمىي ئۇسۇلدا باشقۇرۇپ، ئوقۇرمەنلەرگە قولايلىق يارىتىش. بىز مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللانساق كۇتۇپخانا خادىملىرى كىتابلار جۇغلانمىسى ئىچىدىن ئوقۇرمەنلەرگە كېرەكلىك كىتابلارنى تېخىمۇ توغرا ۋە تېز تېپىپ بېرەلەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن كۇتۇپخانا خادىملىرىنىڭ مۇلازىمەت سەۋىيىسى تېخىمۇ ئۆسۈپ، كىتابلارنىڭ ئۈچۈر تارقىتىش رولى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇلىدۇ.

# ئىنستىتۇتىمىزنىڭ 2000 - يىللىق ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرى

## كىتابلار (13 پارچە)

| ئاپتور | خىزمەت ئورنى | كىتاب ئىسمى | نەشرىيات |
|---|---|---|---|
| ئابدۇلھەمىد مۇھەممەد | ئەدەبىيات فاكۇلتېتى | ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىدىكى مىقدار سۆزلەر قوللانمىسى<br>ماۋزېدوڭ ئىدىيىسى ھەققىدە ئومۇمىي بايان (تەرجىمە ئەسەر) | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى<br>شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى |
| ئالىمجان ئۇبەيدۇللا قاتارلىقلار | خىمىيە فاكۇلتېتى | نابۇر تىلى تېخنىكىسى | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى |
| تۇراپ قاسىم قاتارلىقلار | ئەدەبىيات فاكۇلتېتى | ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى |
| كەرىمجان ئابدۇرەھىم قاتارلىقلار | ئەدەبىيات فاكۇلتېتى | ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكى ئىزاھلىق لۇغىتى | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى |
| غەيۇر ئابدۇقادىر<br>تۇرسۇن خوجا | تىل فاكۇلتېتى | خەنزۇچە سۆزلىشىشتىن 800 جۈملە | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى |
| مۇختار ئابدۇرەشىد | تىل فاكۇلتېتى | باراۋەرلىك، ئاپتونومىيە، تەرەققىيات (تەرجىمە ئەسەر) | شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى |
| ئىلھامجان پەخرىدىن<br>ئابدۇقەييۇم ھەسەن | ماركسىزم - لېنىنىزم ئوقۇتۇش - تەتقىقات بۆلۈمى | ساپا مائارىپى ئاساسىي نەزەرىيىسى | شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى |
| ئەرشىدىن ئابدۇرەھىم قاتارلىقلار | ماركسىزم - لېنىنىزم ئوقۇتۇش - تەتقىقات بۆلۈمى | ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئۈچۈن پېداگوگىكا | شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى |
| تىلىۋالدى ئېبسا | ماركسىزم - لېنىنىزم ئوقۇتۇش - تەتقىقات بۆلۈمى | ئاياللار ۋە بەختلىك ئائىلە<br>ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئۈچۈن پسىخولوگىيە | قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى |
| ئەكبەر ئابدۇلئەزىز | تەنتەربىيە فاكۇلتېتى | پوتبول | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى |
| نۇرمۇھەممەد تۇرسۇن | خىمىيە فاكۇلتېتى | شاپتۇل ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى | شىنجاڭ پەن - تېخنىكا - سەھىيە نەشرىياتى |

# ئىلمىي ماقالىلەر

| ئورۇنلار | ئىنستىتۇتىمىز ئىلمىي ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغىنى | مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغىنى | جەمئىي |
|---|---|---|---|
| سىياسىي - تارىخ فاكۇلتېتى | 23 | 28 | 51 |
| ئەدەبىيات فاكۇلتېتى | 17 | 18 | 35 |
| ماتېماتىكا فاكۇلتېتى | 18 | 7 | 25 |
| فىزىكا فاكۇلتېتى | 15 | 9 | 24 |
| ماركسىزم - لېنىنىزم ئوقۇتۇش - تەتقىقات بۆلۈمى | 13 | 10 | 23 |
| خىمىيە فاكۇلتېتى | 13 | 6 | 19 |
| كۇتۇپخانا | 5 | 14 | 19 |
| ئاممىۋى تەنتەربىيە كافېدراسى | 5 | 7 | 12 |
| تىل فاكۇلتېتى | 6 | 6 | 12 |
| مەكتەپ ئورگىنى، تەھرىر بۆلۈم | 6 | 5 | 11 |
| خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش بۆلۈمى | 5 | 3 | 8 |
| تەنتەربىيە فاكۇلتېتى | 4 | 4 | 8 |
| ئوقۇغۇچىلار خىزمىتى باشقارمىسى | 4 | 2 | 6 |
| ئوقۇتۇش - پەن تەتقىقات باشقارمىسى | 1 | 1 | 2 |
| جەمئىي | 135 | 124 | 259 |

(ئىنستىتۇتىمىز ئوقۇتۇش - پەن تەتقىقات باشقارمىسى پەن تەتقىقاتى بۆلۈمى تەييارلىغان).



قاراخانىلار دەۋرىگە تەۋە ، كۈمۈش
بىلەن نەقش ۋە ئۈچلۈق قالپاقلىق
سانغۇنلار سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ،
ئەرەبچە ھۆسن خەت بار قۇتا .
خوتەن يورۇڭقاش دەريا كۆۋرۈك ئا-
يىغى ( شىمالىي ) ئېقىن ئورنى قۇم-
لۇقىدىن 1988 - يىلى ئۇچرىتىلغان .



يورۇڭقاش دەريا ئاياغ ( شىمالىي )
ئېقىن قۇملۇقىدىن ئۇچرىتىلغان قۇ-
تىنىڭ ئۈستى - ئېغىزلىق تەرىپىنىڭ
ئەينەن فوتوسى .



قاراخانىلار دەۋرىگە تەۋە ،
ئەرەبچە ھۆسن خەت چۈشۈرۈل-
گەن كۆركەم مىس پەتنۇس .
خوتەن شەھەر ئاتچۇي ئوت
ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇ-
لۇش ئورنىدىن 1989 - يىلى
كۆزدە قېلىن توپا قاتلىمىدىن
ئۇچرىتىلغان .



چەشمە زۇلال ۋە هاي- هاي تېرەك


喀什师范学院学报

社会科学版（维文）

主办单位：喀什师范学院
编辑出版：喀什师范学院学报编辑部
印刷：喀什师范学院印刷厂
喀什地区邮政局发行
全国各地邮政局订阅
ISSN 1006 - 4338（国际标准刊号）

刊号：
CN65 - 1013/G4 - W（国内统一刊号）

邮政代号：58 - 114
邮政编码：844000
电话号码：0998（区号）
定价：4.00 元

قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى

( ئىجتىمائىي پەن قىسمى )

قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن چىقىرىلدى
« قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى »
تەھرىر بۆلۈمى تەرىپىدىن تۈزۈپ نەشر قىلىندى
قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
قەشقەر ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى پوچتىخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ
ISSN 1006 - 4338 ( خەلقئارالىق نومۇرى )

نومۇرى :
CN65 - 1013/G4 - W ( دۆلەتلىك نومۇرى )

پوچتا ۋەكالەت نومۇرى : 114 _ 58
پوچتا نومۇرى : 844000
تېلېفون نومۇرى : 2823747

باھاسى : 4.00 يۈەن